شىنجاڭ بويىچە 3 ـ نۆۋەت باھالانغان ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال
第三届新疆社科优秀期刊

# 2007.6 新玉文艺 NEW JADE LITERATURE



# يېڭى قاشتېشى

قويمىچى قويچى

قىز بولۇپ تاشلانسۇن باغرىڭغا ھايات

يىگىتلىك سۈپىتى ۋە يىگىتلىك كىرىزىسى

يۈرەكتىن تۆكۈلگەن تىلەكلەر

يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش

ISSN 1002-9206
12>
9 771002 920009

国际标准连续出版物号:ISSN 1002－929X 国内统一连续出版物号: CN65－1088/I 邮发代号:58－26 定价:5.00元

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# خوتەن ۋىلايىتىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى



خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى يولداش ئەركىن تۇنىياز يىغىن ئەھلىنى يوقلاپ مۇھىم سۆز قىلدى.




خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئىتى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش توڭ ۋېيدوڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەشكىللىشى، خوتەن ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ساھىپخانلىقىدا، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى 24 - ، 25 - سېنتەبىر كۈنلىرى «ساغلاملىق ئارامگاھى» مېھمانخانىسىدا چاقىرىلدى. يىغىنغا ئالاقىدار رەھبەرلەر، ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدىن كەلگەن يازغۇچى، شائىرلاردىن 100 نەپەردىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرازاق سايىم، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، شائىر ياسىن زىلال قاتارلىق يولداشلار تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. يىغىندا خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئىتى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش توڭ ۋېيدوڭ مۇھىم سۆز قىلدى. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى يولداش ئەركىن تۇنىياز ئالدىراشلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ يىغىن ئەھلىنى يوقلىدى ۋە تاماقتا بىللە بولۇپ مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىندا باش شۇجى خۇ جىنتاۋنىڭ مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 8 - قۇرۇلتىيى ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيىدا قىلغان مۇھىم سۆزى، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايىتىمىزنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرى ئۆگىنىلدى. يىغىن قاتناشچىلىرى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان تارىخىي شارائىتتا، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە نېمىنى يېزىش ۋە قانداق يېزىش مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى، مائارىپ، سەھىيە - دورىگەرلىك، يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى ئېكرانغا كۆرسىيە قىلىپ مول ئىجادىيەت ماتېرىيالىغا ئېرىشتى.



ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش ئابدۇرازاق سايىم يىغىنغا قاتنىشىپ سۆز قىلدى.



خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى يولداش ۋاڭ جيەنجۈن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.



خوتەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش خو جيەنشىن يىغىننىڭ خوتەن ناھىيىسىدە چاقىرىلغانلىقىنى تەبرىكلەپ سۆز قىلدى.




«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، شائىر ياسىن زىلال يىغىندا نېمىنى يېزىش ۋە قانداق يېزىش توغرىسىدا تەجرىبە تونۇشتۇرماقتا.



خوتەن ناھىيىسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىمى يولداش ئەكبەر ئابدۇقادىر خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرماقتا.

تۇرسۇنجان مۇھەممەت فوتوسى



# يېڭى قاشتېشى

2007 ـ يىللىق 6 ـ سان

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

(29 ـ يىل نەشرى، ئومۇمىي 158 ـ سان)

## مۇندەرىجە

### پوۋېست

مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم .................. خالتا كوچا (3)

### ھېكايىلەر

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس .................. قويمچى قويچى (27)

تاشقىن .................. كەچلىك تۇرمۇش (34)

### نەزمىي ئەسەرلەر

ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۇرك .................. قىز بولۇپ تاشلانسۇن باغرىڭغا ھايات (38)

غوجامۇھەممەد مۇھەممەد .................. غەزەللەر (39)

ئابدۇرېھىم زۇنۇن .................. سۆيگۈ ناخشىلىرى (40)

ئابدۇلئەھەد داۋۇت تۇركزات .................. تەبىئەتتەك ياشايمەن ھامان (42)

ماموت زايىت .................. ئىككى غەزەل (43)

ئەنۋەر مەگلىك .................. بارخانلاردا چۈش كۆرىدۇ ئەر (43)

ئابلىكىم تالىپ .................. ئىككى سونىت (44)

مۇھەممەدتوختى ئەھمەد .................. ھاياتنىڭ مەنزىلى رەگدار (45)

مۇھەممەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللا .................. سەرساندۇر قارچۇقلار ئۇزاق يوللاردا (45)

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر .................. شېئىرلار (46)

ئابلىپىز توختىمۇھەممەت ئارقۇمى .................. شېئىرلار (47)

ئابدۇرېشىت ئېلى .................. ئاخىرقى ناخشا (48)

بۇخەلچەم تۇردى .................. چوغسىمان يۈرەكنىڭ ئۆگمەكتە رەگگى (48)

ئابلىمىت مىجىت ۋاپادار .................. قەدەھتىكى يۇلتۇزلار (49)

مەمەتئېزىز نۇرمۇھەممەت .................. پارچىلار (50)

ئابلىمىت ياسىن .................. غەزەل (51)

باش مۇھەررىر:

**مىجىت باقى**

(خوتەن ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

**تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مۇھەررىرلەر:

**مەتسېلىم مەتقاسىم**

**داۋۇت ئادىل**

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:

**ئەكبەر سالىھ**

ئىكرام قادىر كەنجى ........................ مەشئۇم تىنىقلار (51)

تۇرسۇنگۈل تەۋەككۈل ........................ خۇش بولدۇڭمۇ ئايرىلىپ مەندىن (51)

ئەمەر ماخسۇت شاھتۈرك ........................ سۆيۈلمىگەن ئەر (52)

زەيتۇنەم مەمتىمىن ........................ نىمانچە تەس ئەركەك ئاتالماق (52)


## نەسرلەر


تۇنساگۈل بارات ........................ يۈرەكتىن تۆكۈلگەن تىلەكلەر (74)

ئەركىن داۋۇت ئوغۇز ........................ ئاچچىق كۈلكە، ياڭراق كۆي (75)

ئادالەت ئابدۇرېھىم ........................ نەسرلەر (78)


## ئەركىن يازمىلار


مەتسېلىم مەتقاسىم ......... مىللىي ئەنئەنىمىزدىكى يىگىتلىك سۈپىتى ۋە نۆۋەتتىكى يىگىتلىك كىرزىسى (53)

داۋۇت ئادىل ........................ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت ھەققىدە ئويلىنىش (72)


## ئەسەر ۋە باھا


ئەنۋەر ھوشۇر ........................ ھاياتقا مۇھەببەت (67)


## فېلىيەتونلار


مەمتىمىن رەجەپ نەشتەرى ........................ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش (79)


## تەرجىمە كۆزنىكى


ئەيچىلىك شېئىرلىرىغا تەقرىز ........................ مۇھەممەت چاۋار (ت) (81)

ئۈچ ئايال ۋە بىر قۇر كىيىم ........................ ئالىمجان ئابلىز (ت) (95)


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى


مۇھەممەتئىمىن قۇربان ........................ يەر شارىدىن كۆچۈش پىلانى (89)


---

مۇقاۋا 1 ـ بەتتە: تارىمدىكى ئوت ........................ ساۋ جيەنبىن سىزغان

مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى: قاينام جاپپار


تەھرىر ھەيئەتلەر:
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدۇللا سۇلايمان
ئابدۇلئەھەد قادىرى
ئالتۇنگۈل رەجەپ
ئەنۋەر ھوشۇر
ئەزىز مۇھەممەت شەمس
تۇرسۇنجان مۇھەممەت
سىدىق قاۋۇز
مجىت باقى
مۇھەممەت چاۋار
مەتنىياز روزى
مەتقاسىم ئابدۇراخمان
مەتسېلىم مەتقاسىم
نۇرمۇھەممەت توختى
ئۆمەر رەجەپ
ئوبۇل ھاشىم

مەسئۇل كوررېكتورى:
ئابدۇرېھىم زۇنۇن
(تەكلىپ قىلىنغان)
تۇرسۇنجان مۇھەممەت

كومپيۇتېردا:
يالقۇن مۇھەممەدروزى



مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم

# خالتا كوچا

## (پوۋېست)

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

—شۇ كۈندىن كېيىن، تەمبەت كۆرۈشمىدىم.

—يائاللا، سەن تازا مۆرىمەس ماخما، ئاران ئىنىدەككە كېلەي دېگەن قۇشقاچنى ئۈركىتىۋېتىپسەندە، ئىستەي، ئىست، تۇمۇچۇقنىڭ ئۆزىكەن ئۇ، — تۇرەك باقى سۆزلىگەچ، ئېغىزىنى چاكىلدىتىپ قويىدى.— ئۇبدان پۇرسەتنى ئۆتكۈزىۋېتىپسەن، بولمىسا ھېلىقى كۈنى گاھ دېسەك، قونىدىغاندەك قىلاتتى. مەيلى، ھېلىمۇ بىر ھەرىكەت قىلىپ باق.

ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن، نېمە مەقسەتتە شۇ گەپلەرنى دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدىم. شۇنداقتىمۇ بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى مېنى بىر خىل قىزغىنلىق ئۆز ئىلكىگە ئالغىلى تۇردى. «بىر قېتىم... ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم كۆرۈشۈپ باقاي...»، «بۇ ئاخىرقى قېتىمقىسى بولسۇن...» ئەمما گۈلپەرىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بىلمەيتتىم. دەل ئاشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭدىن تۇيۇقسىز تېلېفون كېلىپ قالدى.

—ۋەي، مۇسا سادىقما؟

—ھەئە، مەن... سىز... سىز... توختاڭ، ئۆزۈم تاپاي، سىز گۈلپەرىغۇ. قانداق ئەھۋالىڭىز؟ ئۇنتۇپ قالماپسىز ھە!

—ھەر ھالدا ياخشى... ئۇنتۇپ قالامدىغان سىزنى؟ شۇ تاپتا نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

—ئىشخانىدا...

—ئۇنداقتا تېلېفوننى قويۇۋېتەي...

—ياق، ئالدىرىماڭ، گەپ بولسا دەۋېرىڭ، مەن ئىشخانىدا يالغۇز...

—مۇنداق گەپ ئىدى، كەچتە زۆرۈر ئىشىڭىز يوقتۇ؟

—ياق، باشقا ئىشىم يوق.

—ئەمىسە بىزنىڭ ئۆيگە شاققىدە بىر كېلىڭە.

—ماقۇل... —مەن نېمىشقىدۇر ھاياجانلىنىپ تېلېفوننى ئۈزىۋەتتىم. ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرىنى تاپالماي، تولىمۇ تىت ـ تىت بولغانىدىم. مانا ئەمدى ئۆزى تېلېفون ئۇرۇپتۇ. ھە راست، ئۇنىڭ نېمە گېپى باردۇ؟ زېرىككەنمىدۇيا؟ ئۇنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ، ھەر ھالدا سالتاڭ ئەمەسمۇ؟... ياق، چوقۇم بىر ئىش بار... مەن خىلمۇ خىل پەرەزلەرنى قىلغان بولساممۇ، ئەمما ھېچقايسىسىغا كۆڭۈل توختىتالمىدىم. شۇنداقتىمۇ گۈلپەرى بىلەن كۆرۈشۈش ئىستىكى قەلبىمنى چۇلغىۋالغاچقا، گۈلجامالغا كەچتە سىمىنا قوشۇپ ئىشلەيدىغىنىمنى، كەچرەك بارىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، تېلېفون بېرىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇدۇل «يېڭى مەنزىل» تەرەپكە يول ئالدىم.

— كېلىڭ، قېنى ئىچكىرىگە كىرىڭ، — مەن ئىشىك ئالدىغا كېلىپ بولغىچە، ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ، ماڭا ئىللىق تەبەسسۇم قىلغاچ، سەلگىنە ئېگىلىپ سالام قىلغاندىن كېيىن، مېھمانخانا ئۆينى ئىشارە قىلدى. مەن شىرەگە تىزىلغان نازۇ- نېمەتلەرگە قاراپ ھەيران بول-

دۇم.

—بۈگۈن مېھمان چاقىردىڭىزما؟ — سورىدىم كۈلۈمسىرەپ تۇرغان گۈلپەرىدىن.

—ھەئە، چاقىردىم، سىز مەن ئۈچۈن مېھمان ئەمەسما؟

—بۇ... بۇ... ئەمما...

—قېنى ئولتۇرۇڭ...

مەن ئولتۇردۇم. ئەمما، كۆڭلۈمدىكى تۈگۈن ھېچ يېشىلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇنچە ھەشەم ـ دەرىم قىلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدىم. شۇنىڭغىچىلىك ئۇ ئۇدۇلۇمدىكى تېلېۋىزور جايلاشتۇرۇلغان ئۈستەلنىڭ ئاستىن تارتمىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان VCD غا بىر پىلاستىنكىنى سېلىپ قويدى. شۇئان غەمكىن، ئادەمنىڭ يۈرەك باغرىنى ئېزىدىغان، مۇڭلۇق كۈي ياڭراشقا باشلىدى.

—قورسىقىڭىز قانداق؟ — سورىدى ئۇ بىردىنلا.

—قورسىقىم توق. بايىلا تاماق يەۋالغان.

—«سوراپ بەرگۈچە ئۇرۇپ بەر» دەپتىكەن. ئۆزۈم بىلىپ ئاچچىقىۋېرەي... — ئۇ سىرتتىكى ئۆيگە چىقىپ كېتىپ، ھايالشمايلا تەخسىدە يەتتە ـ سەككىز تال سامسىنى ئېلىپ كىردى.

—تېخى قىزىقكەن، قېنى، ئاۋۋال قورسىقىڭىزنى توقلىۋېلىڭ.

—قورسىقىم توق ئىدى. مەيلى، بىر تال يەي، قېنى سىزمۇ ئېلىڭ.

ئۇمۇ بىر تال سامسىنى قولىغا ئېلىپ ئولتۇردى ـ دە، ئاستا ئېغىزىغا ئاپاردى. مەن ھەيران ئىدىم. ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن چاقىرغىنىنى، ئۈستەلدىكى مول نېمەتلەر...

—ئېلىڭە... يەنە بىرنى يەڭ، — دېدى ئۇ مېنىڭ قولۇمدىكى سامسىنى يەپ بولغانلىقىمنى كۆرۈپ.

—بولدى، ھېلىمۇ توق قورساققا بىرنى يەۋەتتىم.

—ئەمىسە زورلىماي، «ئاچلىقتىن توقلۇق يامان» دېيىشىدىكەن. ئەمىسە ماۋۇنى قويۇۋەتكە، — ئۇ بىردىنلا ئېڭىشىپ، ئۈستەلنىڭ ئاستىدىن ئىككى بوتۇلكا ھاراق ئالدى، —ئېقى سىزنىڭ، قىزىلى مېنىڭ.

ھەيرانلىقىم تېخىمۇ ئاشتى. بۇنى كۆرۈپ، ئۇ پىسىڭىدە كۈلدى. شۇئان مەڭزىدە بىر جۈپ زىناق پەيدا بولدى ـ دە، ئۇ تېخىمۇ چىرايلىق، ئوماقلىشىپ كەتتى.

—ھەيران بولماڭ، سىزگە قايسى كۈنى دېدىمغۇ، مەن بۇ نەرسىنى شۇ چاغدا تۇنجى قېتىم ئېغىزىمغا ئالغان. ئەسلى بۈگۈنمۇ ئۇنداق نىيىتىم يوق ئىدى. ئەمما، ئىككىمىزلا ئولتۇرىدىغان بولغاچقا، دېيىشىدىغان گەپلىرىمىزنى تاپالمايدىكەنمىز. شۇڭا، بىر ـ بىرىمىزنى زورلاشماي ئىككى ـ ئۈچ رومكىدىن ئىچىشەيلى، قانداق، بولامدۇ؟!... توۋا، سىزگە دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم...

—نېمە؟ بۇرۇنراق دېمەمسىز ئۇنداق گەپنى، قۇرۇق قوللا كەپتىمەن مانا...

—ھېچقىسى يوق، سىزگە بايام تېلېفوندا دېگۈم كەلمىدى. چىشىم چىقىپ تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئۆتكۈزۈپ باقمىغان. ئەمما، بۈگۈن نېمىشقىكىن ئۆتكۈزگۈم كېلىپ قالدى. ئۆيدە يالغۇز غېرىبسىنىپ ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزسەممۇ ئۆتكۈزىدىكەنمەن. شۇڭا، سىزگە تېلېفون بەردىم، — ئۇ تاتلىقىنە كۈلۈمسىرەپ قويدى، — قېنى قويۇڭە...

شۇ تاپتا ھاراققا مەيلىم يوق ئىدى. بىراق، گۈلپەرىنىڭ بۈگۈن تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «ئىچمەيمەن» دېيەلمىدىم ـ دە، بوتۇلكىلارنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، ئىستاكانلارغا ھاراق قۇيدۇم.

—قېنى ئېلىڭە، تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن.

—بىرگە بولسۇن، قېنى خوش...

—خوشە...

رومكا ئورنىدا ئىشلىتىلگەن ئىككى ئىستاكان يېنىك ئۇرۇلۇپ، بوشقىنە جىرىڭلىدى. مەن تېزلىكتە رومكىنى بىكارلىغاندىن كېيىن، گۈلپەرىنىڭ ئىستاكانىنى ئالدىرىماي لېۋىگە تەككۈزۈپ، خۇددى ھاراقنىڭ تەمىنى تېتىۋاتقاندەك، ئاز ـ ئازدىن سۈمۈرۈپ يۇتىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇردۇم.

—ھېلىقى كۈنى بەكلا ئاچچىق، قىرتاق تۇيۇلىۋېدى، —گۈلپەرى رومكىنى بىكارلاپ، ئالدىدىكى سوۋۇغان چايدىن غۇرتتىدە ئىچىۋەتكەندىن كېيىن دېدى، —تۇنجى ئىچكەچكە، شۇنداق تۇيۇلدىمىكىن ـ يا.

ئارىنى يەنە سۈكۈت باستى. تېلېۋىزوردا ناخشىچى قىزنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ئالمىشىپ تۇراتتى. گۈلپەرى مۇشۇنداق مۇڭلۇق، يۈرەكنىڭ تارىنى چېكىدىغان ناخشىلارغا ئامراقمۇ ياكى كۆڭلىدە بىراۋغا دېگىلى بولمايدىغان ھەسرىتى بارمۇ، ناخشىلار ئالمىشىپ تۇرغان بىلەن مەزمۇنىدىن مۇڭ، دەرد، ھەسرەت، ئۆكۈنۈش ئىپادىلىرى روشەن بىلىنىپ تۇراتتى. مەن ناخشىغا زەن سېلىپ ئولتۇردۇم، پىكىر ـ خىياللىرىم توختاپ قالغاندەك، ھېچنېمىنى ئويلىيالمايدىغاندەك بولۇپ قالغانىدىم.

—ئولتۇرۇپلا كەتتىڭىزغۇ؟ — گۈلپەرى بىردىنلا جىمجىتلىقنى بۇزدى، — سىقىلىۋاتامسىز ـ يا؟

—يا... ياق... ناخشىغا قۇلاق سېلىپ...

—يەنە بىرنى قويۇڭە، ئۆتكەنكىدەك ئازراق قىزىشمىسىڭىز بولمىغۇدەك، ئۆزىڭىزنى قويۇۋېتىپ ئولتۇرۇڭ. يا بىز بۈگۈن كۆرۈشكەن ئادەم بولمىغاندىكىن،

ئۈنتۈپ قالماڭ، بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ماخما.

— ياق، ئۈنتۈپ قالامدىغان... — مەن زورىغا كۈلۈمسىرىدىم، — ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدىكىدەك ئولتۇرىۋاتىمەنغۇ مانا.

— شۇغىنىسى تۇغۇلغان كۈن تورتى تەييارلىمادىم. دوستلىرىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە قاتناشقاندىمۇ، بۇ بىر ئارتۇقچە ئىش ئىكەن دەپ ئويلىغان. بۈگۈنمۇ نەچچە مەرتەم ئېلىۋالايمۇ يا، دېگەننى ئويلىدىم ـ يۇ، ئەمما نېمىشقىكىن ئالغۇم كەلمىدى.

— بۇمۇ بوپتۇ. ئادەم كۆڭلى تارتمىغان ئىشقا ئۇزىنى بەك زورلىسىمۇ بولمايدۇ. ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە كۆڭۈل ئېچىلمىدىغان ئىشلارنى قىلىش كېرەك...

گۈلپەرى گېپىمنىڭ تېگىگە يەتتىمۇ قانداق، «يالت» قىلىپ ماڭا قارىدىيۇ، ئەمما مېنىڭمۇ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ كەپ قىلىۋاتانلىقىمنى كۆرگەندىن كېيىن كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى ـ دە، بوش ئاۋازدا پېچىرلاپ دېگۈدەك دېدى.

— لېكىن، كۆڭۈل تارتىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئادەمگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىۋەرمەيدۇ. تېخى بەزىلىرى ئادەمگە ئۆمۈرلۈك ئازاب، ھەسرەت بەخش ئېتىپ، قانداق قىلىشنى بىلەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزلەرنى نېمە مەقسەتتە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىگەچكە، ئالدىراپ سۆزلىدىم.

— ناتايىن، سىزنىڭ بۇ قارىشىڭىز بىر تەرەپلىمىلىك. تۇرمۇش ئادەمگە بەكمۇ ئادالەتسىزلىك قىلىپ كەتمەيدۇ.

— بولدى تالاشمايلى، قېنى يەنە بىرنى قۇيۇڭە، مەن دېمىسەم، زورلىمىسام ھاراق قۇيمايدىغان ئوخشىمامسىز بۈگۈن... قورقماڭ، تۇگەپ قالسا، دىككىدە چېقىپ ئەكىرىمەن.

— ئۇنداق ئەمەس، ئالدىرىماي ئىچەيلىمەكىن دەپ...

— مېنى يەنە مەست بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلاۋاتامسىز؟ خاتىرجەم بولۇڭ، مەست بولسامۇ، سىزگە ئېغىرلىقىم چۈشمەيدۇ، مۇشۇ يەردىلا ئۇخلاپ قالىمەن.

— مەن ئۇنداق ئويلىمىدىم، قالايمىقان خىيال قىلماڭ.

— مەيلى قانداق ئويلاڭ مەن ئۈچۈن بەرىبىر، بۈگۈن ئاز ـ تولا كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە... — ئۇ سۆزلىگەچ مەن تەڭلىگەن ھاراقنى گۈپپىدە كۆتۈرىۋەتكەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇردى، — قېنى، تانسا ئوينايلى...

گۈلپەرى تېزلىكتە پلاستىنكىنى ئالماشتۇرىۋەتتى.

مەن قولۇمدىكى ھاراقنى ئىچىپ، ئورنۇمدىن تۇرغىچە، يەڭگىل، شوخ، ئۇدارى كۈچلۈك مۇزىكا ياڭراشقا باشلىدى. بىز تانسىغا چۈشتۇق. ئۇنىڭ ھەرىكىتى سىپايە، يېنىك بولۇپ، مۇزىكا رېتىمىغا ماسلاشقان ھالدا تانسا ئويناماقتا ئىدى. مەن ھەيران بولدۇم. ئۇنىڭ تانسىغا مۇنچىلىك كارامىتى بارلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدىم.

مۇزىكا ئاخىرلاشقاندا، ئۇ ئاۋۋالقى ئورنىغا ئولتۇردى. تېخى ئەمدى ئۈچ رومكا ئىچكىنىمگە قارىماي، ھاراق تەسىر قىلىپ، قانلىرىم كۆۋەجەۋەتقاندەك، بەدەنلىرىم ئاز ـ تولا قىزىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. گۈلپەرىمۇ بارغانسېرى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— قېنى بىرنى... — مەن ئۇنىڭغا ھاراق تەڭلىدىم. ئۇ قولىغا رومكىنى ئېلىپ، بىردىنلا ھەسرەتلىك ھالدا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى.

— كىچىك چاغلىرىمدا مەھەللىمىزدە ئايدا ـ يىلدا بىر قېتىم كىنو كۆرەتتىم. شۇ چاغدا كىنودا بىر كىمنىڭ ھاراق ئىچكىنىنى كۆرسەم، ئۆزۈمچىلا بىر قىسما بولۇپ قالاتتىم. سەل ئەقلىمگە كېلىپ، تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، يېزا بازىرىدا بىرەرىنىڭ كۆپ ئىچىپ مەست بولۇپ قالغىنىنى كۆرسەم، «ئاشۇنداق ئاچچىق نەرسىنى نېمىشقا ئىچىدىغاندۇ بۇ ھاراقكەشلەر» دەپ ئويلاپ، ئۆزۈمچىلا سەسكىنەتتىم. مانا ئەمدى ئۆزۈممۇ بىلىپ ـ بىلمەي مۇشۇ يولغا كىرىپ قالدىم، — ئۇ بىردىنلا ئىستېھزا بىلەن كۈلدى. ئەمما، كۈلكىسىدە ھەسرەت، مۇڭ، نادامەت، ئەپسۇسلىنىش ئالامەتلىرى روشەن بىلىنىپ تۇراتتى، — بەلكىم سىزمۇ ئېغىزىڭىزدىن چىقىرالمىغان بىلەن، «گۈلپەرىمۇ تازا بىر ئىچەرمەنمۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ قالغانسىز. ئەمما، مەن بولارنى سىزگە بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن. تەقدىر مېنى مۇشۇ قىسمەتلەرگە گىرىپتار قىلدى. لېكىن، مەن تەقدىردىن ئەمەس، ئۆزۈمدىن، ئۆزۈمنىڭ نادانلىقىمدىن ئۆكۈنىمەن... قېنى، بۇنى كۆتۈرىۋېتەيلى.

رومكىلار بىكار بولغاندىن كېيىن، بىز بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ ئولتۇردۇق. نېمىشقىكىن گۈلپەرى بىردىنلا شۈكلەپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، نەپسى تېزلىشىشكە باشلىغانىدى. مەندىكى بايامقى قورۇنۇش تۈگىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھېچقانداق تىجارەتنىڭ يولىنى تۇتماي ھەممە ئادەم ئىنتىلىدىغان، كۆز تىكىدىغان ئاۋات رەستىدىن سېتىۋالغان تاۋار ئۆيدە ئولتۇرىۋاتقانلىقى مېنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

— خىيالغا چۆمۈپ كەتتىڭىزغۇ؟ قارىغاندا ھاراققا خېلى كۆتۈرۈشلۈك ئوخشايسىز! گىرادوسىڭىز ئۆرلىمەگەن بولسا لىقراق قۇيۇپ بىرنى ئىچىۋېتىڭ بولمىسا...

—ياق، ئادەتتىمۇ كۆپ ئىچمەيمەن، كەم سۆزلىكىمدىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدىم.

—نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمەن، بايام دېگىنىدەك تەقدىر دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن. شۇڭا، ئىنسان ئۆز تۇرمۇشىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئالدىن بىلەلمەيدىكەن، كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلارنى قەلبىگە پۈكىدىكەنۇ، ئەمما نادانلىقتىن ئۆزى بىلمىگەن، سەزمىگەن هالدا نۇرغۇن قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، شور پېشانە بولۇپ قالىدىكەن...

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ «بۇ خېلى ئوقۇغان ياكى ماتېرىياللارنى كۆپ كۆرىدىغان قىز ئوخشايدۇ» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم ـ دە، ئۇنىڭ كۆڭۈل يارىسىنى تاتىلاپ، شىكەستىلەنگەن قەلبىنى ئازابلىماسلىق ئۈچۈن گەپ تېمىسىنى يۆتكىمەكچى بولدۇم.

—بۇ ئىشلارنى ئويلاۋەرمەڭ، گۈلپەرى، هايات بەلكىم سىز دېگەندەك قىسمەتلەرگە بايدۇ. ئەمما، ئۇ يەنىلا گۈزەل، شۇڭا...

—ياق، —ئۇ بىردىنلا گېپىمنىڭ بېلىگە تەپتى، —بەزىدە ئويلاپ قالىمەن. مەن قايسى گۇناهىم ئۈچۈن مۇشۇنداق دىشۋارچىلىققا ئۇچرايمەن؟! قايسى گۇناهىم ئۈچۈن؟!... ئويلىغانسېرى قەلبىم غەشلىككە تولۇپ، بىئارام بولۇپ كېتىمەن. بەلكىم سىزمۇ مېنىڭ مۇشۇنداق هەشەمەتلىك تۇرمۇش ئىچىدە يۈرۈپمۇ هەسرەتلىنىشىمگە هەيران بولىدىغانسىز. بۇنى ئېغىزىڭىزدىن چىقارمىغىنىڭىز بىلەن، بايام چىراي ئىپادىڭىزدىن سەزدىم. كۆڭلىڭىزدىن نۇرغۇن گۇمانلار كەچتى. راست گەپنى قىلسام، مۇشۇ تاپتا نېمىشقىكىن بېشىمدىن ئۆتكەن كەچمىشلىرىمنى ئېيتىپ بەرگۈم كېلىۋاتىدۇ. قانداق، ئاڭلاشنى خالامسىز؟

—خالايمەن، قۇلىقىم سىزدە گۈلپەرى.

گۈلپەرى بىر دەم جىم بولۇپ قالدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا ئۆز قىسمىتىنى نەدىن باشلاشنى بىلمىگەندەك قىلاتتى. ئۇ بىر هازا ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىردىنلا سۆزلەشكە باشلىدى:

—مەن يىراق بىر شەهرادا تۇغۇلغان ئىكەنمەن. ئەقلىمگە كەلسەم، دادام يوق ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئۆيىمىزدە ئانام بىلەن ئىككىمىزلا بار ئىدۇق. ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغان چاغلىرىمدا دادامنىڭ هاشارغا چىققاندا، ئۇلۇغ كەلكۈندە ئېقىپ كېتىپ، جەسىتى بىر كۆلنۈك يىراقلىقتىكى لايداڭلىقتىن سۈزۈۋېلىنغانلىقىنى ئۇقتۇم. يۇرتىمىزدا قىز بالىنىڭ تۇپراق بېشىغا بارىدىغان ئادىتى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ قەيەردىلىكىنى ئۇقمايتتىم. ئانام بەزىدە ئالا گۇگۇمدا چىقىپ كېتەتتى ـ دە، خېلى هايال بولۇپ قايتىپ كېلىپ:

—داداڭنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كەلدىم، قىزىم. ئۇ بىچارىنىڭ بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيادا بىزدىن ئۆزگە هېچنېمىسى يوق، يۇرتىمىزدا ئايال كىشىنىڭ قەبرە بېشىغا چىقىشىنى يامان بىلىدۇ. ئەمما، ئۇ رەهمەتلىك تولا چۈشۈمگە كىرسە، تۇتقان ـ قويغىنىمنى بىلەلمەي قالىدىكەنمەن. شۇڭا، مەنمۇ خالىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ، تۇپراق بېشىنى سىرىپ ـ سۈپۈرەلمەيمەن. سەن ئوغۇل بالا بولغان بولساڭ، قانداق ياخشى بولاتتىكىن، هېچ بولمىسا پەيشەنبە كۈنى مازار بېشىغا بېرىپ، دۇئا قىلىپ يانساڭ، روهى قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەتتىكى ئۇ بىچارىنىڭ، — دېگىنىچە ئۈنسىز ياش تۆكەتتى. بۇنداق چاغدا ئانامغا بىردىنلا ئىچىم ئاغرىپ قالاتتى. سىزگە راست گېپىمنى دېسەم، ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئادەم مەڭگۈ چوڭ بولماي بالا پېتى تۇرسا ياخشى دەپ ئويلاپ قالىمەن. غەرەز ئۇقمايدىغان چاغدا ئادەم قورساق غېمى، تۇرمۇش هەلەكچىلىكى، مۇهتاجلىق دېگەنلەرنى ئويلىماي بىغەم هالەتتە يۈرۈيدىكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارا ـ بارا ئەقلىمگە كېلىپ ئانامغا ئىچىم ئاغرىشقا باشلىدى. ئەتىگەندە ئۇپۇق سۈزۈلمەستە ئورنىدىن تۇرۇۋالسا، ئېغىر ياتقۇ بولغۇچە تېنىم تاپمايتتى. مېنى مەكتەپكە ماڭدۇراتتى. ماللارغا ئوت بېرەتتى. ئەرلەردەك ئېتىزلىقنىڭ ئىشىنى قىلاتتى. ئەمما، بىرەر قېتىم زارلانغىنىنى ئاڭلىمايتتىم. ئۇ دادامنىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئوتۇمدا كۆيۈپ، سۈيۈمدە ئاقاتتى. مەن تولۇقسىزنى پۈتتۈرگەندە، ئۇ يەنە ئۆرلەپ ئوقۇشۇمنى خالىغان بولسىمۇ، ئەمما مەن كەسكىن رەت قىلغانىدىم.

—ياق، ئانا، ئەمدى ئوقۇمايمەن، ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرەي.

—ئۇنداق دېمە بالام، داداڭ رەهمەتلىك دائىم: «خان قىزىم تېزرەك چوڭ بولسا، ۋەجى ـ خەجىمدىن ئايرىلىپ قالسامۇ، بېشى ئاقارغۇچە ئوقۇتىمەن» دەيتتى. مەرهۇمنىڭ روهى قورۇنۇپ قالمىسۇن.

—راست ئانا، مېنى نېمە دېسەڭ دە، تىللىساڭمۇ، ئۇرساڭمۇ مەيلى، مەن ئەمدى ئوقۇمايمەن. قولۇمدىن كېلىشىچە ساڭا ياردەملىشىپ، يۈكۈڭنى يەڭگىللىتىشكە تىرىشىمەن.

ئېسىمدە قېلىشىچە ئۇ شۇ چاغدا كەپتەر باچكىسىدەك بوغۇلۇپ، دەمدەردەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتكەنىدى. ياشلىرى كۆزىدىنلا ئەمەس، پېشانىسىدىن، چاچلىرى ئارىسىدىن ئېقىۋاتقاندەك ئىدى. مەنمۇ ئانامنىڭ يىغىسىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يىغلىغانىدىم.

—راست ئوقۇمامسەن، بالام؟

—ھەئە ئانا، ئەمدى تەمبەت ئۇقۇمايمەن.

—كېيىن پۇشايمان قىلىپ، «ئىسىت، ئىسىت، شۇ چاغدا ئانامنىڭ سۆزىگە كىرىپ، يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇسام بوپتىكەن» دەپ پۇشايمان قىلارسەنمىكىن؟

—ياق، پۇشايمان قىلمايمەن. بۇ چىن پىششىق سۆزۈم ئانا، ماڭا ئىشەن.

ئۇ مېنى كۆندۈرۈشكە خېلى تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باقتى، يالۋۇردى، پوپوزا قىلدى. ئەمما، مەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بولغاچقا، سۆزىگە كىرگۈزەلمىدى. شۇنداق قىلىپ مەنمۇ ئانامغا يانتاياق بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىز دەرياسىدا ئېقىشقا باشلىدىم. ماللارغا ئوت ئالدىم. ئېتىزلىققا بېرىپ چامام يېتىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدىم. بۇنىڭدىن ئانام خېلى خۇشال بولۇپ قالدى. مەكتەپتىن توختاپ، ئىككىنچى يىلى يازدا ئانام ئۇن تارتىمەن دەپ قوشنىمىزنىڭ ھارۋىسىنى تىلەپ، تۈگمەنگە كەتتى. مەن ئۆيدە بىكار ئولتۇرغۇچە ئوت ئوتاي دەپ ئېتىزلىققا كەلدىم ـ دە، ئىشقا تۇتۇندۇم. بۇ بۇغدايلار قىر ياپقان، تازا بوغۇم سۈرۈپ، باش چىقىراي دېگەن مەزگىل ئىدى. بىزنىڭ يەر مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى شورلۇق ئويماندا بولغاچقا، يەر كەم قۇۋۋەت بولغاچقىمىكىن، ئوت بېسىپ كەتكەنىدى.

—ئوت ئېلىۋاتامسەن قىزىم؟ — تۇيۇقسىز يېنىمدىلا ئاڭلانغان ئاۋازدىن چۆچۈپ، بېشىمنى كۆتۈردۈم، ئالدىمدا قوشنىمىز خەلچەمخان ئانا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

—ھەئە، —مەن قىسقىلا جاۋاب بەردىم.

—ئاناڭچۇ؟ ئۆيدە قالدىما؟

—ياق، تۈگمەنگە كەتتى.

—ھە... —ئۇ بېشىنى لىڭشىتقاچ ماڭدىيۇ، ئەمما بىردىنلا قەدىمىنى توختىتىپ، يەنە سورىدى:

—بىر گەپ بار ئىدى بالام، ساڭا دېسەم بولارمۇ؟

ئۇنىڭ ئىككىلىنىش ئىپادىلىرى روشەن بىلىنىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ، ئاستا بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئۇ يېنىمغا قايتىپ كەلدى ـ دە، ئېتىزنىڭ قىرىدىلا ئولتۇردى.

—ئەسلى بۇ ساڭا دەيدىغان گەپ ئەمەستى بالام، ئەمما چوڭ بولۇپ قالدىڭ، ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈچىلىكىڭ بار. شۇڭا دەۋاتىمەن. ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئاناڭ بىچارىگىمۇ تەس بولىۋاتىدۇ. داداڭ رەھمەتلىك قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ بىچارىنىڭ بىر كۈنىمۇ ئۇھ دەپ دەم ئېلىپ باققىنىنى بىلمەيمەن. بىر مورىدىن ئىس چىقىرىشنىڭ تەسلىكىنى ئۆي تۇتۇپ باققان ئادەم بىلىدۇ. ئاناڭ بىچارىگىمۇ ئۇۋال، ئۇ سېنى زاكاڭدىكى چاغدىن باشلاپ، مۇشۇنچىلىك ئادەم قىلغۇچە ئاز جاپا تارتمىدى. كۆڭلى ئاغرىسىمۇ، مۇھتاجلىق تارتىسىمۇ، سېنىڭ بوينۇڭنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا قىسىلدۇرمىدى. ئۇنىڭغا بىزنىڭمۇ ئىچىمىز ئاغرىيدۇ. بەزىدە كۆڭلىگە تەسەللىي بېرىمىز. ئەمما، نېمە ئامال؟ باشقىلار تارتقان دەردنى تەڭ تارتىشىپ بەرگىلى بولمايدىكەن. پەقەت قولىمىزدىن كېلىدىغىنى ئۇنىڭغا چىرايلىق گەپ قىلىپ، دەرد تارتىپ، سۇ بولۇپ ئېقىۋاتقان كۆڭلىنى ياساشكەن، ساڭا دېسەم قىزىم، سەن ئۇنىڭ ئۈمىدى. شۇڭا، نۇرغۇن يەرلەردىن ئەلچى كەلسىمۇ، «قىزىمنى ئۆگەينىڭ قولىدا چوڭ قىلمايمەن» دەپ پەقەت ئۇنىمىدى...

ئۇنىڭ سۆزلىرى مېنى قىزىقتۇرۇپ قويىۋاتاتتى. شۇڭا، قولۇمدىكى ئوتنى تاشلاپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم.

—ئايال كىشى دېگەن ھامىنى ئايال كىشى بالام، بىر ئۆي دېگەندە، ئەر كىشى بولمىسا بولمايدۇ. بۇلارنى سەن ھازىر چۈشەنمەيسەن، كونىلاردا «ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ بولسۇن، ساتما بولسىمۇ ئۆيۈڭ» دېگەن گەپ بار. ئېغىرنى يېنىك، يىراقنى يېقىن قىلىدىغان ئادەم بولسا، ئاناڭ بىچارىمۇ بۇنچىۋالا جاپا تارتمايتتى. بىراق، ئۇ سېنىلا ئويلايدىكەن. يېقىندىن بېرىمۇ نەچچە يەردىن ئەلچى كەلگەن ئوخشايدۇ. ئەمما، ئاناڭ «شۇنچە يىلدىن بېرى، قىزىمنى دەپ مۇشۇ كۈنگە كەلدىم. ئەمدى بۇ ئىشلارنى ئويلىماي، ئاۋۋال كۆزۈمنىڭ ئوچۇقچىلىقىدا قىزىمنى ياتلىق قىلىۋالاي، قالغان ئىشلارنى كېيىنچە بىر نەرسە دېيىشەيلى» دېگۈدەكمىش. مەنمۇ خېلى نەسىھەت قىلدىم. بىراق، سۆزۈمنى ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس. يەنىلا ساڭا تارتىشىدىكەن. سەنمۇ ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن كېيىن، قانات ـ قۇيرۇقۇڭنى چىقىرىپ، ئۇچۇپ كېتىسەن، يەنىلا ئاناڭ بىچارە تىكەندەك يالغۇز قالىدۇ. ئۇ چاغلاردا ئوبدانىراق يەردىن پاتەمخاننىڭ قامىدا، لايىقىدا لايىق چىقامدۇ ـ چىقمامدۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئاناڭمۇ خەقلەر ئىززىتىنى قىلغاندا، بېشىنى ئۇڭشىۋالسا، ساڭىمۇ ياخشى. ئاغرىغان چىشنى قاچانلا بولمىسۇن تارتقۇزىۋەتكۈلۈك، بولسا بالدۇرلا تارتقۇزۇپ، دەرد ـ ئەلەمدىن بىراقلا قۇتۇلغان ياخشى. شۇڭا، ئەگەر ئۆيدە مۇشۇ توغرىسىدا بىرەر سۆز بولۇپ قالسا، ئاناڭغا نەسىھەت قىل، ئەمدى جاھىللىق قىلمىسۇن.

مەن «ماقۇل» دېگەندەك بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئۇ مېنى بىردىنلا باغرىغا باستى ـ دە، چاچلىرىمنى سىلاپ قويدى.

—سەنمۇ تېخى ئۆلۈشكۈنلا ئېغى ئوچۇق ئىشتان كىيىپ يۈرەتتىڭ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىك چوڭلا ئادەم بولدۇڭ، ئەقىل تېپىپ قالدىڭ بالام، ئاق بىلەن قارىنى، پايدا بىلەن زىياننى ئاڭقىرىسەن، شۇڭا بۇ گەپ-

نۇر كىتاب www.nurkitap.com

لەرنى دەۋاتىمەن. ئاناڭ بىچارىگە ئىچىڭ ئاغرىسۇن. ئۇنىڭ ھەر قانچە گۇناھى بولسىمۇ، مۇشۇ چاققىچە تارتقان دەردلىرى، ئازابلىرى يېتەر...

يۈزۈمگە بىردىنلا يامغۇر ياغقاندەك، بىر تامچە ياش تامچىلىدى. مەن ئەندىككەندەك بېشىمنى كۆتۈردۈم. خەلچىخان ئانام يىغلىغانىدى.

—بولدى، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، مەن چوقۇم سىز دېگەندەك قىلىمەن.

—ئوبدان بالام، مانا غەرەز ئۇقىدىغان بولۇپ قاپسەن، رەھمەت ساڭا... مەن ماڭاي، ئېتىزلىقتا ئىشىم بار ئىدى.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن قولۇم پەقەتلا ئىشقا بارمىدى. ئانامنىڭ مېنى دەپ مۇشۇ چاققىچە چىداپ كەلگەنلىكىنى ئويلاپ، يۈرىكىم ئېچىشتى. شۇ چاغدا تۇنجى قېتىم «نېمىشقا ئوغۇل بولۇپ تۇرەلمىگەن بولغىيتتىم» دېگەنلەرنى ئويلىدىم ـ دە، چوقۇم مۇۋاپىق پۇرسەتتە بۇ توغرىلىق ئېغىز ئېچىشنى نىيەت قىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن خېلى پەيت كۈتتۈم. ئەمما، نېمىشقىدۇر بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچاي دېدىمۇ، لېكىن يەنىلا جۈرئەت قىلالمىدىم. مەھەللىمىزدە سايىم ساقى دەيدىغان بىرى بار ئىدى. ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى ھەپتە قارارىدا ئالدۇرۇپ تۇرمىغاچقىمۇ، كىشىگە قېرىپ، ماغدۇرىدىن كەتكەندەك تۇيغۇ بېرەتتى. باشقىلاردىن ئۇنىڭ ئايالىنىڭ خېلى يىللار ئىلگىرى قازا قىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزى تەنھا ھالدا توقايلىقتىكى ئۆيىدە يالغۇز ياشايدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ ياۋاش ئادەم بولۇپ، مەھەللىدىكىلەر ئۆيلىرىدە ئىش چىقسا، دەرھال ئۇنى ئەسكە ئېلىشاتتى ـ دە، بالىلىرىنى بۇيرۇپ، چاقىرتىپ كېلىپ، ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرەتتى. ھەتتا مەھەللىدىكى ئاياللار ئەرلىرى ئۆيدە يوق چاغلىرىدا ئوتۇن يېرىش، سۇ توشۇش دېگەندەك ئىشلارغا بۇيرىسىمۇ، غىڭ قىلماي ماڭاتتى ـ دە، ئۇلار سۇنغان بىرەر قاچا تاماق، بىرەر نانغا شۈكرى قىلىپ، يولىغا جۆنەيتتى. مەن سايىم ساقىنى مەھەللىدە كۆپ كۆرەتتىم، ئۇ يەردىن ئۇستۇن قارىماي ماڭاتتى، بەزىدە مەھەللىدىكى بىكار تەلەپلەر ئۇنى كۆرسە گەپكە سېلىشقا باشلايتتى.

—سايىم ساقى، نەگە ماڭدىڭىز؟

—ئاۋۇ يەرگە... — ئۇ قولى بىلەن كېتىۋاتقان يۆنىلىشنى كۆرسەتتەتتى.

—بەك ئالدىراشقۇ؟ جىددى ئىش بارما؟...

—ئەمدى شۇ ئىنسانچىلىق، ئادەم دېگەن مۇشۇنداق ئالدىراش ياشايدىغان گەپكەن.

—مېڭىشقا مۇشۇنداق ئالدىرىغاندەك، خوتۇن ئېلىشقىمۇ ئالدىرايلى ئەمدى. ئۆمرۈڭلار بىكار ئۆتۈپ كەتمىسۇن. ھېلىمۇ سالتاڭ يۈرگىلى نەچچە يىل بولدى. ئەر كىشى يالغۇز ئولتۇرۇپ كەتسە ئوبدان بولمايدۇ ماخما.

—مەنمۇ شۇ ئويدا، ئەمما ھېچ ئېپىدە بىرەر لايىق يوق. خۇدايىم بۇيرۇسا كۆزىچە بىر گەپ بولار.

— كۆزمۇ كېلىۋاتىدۇ سايىم ساقى، ئىككى تىزىڭلىنى قوچاقلاپ ياتقان بىلەن بولمايدۇ. يوتقاننى يالغۇز ئىسسىتالمايسىلە. شۇڭا، خىيالىڭلىنى بىر يەرگە يىغىڭلار.

—خۇدايىم بۇيرۇسا...

—...

مەن بۇنداق سۆزلەرنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغانىدىم. ئەمما، نەچچە كۈز، قىش، ياز ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولمىغانىدى. ئايال كىشى ھەر قانچە چىدام ـ غەيرەتلىك بولسىمۇ، دېھقانچىلىقنىڭ ھەممە ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالمايدىكەن. تېرىش، يىغىۋېلىش ۋاقىتلىرىدا ئۇ چاقىرمىساقمۇ پەيدا بولاتتى ـ دە، ئىشلىرىمىزغا بىر ـ ئىككى كۈن قارىشىپ بېرەتتى. ئەمما، ئانام پۇل تەڭلىسە، ئالغىلى ئۇنىمايتتى.

—يانلىرىغا سېلىپ قويسىلا پاتەمخان، مەن ئىشلىرىنى پۇل ئۈچۈن قىلمىدىم. مېنى مەدىكاردەك كۆرمىسىلە...

سايىم ساقىنىڭ قايسى مەقسەتتە بۇنداق دېگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئۇقمايتتىم. بەزىدە ئۇ توساتتىنلا پەيدا بولاتتى ـ دە، ئانام ئەتكەن تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يەپ، ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈن دۇئا قىلغاندىن كېيىن خوشلىشىپ چىقىپ كېتەتتى. خەلچىخان ئانام بۇغدايلىقتا ماڭا ھېلىقى گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن، سايىم ساقىنىڭمۇ شۇنداق خىيالى بارمۇ نېمە، دېگەنلەرنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. ئەمما، بۇنداق گەپنى ئانامنىڭ ئۆزىدىن سورىيالمايتتىم. بىر كۈنى سايىم ساقى تۇيۇقسىزلا كەلدى. بۇ چاغدا ئانام سۇيۇقئاش ئەتكەن بولۇپ، سايىم ساقى ئىككى چىنە ئاشنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، ئۈسكىلەك ساقاللىرىنى سىپاپ تۇرۇپ، دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

—ئېيەدە پىتكە ئىشىم بار ئىدى. مەن ياناي، پاتەمخان.

—ئولتۇرماملا؟ —ئانام رەسمىيەت يۈزىدىن شۇنداق دېدى ـ دە، سايىم ساقىغا لاپپىدە قارىدى.

—خوش، خۇدايىمغا ئامانەت. بىكار بولسام يەنە كېلەرمەن.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن، ئانام داستىخاننى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا خىيالىمدىن كەچكەن ئوي بىلەن ئانامدىن سورىدىم.

— سايمكام قانداقراق ئادەم ئانا؟

ئانام ماڭا قارىمايلا جاۋاب بەردى:

— بىلىپ تۇرۇپ سورايسەنغۇ؟ ئۇ دېگەن خۇدا-يىمىنىڭ مۆمىن بەندىسى.

— مېنىڭمۇ شۇنداق دادام بولغان بولسا، ئوبدان بولاتتى ـ ھە، ئانا!...

ئانام بىردىنلا كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ماڭا چەكچىيىپ قارىدى ـ دە، بىردىنلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ تاشلىدى. بۇنى كۆرۈپ نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم.

— بولدى، يىغلىما ئانا، مەن... مەن خاتا گەپ قىلدىم.

ئۇ بىر دەم ئېسەدەپ يىغلىغاندىن كېيىن، ئاۋازىنى پەسەيتتى.

— مېنى تىنچ، خاتىرجەم ياشىسۇن دېسەڭ، بۇنـدىن كېيىن بۇنداق گەپلەرنى ئىككىنچى ئېغىزىڭغا ئالما بالام، داداڭ رەھمەتلىكنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ.

مەن «ماقۇل» دېگەنىدەك بېشىمنى لىڭشىتتىم ـ دە، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ گەپنى ئېغىزىمغا ئالمايدىغان، ھەتتا خىيال قىلمايدىغان بولدۇم. شۇ ئىشتىن كېيىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى، تازا ئېسىمدە يوق. بىر كۈنى پېشىن مەھەللە ئېتىزلىققا باردىم ـ دە، قوناقلىقتا بىراۋنىڭ ئۇنلۇك ـ ئۇنلۇك گەپ قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قەدىمىنى توختاتتىم.

— بۇنداق جاھىللىق قىلماڭ پاتەمخان، سىزگە بۇ گەپنى دېگىلى تۇرغىلى نەچچە يىل بولدى. لېكىن، بەك تاش يۈرەكلىك قىلىۋاتىسىز، ئۇنىڭ قارىسىنى قاچانـغىچە تۇتىسىز...

مەن داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. بۇ مەھەللە باشلىـقىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— «قېرىغاندا قېرى تاتۇق، قېلىقلىرى ئۇنىدىن ئارتۇق» دېگەنىدەك ئىش قىلمىسىلا، نېمىشقا ماڭا بۇ-دۇشقاقتەك چاپلىشىۋالىدىلا؟

— كۆكۈل دېگەننى باغلاپ قويغىلى بولمايدىكەن پاتەمخان، سىلى ھېچنېمىدىن خەۋەرلىرى يوق يۈرگەنـلىرى بىلەن مەن سىلىگە كۆيۈپ قالدىم ماخما. يا كې-چىسى ئۇيقۇ يوق، يا كۈندۈزى ئارام...

— پوق يېمىسىلە، سىلى دېگەن بالا ـ چاقىلىرى بار، نەۋرە كۆرگەن ئادەم. ياش بۇ يەرگە يەتكەندە، «ئەسـتاغپۇرۇللا شەيتان، توۋا قىلدىم، توۋا» دېسىلە.

— توۋا قىلغانغا كۆكۈل ئۇنىمايدىكەن، پاتەمخان، ئۇنداق قىلىپ كەتمىسىلە، بىر قېتىم بولسىمۇ... سول-غۇن كۆڭلۈمنى ياشىرىپ قالسۇن.

— قولىلىرىنى تارتسىلا دەيمەن. ھېلى باكا رەھ-مەتلىك ياقۇپاخۇننىڭ روھى ئۇرىدۇ سىلىنى...

— سىلىمۇ جاھىللىق قىلمىسىلا، ھە دېسىلا ئۆلگىلى نەچچە يىل بولغان ياقۇپنى ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمەيدىكەنلا، تەتۈر پىشانە بولمىسىلا، ياش تۇرۇپ تۇل ئولتۇرمايتتىلا پاتەمخان، سىلىدىمۇ كۆكۈل دېگەن نېمە باردۇ؟ كۆكۈللىرىگە ئاز ـ تولا سۇ يۇگۇرۇپ...

— تۇفى، ئىززىتىنى بىلمەيدىغان سەت كوسا، مەھەللە باشلىقىكەن دېمىسەم، ھازىرلا ۋارقىراپ شەرمەساز قىلاتتىم.

— ۋارقىراۋەرسىلە، بۇنداق تىنجىق ئىسسىقتا، قوناقلىق دېگەن كۆك سايىغا كېلىدىغان ئادەم يوق. مەنمۇ ۋارقىراشلىرىدىن قورقمايمەن. گېپىمگە كۆنسىلە... مۇ-شۇ... مۇشۇ بىر قېتىم بولسىمۇ...

— ھېلى بىكار...

نېمىشقىكىن مېنى يىغا تۇتقاندەك بولدى ـ دە، ۋارقىرىدىم:

— ئانا... ئانا، سەن نەدە...

شۇ ھامان قوناقلىقتا شالدۇر ـ شۇلدۇر قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى ـ دە، بىر دەمدىلا پەسىيىپ قالدى. خېلىدىن كېيىن ئانامنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— گۈلپەرى، نەدىسەن قىزىم... مەن... مەن بۇ يەردە...

مەن ئاستا ئاۋاز چىققان تەرەپكە باردىم. ئانام ئې-تىزلىقنىڭ قىرىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر نەچچە تۈپ قوناق چەيلەنگەنىدى.

— كەلگىلى خېلى بولدىمۇ قىزىم، — سورىدى ئانام نېمىشقىدۇ ۋىللىدە قىزىرىپ.

— ياق، ھازىرلا كېلىشىم، — مەن قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلىدىم.

— قېنى كەل بالام، يېنىمغا كەل...

مەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ياندىشىپلا ئولتۇردۇم. ئانام مېنى بىردىنلا باغرىغا بېسىپ، بوقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسىغا بەرداشلىق بېرەلمىدىم ـ دە، بويىنىغا گىرە سېلىپ ئېسەدەشكە باش-لىدىم.

شۇ يىلى كۈزدە مەھەللىمىزدە ئاجايىپ بىر ئىش يۈز بەردى. مەھەللە باشلىقلىرى «يېزىنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىمىز» دەپ، تېخى تولۇق تولمىغان، ئۇسىمدەك كۆك قوناقلارنى چاپتۇرىۋەتتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە كۈزگى بۇغدايىنى بۇ يىل بۇرۇن تېرىيدىكەنمىز. ئەمما، يەرلەرنى ئاقارتىپ، تەييار قىلغاندا، يېڭى پەتىۋا چىقار-دى. كىم شۇ يىللىق سۇ ھەققىنى تۆلىسە، ئۇسا قىلىشقا سۇ بېرىدىكەن، بىزنىڭ سۇ ھەققىمىز ئىككى يۈز كوي-دىن ئاشىدىكەن. شۇڭا، ئانامنىڭ بېشىغا تاغ يىقىلدى. نەچچە قېتىم ئېغىلدىكى قوزىلىق قويىنى ساتماقچىمۇ

بولدى ـ يۇ، چىدىمىدى. باشقىلارنىڭ كۆزگىسى ئۇنۇشكە باشلىغاندا بىز تېخىچە ئۇسا قىلمىغاندۇق. بىر كۈنى ئانام كەتمەننى كۆتۈرۈپ ئېتىزغا ماڭدى.

— يەر قوشنىمىز قۇۋان قوزى ھازىر يېرىگە سۇ ئېلىۋېتىپتۇ بالام، مەن بىر بېرىپ باقاي...

— مەنمۇ بىللە بارايمۇ ئانا؟

— ياق، سەن بارما، ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇر...

ئۇ كەتكەندىن كېيىن، ئۆينىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدۇم. بىراق، كۆڭ پېتىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندىمۇ ئانام قايتىپ كەلمىدى. «ئېھتىمال يەرگە سۇ ئاچقان ئوخشايدۇ، ھېلى كېلىپ قالارمىكىن...» مەن شۇلارنى ئويلاپ ئانامنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇردۇم. ئېغىر ئەل ياتقۇمۇ تۈگەپ، خورازلار چىللاشقا باشلىغاندىمۇ قايتىپ كەلمىدى. كۆڭلۈمگە كەلمىگەن خىياللار كېلىپ، ئېتىزلىققا بېرىشنى نىيەت قىلدىم ـ دە، تالاغا چىقتىم. ئەتراپ قاپقاراڭغۇ بولۇپ، ھېچنېمىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. بۇنى كۆرۈپ، مېنى سەل قورقۇنچ باستى. شۇنداقتىمۇ نىيىتىمدىن يانماي، يولغا چىقتىم. شۇ چاغدا بىر ماشىنا ھۇۋقۇيتقىنىچە مەھەللىگە كىرىپ كەلدى ـ دە، ھەممە ئادەمنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىنى بۇزدى. بىردىنلا يوللاردا قول چىراغ كۆتۈرۈۋالغان ئادەملەر پەيدا بولدى.

— نېمە ئىش بوپتۇ؟ مەھەللىگە ساقچى ماشىنىسى كەپتۇيا.

— تېخى ئۇقمىدىڭلىما، پاتەمخان مەھەللە باشلىقى قادىر جامالنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

— ياپىر، قانداق بولۇپ؟

— قادىر جامال سۇ ياقىلاپ ماڭسا، پاتەمخان ئۇچراپ قاپتۇ، ئۇ قىرىغىننى تۇيمىغان پاتەمخانغا ساقال تاشلىغانىكەن، پاتەمخان ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قادىر جامال زورلۇق ئىشلىتىپتىكەن، پاتەمخان كەتمەن بىلەن كاللىسىغا بىرنى ساپتۇ. شۇ يەردىلا تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، پۇت ـ قولۇمدا ماغدۇر قالمىدى ـ دە، يىقىلىپ چۈشتۈم. ئەتىسى ئەتىگەندە كۆزۈمنى ئاچقاندا، بېشىمدا سايىم ساقى بار ئىكەن. ئۇ يىغلىغان ئوخشايدۇ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— ھوشۇڭغا كەلدىڭما بالام؟ مېنى بەك قورقۇتتۇڭ.

— ئانام... ئانام...

— ئاناڭ بار بالام... خاتىرجەم بول، — ئۇ ماڭا كۆپ گەپلەرنى قىلدى. لېكىن، ھېچقايسىسى قۇلىقىمغا كىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. يىغلىغۇم، پەقەتلا يىغلىغۇم كېلىپ تۇراتتى.

ئاشۇ ئىشتىن كېيىن ئانىچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئانامغا يېگىرمە يىللىق ئۆي كېسىۋەتتى. باشقىلاردىن ئاڭلىسام، ئانامدا قەستەنلىك يوقكەن، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈپتۇ. شۇڭا، ھۆكۈمەت كەڭچىلىك قىپتۇ، ئەگەر ئېپادىسى ئالاھىدە ياخشى بولسا، كۆپ دېگەندە ئون يىلدا ئۆيىنى تۈگىتىپ چىقىدىكەن. مەن ئەمدى يەككە ـ يېگانە قالغانىدىم. بىرەر ئادەم بار يەرگىمۇ بارغۇم كەلمەيتتى. قەلبىمدە ئانامنى كۆرۈش ئىشتىقى يالقۇنجاپ تۇرسىمۇ، بىراق خالىغان ۋاقىتتا كۆرۈشتۈرمەيدىغىنىنى ئاڭلىغانىدىم. نەچچە قېتىم ئۆلۈۋېلىشنى، بۇ دۇنيادىن ئۈن ـ تىنسىز كېتىشنى ئويلىغان بولسامۇ، ئەمما ئانامنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرى، ھەسرەتلىك چىرايى كۆز ئالدىمغا كەلسىلا، بۇ نىيىتىمدىن ياناتتىم. مەھەللىدىكىلەر ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ، كۈندە دېگۈدەك تاماق سۇنۇپ تۇراتتى. سايىم ساقىمۇ ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر كېلىپ، بىر ھازا سۆزلەپ كۆڭلۈمنى ياساپ قويۇپ كېتەتتى. شۇ كۈنلەردە خەلچەمخان ئانام مېنى تۇيۇقسىز ئۆيىگە چاقىرتىپتۇ، كىرسەم ئۇ لەڭمەن ئەتكەنىكەن. ئۇ ئۈنىمىغىنىمغا قويماي، مېنى يۇقىرىغا چىقاردى ـ دە، ئاش سېلىپ بەردى. تاماقتىن كېيىن، داستىخان يىغىلغاندا، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇشۇپ سىرتقا مېڭىشتى. مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— سەن جىندەك تۇرۇپ تۇرغىنا قىزىم، ساڭا دېيىدىغان مەسلىھەت بار.

مەن ئۇنىڭ نېمە مەسلىھەتى بارلىقىنى ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن يەنە جايىمدىلا ئولتۇردۇم. ئۇ مېنى تەقەززا قىلماقچى بولغاندەك، بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى.

— ساڭا كۆپ گەپلەرنى قىلىپ، كۆڭۈل ياراڭنى تاتىلىغۇم يوق قىزىم، ئاناڭ بىچارىنىمۇ قارا باستى. كىشىنىڭ ھەققىگە كۆز قىرىنى سالمايدىغان، باشقىلارنىڭ بەختىگە كۆز قىزارتمايدىغان، غەيۋەت ـ شىكايەتتىن يىراق ئۇ مەزلۇمنىڭ بۇنداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇشىنى كىممۇ ئويلىغان قىزىم، ئەمدى قانچە پۇشايمان قىلساقمۇ بىكار، لېكىن ساڭا دەيدىغىنىم، ئاناڭ گۇناھسىز، ئۇ پاختىدەك ئاق ۋە پاك...

خەلچىخان ئانامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، مېنى يىغا باستى ـ دە، كۆزلىرىمدىن ياش يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ، ئۇمۇ يىغلاپ تاشلىدى. ھەر ئىككىمىز يىغىمىزنى پەقەتلا باسالماي قېلىشتۇق.

— بولدى قىل قىزىم. ئەمدى قانچە يىغلىساقمۇ، ئاھ ئۇرۇپ، بېشىمىزنى يېرىۋەتسەكمۇ چىققان كۆز ئۆز ئورنىغا كەلمەيدۇ. شۇڭا، ئۆزۈڭنى ئاسرىغىن. ئاناڭ ھەپسىدىن چىققۇچە، ئۆلۈم ـ بالا ئىش بولسىمۇ، بەرداشلىق

بەرگىن.

ئۇ ئادەمنىڭ قەلبىنى ئىللىتىدىغان نۇرغۇن چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ، مېنى بەزلىدى ـ دە، مىگىبىر بالالىقتا يىغامنى توختاتتى.

ــ گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېسەم، ساڭا تەس بولدى بالام، رەستە بولغان قىز ئۆيدە يالغۇز يۈرسە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھەللىمىزمۇ تىنچ ئەمەس، بەزى ئادەملەر كاسىسىغا بىرنى ئۇرۇپلا، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، ئادەمنى بىر دەمدىلا يۈزىنى كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا، كۆپ ئويلىدىم. سېنى ئۆيگە ئەكىلىۋالاي دېگەنلەرنىمۇ خىيال قىلدىم. لېكىن، بۇنىڭمۇ نۇرغۇن قۇلايسىز تەرەپلىرى بار ئىكەن. كۆپ ئويلىغان بولساممۇ بىر قارارغا كېلەلمىدىم. قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرسام، ناھىيە بازىرىدا سودىگەرچىلىك قىلىدىغان ئىنىم تۈنۈگۈن ئۆيىمىزگە كەپتۇ. ئۇيانىڭ، بۇيانىڭ گېپىنى قىلىشىپ ئاخىرى سېنىڭ گېپىڭ چىقىپ قېلىۋېدى، ئۇنىڭ ساڭا بەكلا ئىچى ئاغرىدى. كېتەر چاغدا «ئاشۇ گۈلپەرى بىلەن كۆرۈشۈپ باقسىڭىز، ئەگەر ئۇنىسا، بۇ يەردە غېرىبسىنىپ يۈرگەندىن كۆرە، مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرسا، كېيىن ئۆيىمىز كۆڭلىگە ياقماي قالسا، قايتىپ كەلسىمۇ بولىدۇ» دەپ تۇرىۋالدى. ساڭا دېسەم قىزىم، ئۇ بىر نەۋرە ئىنىم كاتتا باي. ناھىيە بازىرىدا يۈزى خېلىلا چوڭ. خېلى مەن ـ مەن دەپ كېرىلىپ يۈرۈيدىغان بايلارمۇ ماللارنى ئۇنىڭدىن نىسى ئېلىپ، پايدىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن پۇلنى تۆلەرمىش، ئۇ زىغۇ دېمىدى. ئەمما، باشقىلاردىن ئاڭلىسام، ناھىيىدىكى ھەر كۈنى تېلېۋىزوردا گىدىيىپ چىقىدىغان باشلىقلارمۇ بىرەر يەرگە گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر پاراڭلاشقىلى بارسا، ئاشۇ ئىنىمنى ئېلىۋالىدىكەن. تېخى بەزىدە خۇسۇسىي ئىشلىرى توغرىسىدا ئىنىمدىن مەسلىھەت سورايدىكەن. مەن دېمەكچى قىزىم، ئۇ ئۆيگە بارساڭ تۇرمۇشنىڭ خورلىقىنى كۆرمەيسەن...

ئۇنىڭ سۆزى مېنى نېمىشقىدۇر قىزىقتۇرۇپ قويدى.

ــ ئۇ يەرگە بارسام نېمە ئىش قىلىدىكەنمەن؟ ــ سورىدىم مەن.

ــ ئىنىمنىڭ ئايالى ئۆيدە بىكار ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىكارچىلىقتا ئىچى پۇشۇپ قالىدىكەن. سەن ئۇ ئۆيگە بارساڭ، ئاشۇ ئاچاڭغا ھەمراھ بولىسەن. بىكار قالغان چاغلىرىڭدا ئىنىمنىڭ بالىسىغا قارايسەن.

ــ بومىي بولامدىكەنمەن؟! ــ مەن مەھەللىدىكىلەردىن «شەھەرلىكلەر بالىسىنى باقتۇرۇشقا بومىي سالىدىكەن» دېگەن گەپنى تولا ئاڭلىغاچقا، ئالدىراپ سورىدىم.

ــ تووۋا دېگىنە قىزىم. مېنىڭ سەن بىلەن ئېرىقنىڭ نېمىچىلىك ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقىم بولمىسىمۇ، تۇغۇلغان ۋاقتىڭدىن باشلاپ ئالدىمدا چوڭ بولدۇڭ. ئاناڭ بىلەنمۇ بىر تۇغقاندىن چارە يېقىن تۇرساق، ئەلۋەتتە سەنمۇ مېنىڭ بالامغا ئوخشاش. شۇنىڭ سىڭىرى، مېنىڭ ئۇ ئىنىمنى سېنىڭ كىچىك داداڭ دېسەكمۇ بولىدۇ. شۇنداقكەن، بۇنى سەن دېگەندەك چۈشەنسەك بولماس؟...

مەن ئۈن دېمىدىم. ئەلۋەتتە، ئۇمۇ مېنى يامان يەرگە باشلىمايتتى. بىراق، نېمىشقىكىن كۆڭۈل توختىتالمايۋاتاتتىم.

ــ ئۆي ـ ۋاقامنى، يەرلەرنى قانداق قىلىمەن؟ ــ سورىدىم مەن خىيالىمدىن كەچكەن بىر ئوي بىلەن.

ــ نادانكەنسەن بالام، ئۆيۈڭگە مانا مەن قارايمەن. يەرلىرىڭنىڭ كۆكىنى بىرەرىگە سېتىۋەتسەك بولىدۇ ئەمەسما؟

خەلچىخان ئانام ماڭا ئۇ ئۆيگە بارسام راھەت كۆرىدىغانلىقىم، ھېچنېمىدىن مۇھتاجلىق تارتماي، غەمسىز ياشايدىغانلىقىم توغرىسىدا نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىپ، بىر ـ ئىككى كۈن ئويلىنىپ جاۋاب بېرىشنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدىم. خەلچىخان ئانام دەپ بەرگەن تۇرمۇش مېنى قىزىقتۇرسىمۇ، ئەمما كىمنىڭدۇر قېنىم تۆكۈلگەن مەھەللىدىن ئايرىلغۇم يوق ئىدى. شۇ كۈنى سايىم ساقى ئۆيگە كەلگەندە، مېنىڭ نېمىشقىدۇر خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. مەن ھېلىقى كېلىشمەسلىك يۈز بەرگەندىن بۇيان، كۈندە دېگۈدەك كېلىپ، ھالىمدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان بۇ ئادەمگە ھەممىنى دېدىم.

ــ بۇغۇ بولىدىغان گەپكەن. ئەمما، كېيىن بىرەر شېتىلىسى چىقماس ـ ھە بالام، ــ دېدى ئۇ بىر دەم ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن.

ــ قانداق دەيلا؟ ــ مەن بىردىنلا ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرىگە تىكىلدىم.

ــ ئۇقمايمەن قىزىم، كۆڭلۈمگە ئاشۇنداق تۇيۇلدى. لېكىن، بۇمۇ سۈنى كۆرمەي ئىشتان سالغاندەكلا بىر ئىش. ئەگەر خالىسىڭىز بېرىۋېرىڭ بالام. ئۆيىڭىزگە مەنمۇ قارايمەن. ئەگەر يەرنىڭ كۆكىنى ساتىدىغان ئىش بولسا، باشقىلار قانداق بەرسە، شۇ بويىچە ھەق تۆلەپ، يەرلىرىڭىزنى مەنلا تېراي. ئەمما، ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ۋاقتى قاراردا سىزنى چوقۇم يوقلاپ تۇرىمەن.

ئىككى كۈندىن كېيىن خەلچىخان ئانام مېنى بىر نەۋرە ئىنىسىنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ قويدى. ئۆي ھەقىقەتەن ھەشەمەتلىك سېلىنغانىدى. مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق

چىرايلىق ئۆيىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ يېڭى ھاياتىم باشلاندى. ئۆي ئىگىسى مويدۇن راستىنلا كاتتا باي ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى ـ ئۈچ يەردە دۇكىنى بار ئىدى. دۇكاندا ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئىشلەيتتى. ئۆزى بولسا مال كىرگۈزۈش، ھېساۋات قىلىش دېگەندەك ئىشلارنى قىلاتتى. بەزىدە سىرلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان ماشىنىسىنى ھەيدەپ چىقىپ كەتسە، نەچچە كۈن يوقاپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا مەن ئۇنىڭ ئايالى ئەختەرنىسا بىلەن قالاتتىم. ئۇ چىرايلىق ئايال بولغىنى بىلەن ئىچىدە توگگۈز قاترايتتى. مەن ئەتىگەندىن كەچكىچە بىكار تۇرماي ئىشلىسەممۇ، ئادەمنىڭ قۇچىغىدىن چۈشمەي، قەغىشلىك قىلىدىغان، ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەن مەرداندىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي، نېمە دېسە رايىغا بېرىپ، دېگىنىنى خۇددى ئانام بۇيرۇغان ئىشتەك بىجا كەلتۈرسەممۇ، ئۇ پەقەتلا رازى بولمايتتى. داۋاملىق قىلغان ئىشلىرىمدىن قۇسۇر چىقىرىپلا تۇراتتى.

—ھەي ماڭا قارىڭە، ئۆيدىكى ئىشكاپلارنى پاكىز سۈرتمەپسىز، ئۇ دېگەن بىر تۈمەنگە سېتىۋالغان چەت ئەلنىڭ ئىمپورت قىلىنغان ئىشكاپلىرى ماخما. ئۇنى لۆڭگە بىلەن سۈرتۈشتىن ئىلگىرى بۇلۇتنى يۇيۇپ، باسماي ئاستا ـ ئاستا سۈرتۈڭ، بىرەر يېرىنىڭ سىرى چۈشۈپ كەتسە، كۆرگىلىكىڭىزنى كۆرسىتىمەن.

—...

—قاچا دېگەننى مىس ـ مىسلىق قىلماي شاق ـ شاق يۇمامدۇ كىشى، تېز بولۇڭ، مەردانجان ھويلىغا تاھارەت قىلىپ قويۇپتۇ، پاكىز ئادالىۋېتىڭ، ئاندىن ئاشۇ يەرنى پاكىز سۈرتىۋېتىڭ.

—...

—يائاللا، بۇ ئۆيدە نېمانچە سوپۇن توشمايدىكىن دېسەم، سىز پاتمانلاپ تۆكۈدىكەنسىز ئەمەسما؟ ماڭا قارىڭە خېنىم، بۇ ئۆيدە قۇۋۋەتلىك يەۋاتقاندىكىن قوللىرىڭىزنىڭ ماغدۇرى باردۇ؟ سوپۇن دېگەن پۇلغا كېلىدۇ مانداغ، شۇڭا سوپۇننى ئاز سېلىپ، قولىڭىز بىلەن مۇجۇمامسىز...

—...

—تووۋا... تووۋا. بالا تۇغۇپ باقمىغان ئادەم دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ زادى. مەردانجان بالام بەك يىغلاپ كەتتى. ئۇغۇل بالا دېگەن چىڭقىلىپ يىغلىسا، بىر يېرى چىقىپ كېتىدۇ دەيمەن.

—...

مەيلى نېمىلا ئىش قىلاي، ئۇ قۇسۇر ئىزلەپلا يۈرەتتى. بەزىدە مويدۇن باي ئۆيدە يوق چاغلاردا مەردانىنى ماڭا چاڭگاللىتىپ قوياتتى ـ دە، تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بىر ئاش پىشىم قاراپ ئولتۇرۇپ، گىرىم قىلىپ، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ سىرتلارغا چىقىپ كېتەتتى. ئەمما، ماڭىدىغان چاغدا «ئاكىڭىزدىن تېلېفون كېلىپ قالسا، مېنى چوڭ ئۆيگە كەتتى. ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن دېگەن، دەڭ» دېگەنلەرنى ئېيتىپ قويۇشنى ئۇنتۇمايتتى. ئۇ بەزىدە ئېغىر ياتقۇ مەھەلدە، بەزىدە باش ئەزان ئوقۇغان چاغلاردا ھارغىن ھالەتتە قايتىپ كېلەتتى. مەن ئۇنىڭ قايەرگە بېرىپ، نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى بىلمىسەممۇ، ئەمما ئىشكىنى ئاچقىلى چىققاندا، ئۆرە تۇرالماي دەلدۈگىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قولتۇقلىۋالغان چاغلىرىمدا بۇرنۇمغا ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان پۇراقلار ئۇرۇلاتتى. لېكىن، مويدۇن ئاكام ئۆيدە بار چاغلاردا ئۇ ئۆيدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايتتى. بەزىدە ئەختەرنىسا ئاچام مەندىن ئېۋەن تېپىپ چالۋاقاپ كەتكەن چاغلاردا ئۇ:

—ئاي ـ ھاي، تولا قاينىغان چۆگۈن ئۆزىنىڭ بوينىغا تاشىدۇ ماخما، ئەختەرنىسا. بۇرۇن بۇنداق ئىشلارنى قىلىپ باقمىغان بالا تۇرسا بۇ، يا ئۆزۈڭلا قىلىڭلا، ئۆزۈڭلار قىلمىساڭلا ئاستا ـ ئاستا ئۆگىنىپ قويمامسىلە، ـدەپ مېنىڭ ياتىمنى ئالاتتى. ئايالى يوق چاغلاردا ماڭا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

—بۇ ئايالنىڭ مىجەزى سەل ئۇسالراق گۈلپەرى، ئاتا ـ ئانىسى كىچىكىدىن باشلاپ، كۆزىنىڭ تۆشىكىگە قاراپ چوڭ قىلغاچقىمىكىن، دائىم مۇشۇنداق ئۆز بېشىمچى، شۇڭا ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئانچە كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، ـدەپ تەسەللىي بېرەتتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئازار يېگەن كۆڭلۈم تەسكىن تېپىپ قالاتتى.

—ماقۇل، مويدۇن ئاكا، دېگىنىڭىزدەك قىلاي.

—ئۇنداق دېمەڭ، مويدۇن دېسىڭىز بولىۋېرىدۇ.

—سىز مەندىن چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاكا دېمەتلىك تۇرسىڭىز.

—چوڭ بولسامۇ مويدۇن دەڭ، ھازىر مۇشۇنداق دېگىلى تۇرسىڭىز كېيىن ئۆزگەرتەلمەيسىز.

مەن ئۇنىڭ نېمىشقا ئۇنداق دەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. شۇ چاغدا سوراشمۇ خىيالىمغا كەلمىگەنىكەن. ئۇ ئايالى ئۆيدە يوق چاغلاردا ماڭا بەكلا يېقىنچىلىق قىلىپ كېتەتتى. خەلچىخان ئانام بۇ ئۆيگە ئەكەلگەندە، ئايدا يۈز يۈەننى قولۇمغا تۇتقۇزىدىغانلىقى، ئەگەر پۇلغا ھاجىتىم بولمىسا، مېنىڭ نامىمدا بانكىدا ئامانەت قويىدىغانلىقىنى ئايالىنىڭ ئالدىدا ئېيتقان بولسىمۇ، بەزىدە قولۇمغا بىر مۇنچە پۇل تۇتقۇزۇپ قوياتتى.

—بۇنى يانچۇقىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ. بىرەر نەرسە سېتىۋالارسىز!

—ياق... ياق، ئۇنداق قىلماڭ، مەن تالا ـ تۈزگىمۇ

كۆپ چىقمىسام، سودىلىقىمۇ كۆپ بولمايدىكەن.

—پۇل دېگەن لازىم بولىدۇ. ئادەم دېگەننىڭ يانچۇقىدا ئاز - تولا پۇل بولمىسا بولمايدۇ. راست، سىزگە پۇل بەرگىنىمنى ئاچىڭىزغا تەمبەت تىنىماڭ ماخما، بولمىسا ئۇ ئالەمنى مالەم قىلىدۇ.

ئۇ مېنىڭ ئۇنىمغىنىمغا ئۇنىماي، پۇلنى يانچۇقۇمغا سېلىپ قوياتتى. بەزى چاغلاردا مال ئەكىلىش ئۈچۈن كېتىپ قايتىپ كەلگەندە ياغلىق، كىيىم - كېچەك دېگەندەك نەرسىلەرنى بېرەتتى.

—بۇخچىڭىزغا مەھكەم چىگىڭ، ئاچىڭىز كۆرۈپ قالمىسۇن، ئەگەر سوراپ قالسا، بازاردىن ئالدىم دەڭ.

بۇنداق ئىشلار تەكرارلانغانسېرى مويدۇن مېنىڭ قەلبىمدە مېھرىبان ئاكامدەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئانچە تارتىنىپ كەتمەيدىغان، كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى دېيەلەيدىغان بولدۇم. بەزىدە ئەختەرنىسا ئاچام بازارغا سودىلىققا ياكى سەي - كۆكتات سېتىۋالغىلى چىقىپ كەتكەن چاغلاردا ئىككىمىز مەردانىغا قارىغاچ پاراڭغا چۈشەتتۇق. ئۇ بۇنداق ۋاقىتتا بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كېتەتتى - دە، قىزىقارلىق گەپلەر بىلەن ئۇچەيلىرىم ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك كۈلدۈرەتتى. بەزىدە كۆڭلۈمنى ياسايدىغان گەپلەرنىمۇ قىلاتتى. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇ قوللىرىمنى، ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىمنى تۇتقاچ، ماڭا ئاجايىپ بىر خىل كۆيۈمچانلىق نەزىرىدە قاراپ كېتەتتى. ئاشۇنداق چاغدا خەلچىخان ئانامنىڭ «بىزنىڭ ئېرىقنىڭ نېمىچىلىك تۇغقانچىلىقىمىز بولمىسىمۇ، يەنىلا ئۇرۇق - تۇغقاندەك...» دېگەن سۆزلىرى كۆڭلۈمدىن كېچەتتى - دە، «مويدۇن ئاكام ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتىدۇ» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى ئىتتىرىۋەتمەيتتىم.

مەن بۇ ئائىلىگە كەلگەندىن كېيىن سايىم ساقىمۇ ناھىيە بازىرىغا كىرسىلا، مېنى يوقلاپ كېلەتتى - دە، ئەھۋالىمنى سورايتتى.

—يامان ئەمەس تۇرىۋاتىمەن، — دەيتتىم مەن.

—بۇ خەقنىڭ ئۆيى بالام، نېمىلا بولمىسۇن، ھەممە ئىشتا دىققەت قىلغىن، شۇنداق قىلساڭ مەنمۇ، ئاناڭ بىچارىمۇ خاتىرجەم بولىمىز.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بىر قىسمىلا بولۇپ قالاتتىم - دە، بىر چاغدا ئانامدىن «سايىم ساقى قانداق ئادەم؟» دەپ سورىغانلىرىم يادىمدىن كېچىپ، «بۇ ئادەمنىڭ ئانامغا كۆڭلى بار ئوخشىمامدۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ كېتەتتىم. ئىشقىلىپ نېمىلا بولمىسۇن، بۇ ئادەم مېنى يوقلاشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. مەنمۇ ھېچقانداق قانداشلىق مۇناسىۋىتىمىز يوق بۇ كىشىنىڭ خەيرخاھلىقىدىن مىننەتدار ئىدىم. بۇ ئۆيگە كەلگىلى بىرەر يىلنىڭ قارىسىنى ئالغان كۈنلەر ئىدى. مويدۇن ئاكام تىجارەت بىلەن باشقا ياققا كەتكىلى بەش - ئالتە كۈن بولدى، ھەر كۈنى ئۆيگە تېلېفون ئېلىپ تۇراتتى. ئەختەرنىسا ئاچاممۇ بۇ كۈنلەردە ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئەتىگەندىلا چىقىپ كەتسە، بەزىدە كەچتە، بەزىدە يېرىم كېچىلەردە قايتىپ كېلەتتى. بۈگۈن ئۇ تېخى ئورنىدىن تۇرمىغان چاغدا، تۇيۇقسىز تېلېفون كېلىپ قالدى. مەن تېلېفوننى ئالايمۇ يا ئۇنى ئويغىتايمۇ، دەپ ئىككىلىنىپ قالدىم. ئەمما، ئۇنىڭ تاڭ ئاتارغا يېقىن قايتىپ كەلگەنلىكى يادىمغا يېتىپ، «بىردەم ئۇخلىۋالسۇن، تېلېفوننى مەنلا ئالاي بولدى» دېگەنلەرنى ئويلاپ، تېلېفون قويۇلغان ئۈستەلگە يېقىنلاشتىم. شۇنىڭغىچىلىك ئۇمۇ سەل ئۆرە بولۇپ، ھېلىھەم ئۇيقۇسىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، كىرىلىپ قويغاندىن كېيىن تېلېفون تۇرۇپكىسىغا قول سوزدى.

—ۋەي، كىمۇ؟ سىزمۇ؟ ئوبدان ئۇخلىدىڭىزمۇ دەپ سوراۋاتامسىز؟ ۋاي قېلىن... تېخى باياملا كەلدىمغۇ ئۇ يەردىن، يەنە بارامدىمەن؟ سېغىنىپ قالدىم دەڭ، دورىنىڭ تەسىرى كەتمەي، چىدىيالماي قاپسىزدە... ساراڭنىڭ دېگەن گېپىنى... — ئۇ كۈلگەچ بىردىنلا مېنى كۆردى - دە، قاپىغىنى تۈردى، — مېڭىڭ، باشقا ئۆيلەرنى تازىلاڭ، بۇ يەردە تام تۈشۈكىدەك قاراپ تۇرماي...

مەن ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا توساتتىن مۇنۇ سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى:

—ياق... ياق، خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، بىزنىڭ ئۆيدىكى بومىي يەمگە كۆنگەن پاقىدەك قاراپ تۇرىدۇ قاراڭ، نېمىلا دېگەن بىلەن غەرەز ئۇقۇپ قالدى ئەمەسما؟ ئېھتىيات قىلمىسام بولمايدۇ. ئالمادىس مويدۇن دېگەن لاتا بەلگە دەپ سالسا...

ئاچچىقتىن تىترەپ كەتتىم - دە، دالان ئۆيگە چىقىپلا، كارۋاتتا ئولتۇردۇم. مېنى يىغا چىرمىۋالغان، قەلبىمنى گۇمان تۇمانلىرى ئورىۋالغانىدى.

—ئوھۇش، ئولتۇرۇپسىزغۇ، — تۇيۇقسىز يېنىمدا ئەختەرنىسا پەيدا بولدى، — ئۆيدىكى ئىشلار تۈگىدىما؟

—ياق تېخى...

—مەردانچۇ؟

—بايام ئويغىنىۋېدى، ناشتىنى بەرسەم يەنە ئۇخلىغان، تېخى ئويغانمىدى.

ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران بولدۇم. ئۇ تۈجۈپىلەپ ياسانغان بولۇپ، يەنە سىرتقا چىقىدىغاندەك قىلاتتى.

—ناشتا قىلامسىز ئاچا؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ نېمىشقىدۇر ئالدىراپلا تۇرغان تۇرقىغا قاراپ.

—ياق، ناشتىنى ھېلى ئادىمىگەرچىلىككە بارغاندا قىلارمەن، ئۇكىڭىزغا ئوبدان قاراڭ ماخما، قورسىقى ئې-

چىپ قالمىسۇن.

—ماقۇل، دېگىنىڭىزدەك قىلاي.

—ئىشىكنى ئىچىدىن مەھكەم ئېتىپ ئولتۇرۇڭ. تونۇمايدىغان ئادەملەر كەلسە ئىشىكنى ئاچماڭ.

ئۇ بۇنداق گەپلەرنى بىرەر ئىش سەۋەبلىك سىرتقا ماڭسىلا تەكرارلايدىغان بولغاچقا، بېشىمنى لىڭشىتتىم.

—يەنە ئاكىڭىزدىن تېلېفون كېلىپ قالسا، مېنى «بىر دوستىنىڭ ئادىمىگەرچىلىكىگە كەتتى. هايال بولمايمەن دېگەنتى» دەڭ.

ئەختەرنىسا ئاچام كەتكەندىن كېيىن ئۆينىڭ ئىشىغا يەنە تۇتۇندۇم. خېلىدىن كېيىن مەردانىمۇ يىغلىغىنىچە ئويغاندى. مەن ئۇ ياتقان ئۆيگە قاراپ يۈگۈردۈم. كۈن پېتىپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندىمۇ، شۇ كۈنى تېلېۋىزوردا بېرىلىدىغان پروگراممىلار ئاخىرلاشقاندىمۇ ئەختەرنىسا ئاچام قايتىپ كەلمىدى. مەن مەردانىغا قارىغىنىمچە ئولتۇردۇم. گەرچە كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ يامىشىپ، بېشىم گاراڭشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەختەرنىسا ئاچام قايتىپ كېلىپ، ئىشىكنى ئۇرسا، ئويغىنالماي قېلىشىمدىن قورققانىدىم. بۇ بەزىدە قوشنىلارنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن قورققاندەك ئىشىكنى بوشقىنە ئۇراتتى. مەن ئاڭلىماي قېلىپ، ئىشىك تۆۋىدە سەللا ئۇزۇن تۇرۇپ قالسا، ئىشىك ئېچىلغاندا گەپ ـ سۆز قىلمىغىنى بىلەن ئۆيگە كىرگەندە، ئادەم ئېغىزىغا ئېلىشقىمۇ نومۇس قىلىدىغان گەپلەر بىلەن تىللاشقا باشلايتتى، مەن بارلىق دەردلىرىمنى كۆزۈمدىن ئېلىپ يىغلايتتىم. «مۇشۇ چاغدىمۇ قايەردە يۈرىدىغاندۇ؟ ئەمدى قايتىپ كەلسە، مەنمۇ قېنىپ ئۇخلىۋالسام بولاتتى»، مەن ئاشۇلارنى خىيال قىلىپ ئولتۇرغىنىمدا بىردىنلا ئىشىك ئۇرۇلدى. تېزلىكتە ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە، هويلىغا قاراپ يۈگۈردۈم، ئىشىكنى ئۇرغىنى ئاچام ئەمەس، مويدۇن ئاكام ئىكەن. ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئايالىنىڭ يوقلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن سورىدى:

—ئەختەرنىسا قايەرگە كەتتى؟

مەن ئۇنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە جاۋاب بەردىم.

—قاچانراقتا ماڭغان؟ — سورىدى ئۇ سۆزۈمگە ئىشەنمىگەندەك سائەتكە قاراپ قويۇپ.

—خېلى بولدى.

ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، بىر دەم تۇرۇپ قالدى ـ يۇ، بىردىنلا ئۆرۈلۈپ، ياتاق ئۆيگە ماڭغاچ دېدى:

—ئۇخلاۋېرىڭ.

مەن ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ ياتتىم ـ دە، بىر دەمدىلا ئۇخلاپ قالدىم. تۇيۇقسىز كۆكسۈمنىڭ ئاغرىغانلىقىنى، يۈزلىرىمنى ئاللىقانداق بىر نەرسىنىڭ يالاۋاتقانلىقىنى، بەدىنىمنىڭ تۇيۇقسىزلا ئېغىرلاپ كەتكەنلىكىنى هېس قىلىپ ئويغاندىم.

—ۋاي... ۋايجان... ئاكا...

—بولدى، ۋارقىرىماڭ، بۇ مەن... مويدۇن...

—چۈشۈڭ، چۈشۈپ كېتىڭ، خوش بولاي...

—جىم... جىم يېتىڭ، گۈلپەرى، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن... — ئۇ سۆرەمدىن چىققان ئۆكۈزدەك نەپەسلىرىنى يېتىشتۇرەلمەي قالغان بولسىمۇ، ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ سۆزلىگەچ، ئاللىقانداق يەرلىرىمنى تارتىشتۇراتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى پەملەپ، ئاقىۋەتنى ئويلاپ يەتتىم ـ دە، ئۇنىڭغا يالۋۇردۇم:

—خۇش بولاي مويدۇن ئاكا، ئۇنداق قىلماڭ...

—مەن سىزگە بۇرۇنلا مېنى «ئاكا دېمەڭ» دەپ تاپىلىغان گۈلپەرى، مېنىڭ سىزگە بۇرۇنلا كۆڭلۈم چۈشكەن. ئىشقىڭىزدا باغرىم كاۋاپ بولاي دېدى.

بۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى ـ دە، خىيالىمغا كەلگىنى بويىچە دېدىم:

—ئاچام... ئاچام كېلىپ قالدۇ...

—قورقماڭ، ئۇ كەلمەيدۇ، مەن... مەن بىلىمەن...

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مېنى تېخىمۇ قورقۇنچ باستى. شۇنىڭ بىلەن بار كۈچۈم بىلەن تىركىشىشكە باشلىدىم. ئەمما، چۈجىنىڭ خورازغا كۈچى يېتەمدۇ دەيسىز؟ مېنىڭ ئۇرۇنۇشلىرىم بىكار كېتىۋاتاتتى...

شۇ كۈنى ئەختەرنىسا ئاچام خېلى بىر مەھەلدە قايتىپ كەلدى. شۇنىڭغىچىلىك مويدۇنمۇ ياتاق ئۆيىگە چىقىپ كەتكەنىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۇ ماڭا تېخىمۇ يېقىنچىلىق قىلىشقا باشلىدى. بەزى كۈنلىرى ئەتىگەندىلا ئايالىغا «بۈگۈن ئىشلىرىم جىددى تۇرىدۇ، چۈشتە كېلەلمەيمەن» دەپ قويۇپ چىقىپ كېتەتتى. بۇنى ئاڭلاپ ئەختەرنىسا ئاچام ئىنكاس قايتۇرماي ئولتۇراتتى ـ يۇ، ئەمما ئۇنىڭ قارىسى يوقالغان هامان ئاللىكىملەرگە تېلېفون بېرىپ، بىر دەمدىلا جابدۇنۇپ، سىرتقا ماڭاتتى. ئەمما، ئۇ ئۆيدىن چىقىپ هايالشمايلا مويدۇن ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولاتتى ـ دە، مېنىڭ قوللىرىمنى چىڭ تۇتقىنىچە ياتاق ئۆي تەرەپكە سۆرەيتتى. مەن دەسلەپ قورقتۇم. بۇ ئىشلارنى ئەختەرنىسا ئاچامنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم. شۇڭا، بەزىدە ئۇنىڭغا يالۋۇراتتىم:

—ئۇنداق قىلماڭ، گۇناھ بولىدۇ. مەن بۇ ئۆينىڭ تۇزىنى يەۋاتقان ئادەم، بۇ تۇز يەپ تۇزلۇققا تاھارەت قىلغاندەك ئىش.

—بۇنىڭدىن سىز قورقماڭ پەرىشتەم، سىز يېگەن تۇز مېنىڭ قان ـ تەرىم بەدىلىگە كەلگەن. شۇڭا، نېرى ـ بېرىنى ئازراق ئويلاڭ.

—ئايالىڭىز بىلىپ قالسا، مېنى ئۆلتۈرىۋېتمىگەن تەقدىردىمۇ...

—بۇ ئىشلارنى تولا ئويلىماڭ، پەرىشتەم. بۇندىن كېيىن ئۇ سىزگە قاراپ كۆزلىرىنى ئالايتسۇنچۇ، كۆتىگە تېپىپ ھەيدەپ چىقىرىمەن بۇ ئۆيدىن...

...

مەن ئۇنى ئاستا ـ ئاستا ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتاتتىم. بەزىدە ئۆزۈمچىلا ئەختەرنىسا ئاچامنى «نېمىشقا ئاتا ـ ئانىسىنىڭكىگە بېرىپ ئىككى ـ ئۈچ كۈن تۇرۇپ كەلمەيدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ قالاتتىم. ئەمما، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۆزۈمدىكى غەيرىي ئالامەتلەردىن قورقۇشقا باشلىدىم. ئاياللار شۇنداق سىنچى كېلەمدۇ ياكى مەندىكى ئالامەتلەرگە قاراپ گۇمان قىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر بىر كۈنى ئەختەرنىسا ئاچام تۇيۇقسىز سوراپ قالدى:

—ساڭا نېمە بولدى؟ بارغانسېرى كەم ئىشتەي بولۇپ كېتىۋاتىسەنا، بۇ ئۆيگە يېڭى كەلگەندە، يەپ تويمايتتىڭ، مانا ئەمدى كىچىك بالىمۇ يەپ بولالايدىغان بىر پىيالە تاماقمۇ ئالدىڭدىن ئېشىپ قېلىۋاتىدۇ يا؟

—ھېچ ئۇقمىدىم، يېقىندىن بۇيان مۇشۇنداق بولۇپ قېلىۋاتىمەنغۇ تاڭ.

—كۆڭلۈڭ بەزىدە سۇيۇق ـ سەلەڭ، بەزىدە ئاچچىق ـ چۈچۈك بىر نەرسىلەرنى تارتامدۇ؟ — ئۇ بىردىنلا ھەيران بولغاندەك ماڭا تىكىلىپ سورىدى.

—ھەئە.

—بەزىدە قۇرۇق ھۆ بارما؟

—بار.

ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى ـ دە، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئالدىمغا كېلىپ، بىگىزدەك قوللىرىنى ھازىرلا كۆزۈمگە تىقىۋېتىدىغاندەك چەنلەپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى.

—ئېيتە، بۇ كىمنىڭ بالىسى؟ مەن يوق چاغدا كىمنىڭ پوقىنى يېدىڭ ـ ھە!... قورسىقىڭدىكى كىمنىڭ بالىسى، راستىنى دېسەڭ قۇتۇلىسەن، بولمىسا...

بۇ گەپ بىلەن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. مەن تېخى جاھاننىڭ، ياق تۇرمۇشنىڭ بۇنداق ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز بولغاچقىمۇ، ئۇنىڭ سۆزى تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلدى.

—قايسى... قايسى بالا؟

—ماۋۇ قورسىقىڭدىكى ھارامىلىقچۇ؟ راستىنى دە، بولمىسا مەندىن قۇتۇلالمايسەن، يېقىندىن بېرى يات كىشىلەر بىلەن بىللە بولدۇڭمۇ؟

—ياق، ئۇنداق ئەمەس ئاچا، مەن ئۆيدىن نېرى بولمىسام...

—ئەمىسە مويدۇن دېگەن لاتا بەل قورسىقىڭغا بىرنى توغۇپ قويۇپتۇ ـ دە، بۇ قاچان بولغان ئىش؟ راستىڭنى دېسەڭ قۇتۇلىسەن، بولمىسا سېنى بۇ ئۆيدىلا ئەمەس، ھەممە يەردە يۈزۈڭنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈسىز قىلىۋېتىمەن. يەنە تېخى... ئۆيۈمنى بۇزغان، ئېرىمنى ئازدۇرغان دەپ قولغا ئالدۇرۇۋېتىمەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتىم. ئەگەر ئەختەرنىسا شۇنداق قىلىدىغانلا بولسا، مېنىڭ ياشىغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى ئىدى. شۇ چاغدا ئانامنىڭ ياش يوقى كۆزلىرى، ماڭا مەيۇسانە قاراپ تۇرغان چىرايى كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئىختىيارسىز كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەندەك تىترەپ كەتتىم. ئۇنىڭغا ھېلىقى ئىشلارنى دېمەي قۇتۇلالمايدىغانلىقىم ئېنىق ئىدى. ئادەتتە پېتىر ناندىنمۇ قىل ئىلغايدىغان بۇ ئايالنىڭ شۇ تاپتىكى مىجەزى تولىمۇ ئۇسال ئىدى. مەن ئېغىزىمنى ئۆمەللىدىمۇ، ئەمما مويدۇننىڭ «ئۆلۈم ـ بالا ئىش بولسىمۇ بۇ ئىشلارنى مەخپىي تۇتۇڭ» دېگىنى بىردىنلا يادىمدىن كېچىپ، گەپ قىلمىدىم. ئەختەرنىسا ئاچام مېنى تىللاپمۇ، يۈزلىرىمنى، بەدەنلىرىمنى مورلاپمۇ، چاچلىرىمنى يۇلۇپمۇ ھېچقانداق جاۋاب ئالالمىدى ـ دە، زەردىگۈش بولۇپ ئادەم ئېغىزىغا ئېلىشقىمۇ نومۇس قىلىدىغان سەت تىللار بىلەن تىللاشقا باشلىدى. شۇ كۈنى كەچتە مويدۇننىڭ كېلىشى بىلەن ئۆيدىكى جېدەل ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ئەر ـ ئايال ئىككىسى بىر ھازا ئۇرۇشقاندىن كېيىن، مېنىمۇ ئوتتۇرىغا قىستۇرىۋالدى. ئەختەرنىسا ئاچام مەندىن سوئال سورىسىمۇ، تىللىسىمۇ بىر ئېغىز لام ـ جىم دېمىدىم. ئۇ ئاچچىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئېرىنى بىردىنلا ئۇرۇپ كەتتى. مويدۇننىڭ يۈزىدە ئەختەرنىسانىڭ بارماقلىرىنىڭ ئىزى قالدى. لېكىن، ئۇ «مەندىن خاتىرجەم بول، مەن ئىللا ـ بىللا ئۇنداق قىلىدىغان ئادەم ئەمەس» دېگەن گەپتىن باشقىنى قىلمايتتى. تۇيۇقسىز تەگكەن بىر شاپىلاق بىلەن تەڭ ئۇنىڭ بۇرنىدىن قان سىرغىپ چۈشتى. مەن چىدىيالمىدىم ـ دە، گەپ قىلىشقا تەمشەلدىم. ئەنە شۇ چاغدا، مويدۇن ماڭا «گەپ قىلماڭ» دېگەندەك بېشىنى ئىرغىتتى.

—كەت، بۇ ئۆيدىن يوقال، ئادەم سۈرەتلىك ئالۋاستى، سېنى كۆرەر كۆزۈم يوق. ئىززىتىنى بىلمىگەن پاسكىنا... —ئۇ بىردىنلا چالۋاقاپ كەتتى ـ دە، چاچلىرىمغا ئېسىلىپ، سىلكىشلەپ تارتتى. شۇئان بېشىمدىن كىرگەن ئاغرىق تاپىنىمدىن چىقىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەپ، مويدۇننىمۇ ئۆرلىتىپ، قورساق كۆپىكمىنى چىقىرىشنى ئويلىدىمىيۇ، ئەمما «ياغ بىلەن گۆش بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى بىكار» بولۇپ قالمىسۇن، نېملا بولمىسۇن بولارنىڭ بىر بالىسى بار؟

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈمنىڭ بىتەلەيلىكىنى دەپ بۇلارنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ، ئۆيىنى خانىۋەيران قىلىۋەتمەي» دېگەنلەرنى ئويلاپ نىيىتىمدىن ۋاز كەچتىم.

— كەت، ھازىرلا كۇدە - كۆرپىلىرىڭنى يىغىشتۇرۇپ، كۆزۈمدىن يوقال.

— بۇ كېچىدە نەگە بارىدۇ، كەتسىمۇ ئەتە كەتسۇن، — باياتىن بېرى زۇۋان سۈرمەي تۇرغان مويدۇن ئاخىرى ئېغىز ئاچتى، — بىرەر يىلدىن بېرى خىزمىتىڭنى قىلغىنىنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ، بولدى قىل، ئۆلۈم - بالا ئىش بولسىمۇ، ئەتە كەتسۇن.

— ساڭا گەپ قىلمىدىم. تېگى پەس پالاندى ئوغرى، بۇرۇن بەدىنىڭدىن كىر - قاسماق، پىت ئاجرىمايدىغان، يانچۇقۇڭدا سىنتىنىڭ تايىنى يوق لاتا قاسقاس ئىدىڭ. مېنى ئېلىپ، ئاز - تولا راھەت كۆرۈپلا دوپپامغا جىگدە سالاي دېدىڭما؟ بىلىپ قوي، مەن ئۇنداق موللا بوزەكلەردىن ئەمەس، سەندەك سەھرالىق تومپايلارغا تېتىپ چىققۇچىلىكىم بار مېنىڭ... — ئۇ بىردىنلا قولىنى ئېگىز كۆتۈردى - دە، مويدۇننىڭ يۈزىگە يەنە بىر شاپىلاق سالدى. «قاس» قىلغان ئاۋاز بىلەن مويدۇننىڭ يۈزىدە يەنە ئۇنىڭ بەش بارمىقىنىڭ ئىزى قالدى. مويدۇن ئۇنىڭغا تازا چەكچىيىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن، بىردىنلا ئەختەرنىسانىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى.

— ئۇ... ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋەت، كۆننى ئۇنتىغان ئوغرى، ھۇ خامىنىغا دۈم چۈشكەن شاپاقچى، پاسكىنىنىڭ قولىدىن چىققان تاماقنى يەپ، ئەقلى دۈمبىسىگە ئۆتۈپ قالغان لىڭتاسما... خوتۇنىنىڭ دوستىغا پاي قويغان لاتا بەل... — ئەختەرنىسا بىشەملىك بىلەن ۋارقىراپ يىغلايتتى.

— مېڭىڭ، چىقىپ يېتىڭ، — مويدۇن ئايالىنى ئۇرغاچ، ماڭا بۇيرۇق قىلدى. ياتاق ئۆيگە يېنىپ چىقتىم. ياندىكى ئۆيدىن ئەختەرنىسا ئاچامنىڭ يىغلاپ ۋارقىراشلىرى، مويدۇننىڭ چىڭقىلىپ دەۋاتقان گەپلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. «كېتەي، بۇ ئۆيدىن ئەتە ئەتىگەندىلا كېتەي...» مەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، كىيىم - كېچەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدىم. ئەمما، ياندىكى ئۆيدىن باش توخۇ قىچقارغىچە قالايمىقان ئاۋازلار بېسىلمىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. مەن ماڭغاندا، ئۇلار تېخى ئورنىدىن تۇرمىغانىدى. قاياققا بېرىشنى بىلمەيتتىم. باشقا جايلارغا بېرىپ، بىر مەزگىل تۇرماقچىمۇ بولدۇم. ئەمما، بىلمەيدىغان يەرنىڭ ئوي چوڭقۇرى كۆپ، بىرەر پىشكەللىككە ئۇچراپ قالماي دەپ كۆز قورقۇتتۇم. ئاخىرى يېزىغا — ئۆيۈمگە كېتىشكە بەل باغلىدىم - دە، ئۇدۇل يېزىمىزغا ماشىنا قاتنايدىغان ئاچا يول ئېغىزىغا كېلىپ، ساقلاشقا باشلىدىم. دەل شۇ چاغدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا سايىم ساقى پەيدا بولدى.

— بۇ يەردە تۇرۇپسىزغۇ قىزىم، كۆزىڭىز قىزىرىپ كېتىپتۇ، بىرەر ئىش بولدىما؟...

ئۇ ئاشۇ گەپلەرنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ بولغۇچە، بىردىنلا سايىم ساقىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلاشقا باشلىدىم.

— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، ئاۋۇ ئادەملەر بىزگە قارىغىلى تۇردى. ھەقاچان ناشتا قىلمىغانسىز، مېڭىڭ، ناشتا قىلغاچ پاراڭلىشايلى.

ئۇ مېنى بىر ئاشخانىغا باشلاپ ماڭدى. مەن يولدا كېتىۋاتقاچ ھەممىنى ئۇنىڭغا دېدىم. ئۇ ئۈن چىقارماي ماڭماقتا ئىدى. بىز يول بويىدىكى بىر ئاشخانىغا كىردۇق. تېخى ئەتىگەن بولغاچقىمىكىن، ئاشخانىدا ئادەم يوق ئىدى. ئۇ كىرىپلا تاماق بۇيرۇتقاندىن كېيىن سورىدى.

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز؟

— يېزىغا كېتەيمىكىن، شۇڭا...

— ياق، ھازىرچە بارماڭ، مۇنداق بارسىڭىز مەھەللىدە سۆز - چۆچەككە قېلىپ، يۈزىڭىزنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيسىز. ئەڭ ياخشىسى ناھىيە بازىرىدا تۇرۇڭ، مەن بۇنىڭ ئامالىنى قىلاي...

— بۇ يەردە بىزنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىز يوق، قايەردە تۇرىمەن؟

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەنلا بولىدىكەنمەن ئامال تېپىلىدۇ، — ئۇ بىردىنلا ئورنىدىن تۇردى - دە، ماڭا «تاماق يېگەچ تۇرۇڭ، ھايال بولمايلا قايتىپ كېلىمەن» دەپ چىقىپ كەتتى. خېلىدىن كېيىن ئۇ بۇيرىغان تاماق ئالدىمغا كەلگەن بولسىمۇ، يېگۈم كەلمىدى. كاللامدىن ھەر خىل خىياللار كېچەتتى. سايىم ساقى كەلمىگەنسېرى ئەندىشەممۇ كۈچەيمەكتە ئىدى. ئاشخانىغا كىرگەنلەرمۇ ماڭا يەر تېگىدىن قارىشىپ، ئاللىنېمىلەرنى پىچىرلىشاتتى. ئارىدىن ئىككى - ئۈچ ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتىمىكىن، سايىم ساقى ئاشخانىغا كىردى - دە، ماڭا قاراپ سۇس كۈلۈمسىرەپ قويغاندىن كېيىن، سوۋۇپ كەتكەن تاماقنى ئالدىراپلا يەپ، قىسقىلا دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى.

— جۈرۈڭ قىزىم، ئۆيىڭىزگە بارايلى.

مەن ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭغا قارىدىم، ئەمما ئۇ گەپ قىلمايلا، باش ياغلىقىغا ئورىۋالغان، كىيىملىرىمنى كۆتۈرۈپ ماڭدى.

— نەگە بارىمىز؟ سايىم دا... دا؟ — بۇ گەپنىڭ ئېغىزىمدىن قانداقلارچە چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا

قالدىم. ئۇ ئىتتىك ئېلىۋالغان قەدىمنى بىردىنلا توختىتىپ، چىرايىمغا تىكىلدى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزىدىن مۆللىدە ئېتىلىپ چىققان ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ ئاستا سىرغىدى.

— ئۇ... ئۆيگە قىزىم، — ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلگەندەك، ئاۋازى بىردىنلا تىترەپ چىقتى - دە، كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قېچىپ، يولىنى داۋام قىلدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم. سايىم ساقى مېنى بازارنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇدۇل مۇشۇ ئۆيگە باشلاپ كەلدى.

— مانا بۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىز قىزىم، بۇندىن كېيىن مۇشۇ ئۆيدە تۇرىسىز، — دېدى ئۇ.

— مېنىڭ ئۆيۈم؟ بۇ قانداقلارچە مېنىڭ ئۆيۈم بولىدۇ؟ — سورىدىم مەن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي ھەيرانلىقتا.

— بايام مويدۇن بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇنىڭغا «ئەمدى گۈلپەرىنىڭ ئىشىغا ئىگە بولساڭ بول، بولمىسا سېنى سەبىي قىزنى ئازدۇرۇپ، پوخورلۇق قىلغان گۇناھىڭ ئۈچۈن قولغا ئالدۇرىۋېتىمەن» دېسەم، ئۇ دەسلىپىدە كۆكەملىك قىلدى. كېيىن پايدا - زىيىنىنى چۈشەندۈرسەم، ئۇششۇك تەگكەن كاۋا غازىڭدەك سولىشىپ، بىر ھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن، «مەن پوق يەپتىمەن، مېنى كەچۈرسىلە» دەپ كىچىك بالىدەك يىغلاپ كەتتى. مەن: «بۇنداق يىغاڭنى خوتۇنىڭنىڭ ئالدىدا يىغلا، ھازىر گۈلپەرىنىڭ تۇرىدىغان يېرى يوق، دەرھال بىر ئامال قىل» دېسەم، بىر ھازا ئولتۇرۇپ كېتىپ، نەچچە يەرگە تېلېفون بەردى. شۇنىڭ ئىچىدە بىرى يېقىن ئاغىنىسى ئوخشايدۇ. ئۇ «ماقۇل، مەن ئۆيۈمنى بېرەي، ئاچقۇچنى ئېلىۋال» دېدى. مويدۇن مېنى تۇرغۇزۇپ قويۇپ، قوڭغۇز ماشىنىسى بىلەن كەتتى - دە، ھايال بولمايلا قايتىپ كېلىپ، مېنى بۇ ئۆيگە ئەكەلدى.

— بۇ بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيى ئىدى. يېقىندا ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ. ئەسلى ئۆينى سېتىۋالغاندا قەرز ئالغانىكەن. ئەمدى ئاشۇ قەرزلىرىنى تۆلەش ئېغىر كەلگەن ئوخشايدۇ. مەن ئۇنىڭ قەرزلىرىنى تۆلەيدىغان بولدۇم. بۇ ئۆي بۇندىن كېيىن گۈلپەرىنىڭ، — دېدى. مەن بۇنىڭغا «ساڭا قانداق ئىشىنىمەن؟» دەپ سورىسام، مانا ماۋۇ ھۆججەتنى يېزىپ بېرىپ، «بۇ گەپلەرنى ئاچام ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار ئاڭلىمىسا» دەپ بەك يالۋۇرۇپ كەتتى. قىزىم، بۇندىن كېيىن مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇۋەڭ، بۇ ئۆي سىزنىڭ، مەڭگۈ سىزنىڭ ئۆيىڭىز بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن مانا مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرىۋاتىمەن، مۇسا سادىق، بەزىدە سايىم ساقى كېلىپ يوقلاپ تۇرىۋاتىدۇ. ئۇنى ھازىر خۇددى ئۆز دادامدەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم.

گۈلپەرى بىردىنلا سۆزىنى توختىتىپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. مەن ئۇنىڭ ئۇمىدسىز چىرايىغا قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن سورىدىم:

— شۇنىڭدىن كېيىن، مويدۇننى ئۇچراتتىڭىزمۇ؟

— ئۇچراتتىم. ئۇ بۇ ئۆيگە ئىككى - ئۈچ قېتىم كەلدى. ھەر كەلگىنىدە چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ، مېنىڭ مۇزلىغان يۈرىكىمنى ئېرىتمەكچى بولدى. مەن ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىققان چېغىمدا، مەرھۇم دادامنى ئېغىزىمغا ئېلىپ تۇرۇپ قەسەم ئىچكەچكە، گەپلىرىگە قۇلاق سالمىدىم. ئەمما، ئۇ بىردىنلا قورسىقىمدىكى بالىنى شىپى كەلتۈرۈپ تۇرىۋالدى.

— راست، ئۇ بالا قانداق بولدى؟ — سورىدىم مەن ئالدىراپ.

— چۈشۈپ كەتتى. بىر كۈنى كەچتە ئېھتىياتسىزلىقتىن كارىدوردىكى پەلەمپەيدىن دومىلاپ كېتىپ، ئۆزۈمنى زەخىملەندۈرۈۋالدىم. شۇ چاغدا چۈشۈپ كەتكەن. ئادەم دېگەن تولىمۇ غەلىتە بولىدىكەن. مەن ئىلگىرى مويدۇننى يوشۇرۇن بولسىمۇ ياخشى كۆرگەن، قاچانلا ئېغىز ئاچسا، ھەتتا كۆندۈزى بولسىمۇ تەلپىنى يەردە قويمىغانىدىم. ئەمما، بۇ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، ھەتتا مويدۇننىڭ پۇلىغا كەلگەن ئۆيدە ئولتۇرىۋاتقان بولساممۇ، سۆزىنى ئىلىك ئالمىدىم. ھەتتا «يەنە زورلايدىغان بولسىڭىز، ئالدىڭىزدا ئۆلۈپ بېرىمەن» دەپ قىڭراقنى قولۇمغا ئېلىۋالدىم. مانا تۆت - بەش ئاي بولدى، چىرايىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئىچكىرىدە ئوقەت قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ.

پىلاستىنكىدىكى ناخشىلار ئاللىقاچان تۈگىگەنىدى. بىز بىر - بىرىمىزگە قاراپ ئولتۇراتتۇق. ئۇمۇ سۆزلەپ ھارغان بولسا كېرەك، ئالدىدىكى سوۋۇپ كەتكەن چايدىن بىر ئوتلام ئىچىپ قويغاندىن كېيىن گەۋدىسىنى يۇمشاق ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تىرىدى - دە، ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، پىلاستىنكىنى ئالماشتۇرۇپ قويدۇم. گۈلپەرى يەنە ئېغىز ئاچتى.

— ئۇن گۈلۈمنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ، مۇشۇنداق دىشۋارچىلىققا ئۇچرىدىم. ھازىر ئويلىسام، بېشىمدىن خېلى جىق ئىشلار ئۆتۈپتۇ. بۇندىن كېيىن مېنى يەنە قانداق قىسمەتلەر كۈتۈۋاتىدۇ، بىلمەيمەن.

— ياخشى كۈنلەر ئالدىڭىزدا گۈلپەرى، بەل قويۇۋەتمەڭ.

— بەلكىم شۇنداقتۇر. ئەمما، مەن ئۆزۈمنى بىر قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك سېزىۋاتىمەن. ھېلىقى كۈنى سىز كەتكەندىن كېيىن شۇنداق ھېس-

www.uyghurkitap.com

سىياتقا كېلىپ قالدىم.

ــ ئۇنداق دېمەڭ، بۇ قاراڭغۇ ئۆتكۈر ئەمەس، مەن... مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، ــ مەن بىردىنلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم ـ دە، يۇمشاق ئالىقانلىرىنى ئاستا سىلىدىم، ــ بولۇپمۇ بايام كەچمىشلىرىڭىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سىزگە بولغان تەلپۈنۈشۈم يەنىمۇ كۈچەيدى.

ــ بۇ ياخشى كۆرۈش ئەمەس، ئىچ ئاغرىتىش، سىز ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغان ئادەم، خۇددى مويدۇندەك...

مەن نېمىشقىدۇر دېگىلى گەپ تاپالماي قالدىم ۋە ئۇنى بىردىنلا باغرىمغا باستىم. ئۇمۇ قارشىلىق كۆرسەتمەي، پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:

ــ چىڭ... چىڭراق قۇچاقلاڭ. مەن توڭۇپ كەتكەندەك ھېسسىياتقا كېلىۋاتىمەن.

دەل شۇ چاغدا يانفونۇم سايراپ كەتتى. گۈلپەرى تېزلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى.

ــ ئېلىڭ، تېز بولۇڭ.

مەن ئۇنى قويۇۋېتىپ، يانفونۇمنى قولۇمغا ئېلىپ، نومۇرىغا قارىغاچ دېدىم.

ــ ئۆيدىن كەپتۇ، بالىلار ئۇخشايدۇ.

ــ بېرىڭ، ئالەممۇ بىر ۋاخ بولدى. ئۇلار ئەنسىرەپ قالىدۇ.

مەن تېلېفون كونۇپكىسىنى بېسىۋەتتىم ـ دە، ئۇنى يەنە قۇچاقلىدىم.

ــ ئۇنداق قىلماڭ، سىزگە لازىم بولىدىغىنى يەنىلا ئاشۇ ئۆي. ھازىر كېتىڭ، كېيىن ۋاقتىڭىز بولسا كېلەرسىز...

مەن ماقۇل دېگەندەك بېشىمنى لىڭشىتتىم ـ دە، گۈلپەرىنىڭ لەۋلىرىگە ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشكە باشلىدىم.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، ئاشۇ كۈنى سورىۋالغىنىم بويىچە گۈلپەرىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بەردىم.

ــ ۋەي، كىمۇ؟ ــ سورىدى ئۇ.

ــ مەن، مۇسا سادىق، ئۆيىڭىزگە باراي دېگەنتىم، بارسام بولامدۇ؟

ــ كېلىڭ، مەن ئۆيدە.

ئىشتىن چۈشۈپلا ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدىم. ئىككى كۈندىن بېرى تاللاپ يۈرۈپ سېتىۋالغان سائەتنى قولىغا سېلىپ قويدۇم.

ــ نېمە بۇ؟ ــ ھەيران بولۇپ سورىدى گۈلپەرى.

ــ توغۇلغان كۈنىڭىزگە قۇرۇق قول كەلگەنتىم. بۇ ئورنىنى تولدۇرغىنىم بولسۇن.

ــ بۇنداق قىلمىسىڭىزمۇ بولاتتى.

ــ كۆڭلۈم ئۇنىمايدىكەن.

ئۇ ماڭا قاراپ تاتلىق كۈلۈمسىرىدى ـ دە، قولۇمدىن تۇتۇپ، ئۆيىگە باشلىدى.

ــ قېنى ئۆيگە كىرىڭ.

مەن ئۇنىڭ يېتىلىشى بىلەن مېھمانخانىغا كىردىم. ئۇ يېنىمدىلا ئولتۇردى.

ــ سائەت چىرايلىق ئىكەن. ئەمما، بەك كايىپسىز، ئەسلى توغۇلغان كۈنۈم ئۆتۈپ كەتكەندىكىن ئالمىسىڭىزمۇ بولاتتى.

ــ نېمە دېگىنىڭىز؟ ئەسلىدە ئاشۇ كۈنىلا ئالسام ئوبدان بولاتتى. بىخەۋەر ھالدا كېلىپ قاپتىمەن.

ــ سىز قىلىۋاتقانلىرىڭىزنىڭ ئەخمىقانە ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟ ــ ئۇ بىردىنلا كۆزلىرىمگە تىكىلدى. مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى پەرەز قىلىپ، ئويلانمايلا جاۋاب بەردىم:

ــ ياق، مەن ئەزەلدىن قىلغان ئىشلىرىمغا پۇشايمان قىلىپ باققان ئەمەس.

ــ بۇنىڭدا ئىشنىڭ خاراكتېرىگە قاراش كېرەك. ماڭا مەلۇم، مەن ئاچا يول دوقمۇشىدىكى ئادەم، مەيلى قايسى يولغا ماڭاي، نەتىجىسى ئوخشاشلا بولىدۇ. شۇڭا، مەن ئۇچۇن بىر كۈن ئۆتسە، شۇ ئەۋزەل، ھازىرقى چاغلاردا ئويلايدىغىنىم پەقەت ئانام بىلەن ساق ـ سالامەت كۆرۈشۈۋېلىش، ئۇنىڭدىن باشقا چوڭراق ئارزۇيۇممۇ يوق. ئەمما، سىز ماڭا ئوخشىمايسىز. بىر دەملىك كۆڭۈل خۇشى ئۇچۇن ھەممە نېمىنى دوغا تىكىۋېتىدىغان قىمارۋازدەك ئىش قىلسىڭىز بولمايدۇ. راست، مېنىڭ سىزدەك ئوقۇغان، بىلگەن ئادەملەرگە سۆزلەش سالاھىيىتىم يوق. مەن ھاياتتىن قىلچە خۇۋلۇق كۆرمىگەن ئادەم...

ــ بولدى گەپ قىلماڭ، ــ مەن ئۇنىڭ ئېغىزىنى قولۇم بىلەن تۇتىۋالدىم، ــ بۇ مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىش. مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. راستلا...

ــ بۇنىڭغا مەن بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. قارىغاندا سىزنى توسۇپمۇ بولالمىغۇدەكمەن. بۇ ئۆيگە قاچانلا كەلسىڭىز قولۇم كۆكسۈمدە، ئەمما بىر ئىش يادىڭىزدا تۇرسۇن. بۇ سىز ئۇچۇن مەڭگۈ تۇيۇق يول... شۇڭا، كېيىن ئەقلىڭىزنى تاپقاندا، بۇ يولدىن قايتسىڭىز، سىزدىن ھەرگىز رەنجىمەيمەن.

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ گۈلپەرىنىڭ چىرايىغا قارىدىم. ئۇ نېمىشقىدۇر كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قاچتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، گۈلپەرىنىڭ ئۆيىگە تولا بارىدىغان، ئۇنى كۆرۈشنى ئىستەيدىغان، ئىشخانىدا قولۇم سەللا بىكار بولسا، ئۇنى خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالدىم.

ــ بەك ئالدىراشقۇ مۇسا سادىق، يېقىنىڭىياقى قارىسام تۇتقان ـ قويغىنىڭلىنىمۇ بىلەلمەيدىغان بولۇپ

قاپسىلە، بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ — دەپ سورايتتى تۇرەك باقى ئىشخانىدا يالغۇز قالغاندا.

—ياق، نېمە ئىش بولماقچىدى، بۇرۇنقىدەك شۇ.

—خوتۇن، بالا ـ چاقا، خىزمەتتىن باشقىسىنى بىلمەيدىغان بىر مۆرىمەس كاللا ئىدىڭلار، مانا ئەمدى قانات قۇيرۇقىڭلار چىقتى ـ ھە، مۇسىراخۇن. بىرەر يەردە ئولتۇرساڭلار مېنىمۇ تۇۋلاپ قويۇڭلار مانداغ، قولنى يۇغان قول يۇزنىمۇ يۇيۇپ باقسۇن بىر قېتىم...

بۇگۇن تولىمۇ ئالدىراش بولدۇم. چۈشلۈك تاماققمۇ چىقماي، بۆلۈم باشلىقى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئىشتىن چۈشەرگە يېقىن تاماملاپ بولدۇم ـ دە، ئەتىگەندىن بۇيان ئۈستەلگە يېيىلغان قەغەزدىكى ئىمىر ـ چىمىر سىزىقلارغا قاراپ تېلىپ، چىڭقىلىپ كەتكەن كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلاپ قويغاندىن كېيىن، قوللىرىمنى ھەرىكەتلەندۇرۇشكە باشلىدىم. دەل شۇ چاغدا يانفونۇم سايراپ كەتتى.

—تېلېفونىڭلىنى ئېلىڭلا مۇسىراخۇن، — دېدى تۇرەك باقى كۆزىنى ئالدىدىكى گېزىتتىن ئۈزمەي تۇرۇپ، —تازا بەلەن يېرىگە كەلگەندە، ئادەمنىڭ دىققىتىنى چېچىۋەتتى دېسە...

مەن يانفونۇمنى قولۇمغا ئېلىپ، نومۇرىغا قارىغاندىن كېيىن، يېشىل كونۇپكىنى باسقاچ كارىدورغا چىقتىم.

—ۋەي، بۇ سىزمۇ؟

—ھەئە، مەن، شۇ تاپتا نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

—ئىشتىن چۈشەيمىكىن دەپ تۇرىۋاتىمەن. بىكار بولسىڭىز بارايمۇ؟

—ياق، بۈگۈن ئەمەس، كېيىنكى ھەپتىدە ھېيت كېلىدىكەن. ئېھتىمال ھېيتتا بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىسىز. شۇڭا، ئەتە ـ ئۆگۈن بىر كۆرۈشسەك بوپتىكەن.

—ماقۇل، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، «ۋىسال»غا بارامدۇق يا «رىشتە» رېستورانىغىمۇ؟

—بولدىلا، ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە قىلىمىز؟ رېستوران دېگەندە ئادەم خەجلىگەن پۇلغىمۇ ئېچى سىرىلىپ كېتىدىكەن. يا قورۇمىلارغا قورساق تويمىغان. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆيدىلا ئولتۇرايلى بولدى. ئاشۇ يەردە خەجلىگەن پۇلنىڭ يېرىمىنى خەجلىسەك سېسىق كېكىرىپ كېتىمىز. سىز مېنىڭ ئۆيۈمگىلا كېلىڭە.

—ئەمىسە تەييارلىقلىرىنى مەن قىلغاچ باراي. ئەگەر يەنە ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىز بولسا، سىز نېمە دېسىڭىز قوشۇلىمەن.

—مەن ئۆيدە بىكار بولغاندىكىن تەييارلىقلىرىنى ئۆزۈم قىلىمەن. سىز ئىشتىن چۈشۈپ ۋاقتىدا كەلسىڭىز بولدى.

—شۇنداق قىلايلى ئەمىسە، خوش.

مەن ئىشخانىغا كىرگەندە، تۇرەك باقى ماڭا قاراپ ھىجايدى.

—مۇشۇ كۈندە غەلىتە بولۇپ قېلىۋاتىسىلەر ماخما، بۇرۇن بىرەر كىمدىن تېلېفون كەلسە، ئىشخانىدا سۆزلىشىۋېرەتتىڭلا، ئەمدىلىكتە خالىي جاي بولمىسا، تېلېفوننى ئالمايسىلەر، قارىغاندا ئىشلار مۇرەككەپلىشىۋېتىپتۇ ـ دە! سەل ئېھتىيات قىلىڭلار، بولمىسا...

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتىۋەتتى. مەنمۇ «ماقۇل» دېگەندەك باش لىڭشىتىپ قويدۇم.

گۈلپەرى بىلەن كۆرۈشۈشكە كېلىشكەن كۈنى ناشتا قىلىپ بولۇپلا، سائىتىمگە قارىدىم ـ دە، ئورنۇمدىن تۇردۇم.

—كەچتە بۇرۇنراق كېلەرسىز، — دېدى ئايالىم، —ھېيت يېقىنلىشىپ قېلىۋاتىدۇ. رۇخسەت سوراي دېسەم، بىزنىڭ ئىدارىدىمۇ ئىشلار كۆپىيىپ قالدى. شۇڭا، بەزى تەييارلىقلارنى قىلىۋالايلى.

—نېمە تەييارلىق قىلىمىز؟ — سورىدىم مەن ئۇنىڭغا قارىمايلا، — ھېيتنىڭ تەييارلىقى دېگەن ئايال كىشىنىڭ ئىشى.

—توۋا دەڭا، ھېيتنىڭ تەييارلىقىنى ئايال كىشى قىلىدۇ دېگەن گەپنى نەدىن ئاڭلىدىڭىز ئەمدى؟ بۇ ئۆيىنچۇ، ئىككىمىز تۇتقان، شۇڭا قايسىمىز بىكار بولساق، قولىمىزدىن كېلىشىچە بىر ئىش قىلساق يامىنىغا كەتمەس؟

—ماڭا قارىماي ئۆزۈڭ بىر ئىش قىلە. كەچتە ئىشلەپ قالامدىمەن تېخى، — مەن سۆزلىگەچ سىرتقا ماڭدىم.

—مۇشۇ كۈندە بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىغۇ بۇ ئادەم، يا ئۆيگە ۋاقتىدا كەلمىگەن، يا باللار بىلەن بىر دەم ـ يېرىم دەم گوڭۇر ـ مۇڭۇر پاراڭلىشىپ ئولتۇرمىغان، قاچانلا قارىسا تالادىن كىرەلمىگەن...

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ ئۆيدىن چىقىۋالدىم ـ دە، ئىدارىغا قاراپ ماڭدىم. ئىشخانىغا كەلگەندىن كېيىن، قولۇم ئىشقا بارمىدى. كاللام زىددىيەتلىك خىياللار بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالغانىدىم. ئالدىنقى ئايدا ئىش ھەققىمنى ئېلىپ، گۈلپەرىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، بىر يۈرۈش گىرىم بۇيۇملىرىنى ئېلىپ بەرگەنىدىم. گۈلجامال مەن تەگلىگەن پۇلنى ئېلىپ، دائىملىق ئادىتى بويىچە ساناپ كۆرۈپ سورىغانىدى.

—بۇ پۇل كەمغۇ مۇساجان، خاتالاشمىسام ئىككىمىزنىڭ ئىش ھەققى تەڭ ئىدىغۇ؟

—ئاۋۇ كۈنى ئىدارىدىكىلەر بىلەن ئولتۇرغاندا، يانچۇقۇمغا پۇل سېلىۋالماپتىكەنمەن. ماڭا تېگىشلىك

نى تۇرەك باقى تۆلىۋەتكەن. نەچچە قېتىم سەندىن پۇل سوراپ بېرىۋېتەي دەپ ئويلىدىم، ئەمما يەنىلا ئاي ئاخىرىدا قىيىنچىلىق تارتىپ قالارمىزمىكىن دەپ ئېغىز ئاچمىغانىدىم. شۇڭا، ئىش ھەققىمنى ئېلىپلا بېرىۋەتتىم.

—ئۈچ ـ تۆت يۈز يۈەنلىك ئۆلتۈرغانما؟ سورۇننىڭ جىمى پۇلىنى سىز تۆلىدىڭىزما؟ — گۈلجامال ئىشەنمىگەندەك كۆزلىرىنى چەكچەيتتى.

—ياق، مەن ئۆزۈمگە تېگىشلىكنى تۆلىدىم.

—ئەمىسە بۇ پۇل يەنىلا كەمغۇ؟

—توۋا، ما خوتۇننىڭ زىغىرلاپ كەتكىنىنى، ئەر خەقنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق خەرجى بولىدۇ مانداغ، كۆنىگە يىبىر قاپتىن تاماكا چەكسەم، بىر ئايدا قانچىلىك بولىدىكەن، ھېسابلاپ باقە، سەن بىر ئىدارىنىڭ بۇغالتېرى بولغاندىكىن.

—ھېسابلىماي قالامتىمكى، تېخى ئىككى ھەپتە ئىلگىرىلا «بىر ئايلىق تاماكام» دەپ، تۆت بولاق تاماكا ئالدىلىغۇ، تېخى ئەتىكەن قارىسامۇ پىچىتى بۇزۇلمىغىنىدىن ئىككى بولاق تۇراتتى؟

گەپ يورغىلىتىمەن دەپ، گۈلجامالنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، قاپىغىمنى تۈردۈم.

—نېمە كارا ـ كاراڭ بۇ! ئايال كىشى بولغاندىكىن تېپىپ بەرگىنىمنى خەجلەپ، يەپ ـ ئىچىپ ئولتۇرە. خۇددى مەن قىمار ئويناپ ئۇتتۇرىۋەتكەندەك، يا بىرەرىگە خەجلەپ بېرىۋاتقاندەك گەپ قىلماي...

گۈلجامال بىردىنلا مەڭدەپ قالدى ـ دە، ماڭا سەلگىنە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، چاڭىلداپ سۆزلەپ كەتتى:

—ھېلىمۇ سىزگە گەپ قىلمىدىم، مۇساجان، نەچچە ئايىنىڭ ياغى ھەر ئايدا پۇلنى كەم ئەكىرىۋاتىسىز، يا دېگەن سەۋەبلىرىڭىز چەك باسمايدۇ. مەنمۇ سىزدىن ھېساب ئالماقچى ئەمەسمەن. بىر ئۆي دېگەندە، ھېسابلىق ئىش قىلساق، ئىش ھەققىمىزنى بۇ ئايدىن ئۇ ئايغا ئۇلاپ، ئاز ـ تولا ئېشىنچە تويلىۋالساق، كېيىنچە بالىلارنى ئوقۇتساقمۇ، يا بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە ئىشلەتسەكمۇ بولار دېمىسەم، سىزدىن بۇ گەپلەرنى سوراپ نېمە قىلىمەن. بوپتۇ، بۇ ئايدىغۇ ئاغىنىلىرىڭىز بىلەن ئولتۇرۇپسىز؟ ئالدىنقى ئايدىچۇ؟!...

—ماڭا ئىشەنمىدىڭما؟ ئىدارىدىن تۇتىۋالدى. يەنە ئىشەنمەيدىغان بولساڭ، ئەتە ئىدارىنىڭ كاسسىرى بىلەن كۆرۈش.

—شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ زادى. نەچچە ئايدىن بېرى بىر قىسىملا بولۇپ قالدىڭىز، ھە دېسىلا ئاغىنىلەر بىلەن ئولتۇرىدىكەنمىز، كەچتە سىمىنا قوشۇپ ئىشلەيدىكەنمىز دەپ سىرتقا يۈگۈرگىنىڭىز يۈگۈرگەن. راست ئۇخشايدۇ دەپ ئىشخانىڭىزغا تېلېفون بەرسەم ئالىدىغان ئادەم يوق...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم. مەن گۈلجامالنى سۆزۈمگە شەكسىز ئىشىنىدۇ، مەندىن گۇمانلانمايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، «مەن ئىشخانىدا» دېگەن چاغلىرىمدا تېلېفون بېرىشنى نەدىن بىلەي...

—سەن قاراپ تۇرۇپ يالغان ئېيتما، مەن ئىشخانىغا بارماي نەگە بېرىپتىمەن؟ — يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ تۇرسىمۇ، ئاسانلا تەن بەرگۈم كەلمىدى، — بىكاردىنلا قارا چاپلاپ، ماڭا ئۇۋال قىلما.

—مەن ئۇۋال قىلدىمما؟ مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۆچلۈك دېگەن شۇكەندە، سىزنىڭ ئىشخانىڭىزغا بارماي، نەلەردە نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىڭىزنى بىلسەم، ھەرگىز سوراپ ئولتۇرمايتتىم. ئىشقىلىپ خىيالىڭىزغا شامال تەگدى. يېقىنىنىڭياغى ئۆيدە بىرەر ھەپتە بېسىپ ئولتۇرۇپ باققان چاغلىرىڭىز بارما؟ تېلېفونىڭىز سايرا ـ سايرىمايلا ئۆيدىن چىقىپ كەتسىڭىزمۇ ھېچنېمە دېمىسەم، مېنى سەزمىدى، بىلمىدى دەپ ئويلىغانمىدىڭىز.

گۈلجامالنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، يۈرىكىم سەل كۆتۈرۈلگەندەك بولدى. «ئۇ مېنىڭ ئىشلىرىمنى ئۇقمايدىكەن، پەقەتلا گۇمان ئېلىپ قالغاندەك تۇرىدۇ»، شۇلارنى خىيال قىلىپ، يېنىك نەپەس ئالدىم.

—دېگىنىڭمۇ توغرا خوتۇن، يىل ئاخىرى ئەمەسمۇ، ئىدارىدا ئىشلار غولداپ قېلىۋاتىدۇ. ھەممىمىزنىڭ ۋەزىپىسى بار، ئېھتىمال سەن تېلېفون بەرگەن چاغلاردا مەن يا باشلىقنىڭ ئىشخانىسىدا، يا كۆپەيتىپ بېسىش بۆلۈمىدە.

گۈلجامال مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، كۆڭلى ئاز ـ تولا تەسكىن تېپىپ قالغاندەك، غۇدۇڭشىدى.

—«بىر ئۆيگە كىرسەڭ بالادا قالدىڭ، كىرمىسەڭ تالادا» دېگەن مۇشۇ، بىر چاغلاردا بەختلىك ئائىلە قۇرىمىز، مەن ئۇنداق قىلىمەنەي، مەن مۇنداق قىلىمەنەي، دېگەن تاتلىق گەپلىرىڭىزگە ئىشەنمىگەن بولسام، بۇ تارتقۇلۇقمۇ يوق ماڭا، مانا ئەمدى بىر ئۆينىڭ يۈكى شۇنداقلا قالدىغۇ؟

گۈلجامالنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە، گەپ قىلمايلا تاماكا تۇتاشتۇردۇم. ئۇ ئۆزىگە بىر ھازا قايىنىغاندىن كېيىن، تاماكا ئىسىغا چىدىيالمىغاندەك قۇرۇق يۆتىلىپ چىقىپ كەتتى. مەن قورققان، چاندۇرۇپ قويۇشۇمدىن ئەنسىرىگەن بىر مەيدان بوران ـ چاپقۇن ئاخىرى ئۆتۈپ كەتكەچكە، بىردىنلا يېنىكلىشىپ قالدىم. ئەمما، كېيىن يەنە مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلسەم قانداق قىلىمەن؟!...

زادى قانداق؟ بۇ ھەقتە كۆپ ئويلىغان بولساممۇ بىرەر ئەپلىك چارە تاپالمىدىم ـ دە، سۇنىڭ ئىقىشىغا قاراپ ئىش تۇتماقچى بولدۇم. مانا ئەمدى...

ئىشخانىغا كىرىپمۇ قولۇم ئىشقا بارمىدى. نۇرغۇن چارىلەرنى، جاۋابلارنى ئويلىغان بولساممۇ، ئەمما ھېچقايسىسىغا كۆڭۈل توختىتالمىدىم.

ــ بۇندىن كېيىن بىر نەرسە كۆتۈرۈپ كەلمەڭ، ــ دېگەندى گۈلپەرى ئالدىنقى قېتىم ئاچچىقلانغاندەك چىرايىنى تۈرۈپ، ــ بۇنداق قىلغىلى تۇرسىڭىز، ئۆزۈمنى نېمىشقىدۇر ھېلىقى ئاياللاردەك ھېس قىلىپ قالىدىكەنمەن، ئۆزۈم نامرات بولساممۇ، خەختىنىڭ نەرسەسىنى بۇنداق ئېلىۋېرىشەم بولمايدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە بۇ دۇنيادا ئۆزۈمنى تەنھا سېزىپ، يالغۇزچىلىقتا غېرىبسىنىپ قالمىغان بولسام، سىزنىمۇ بۇ ئۆيگە يولاتمايتتىم. ئەمما، قانداق قىلىمەن؟ ئايال كىشى دېگەن مۇشۇنداق ئاجىز ئىكەن. ئاتا ـ ئانام بولمىسىمۇ، بىرەر ئۇرۇق ـ ـ تۇغقىنىم بولغان بولسا...

ــ بولدى، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، بۇ تەرىپىنى ئوبدان بىلىمەن. لېكىن، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم ئۇنىمايدىكەن. سىز غەيرىي خىياللاردا بولماي، بۇنى سىرداش دوستۇمنىڭ كۆڭلى دەپ چۈشىنىڭ...

ــ بوپتۇ، ھازىرچە شۇنداقمۇ دەيلى، ئەمما، ئۆزىڭىزنىڭ ھېلىھەم بىر ئۆينىڭ بېشى ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ...

ــ ئۇنتۇپ قالامدىغان، ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن گۈلپەرى...

ــ مەنمۇ مۇنداق تۇرۇشقا خۇشتار ئەمەس. ئەمما، قانداق قىلىمەن؟ بەزىدە ئۆز ئاجىزلىقىمغا جەڭ ئېلان قىلاي دەيمەن، ئەمما ئىشنى قايەردىن باشلاشنى بىلمەيمەن، ئىچىم پۇشىدۇ. كۆڭلۈم سىقىلىپ، ئۆزۈمنى بۇ دۇنياغا ئارتۇق تۇغۇلۇپ قالغاندەك سېزىمەن. بىرەر كىم بىلەن مۇڭداشقۇم، پاراڭلاشقۇم، كۆڭۈل تۈگۈنچىلىرىمنى ئېيتىپ، يول سورىغىم، قەلبىمنى تاتىلاۋاتقان زىددىيەتلىك، ئىزتىراپلىق تۇيغۇلىرىمنى بايان قىلىپ، ئاز ـ تولا يەڭگىللەپ قالغۇم كېلىدۇ. بىراق، بۇ تۆت تام ئىچىدە سولىنىپ ئولتۇرىۋاتسام، بۇنى كىمگە دەيمەن؟! سايىم دادام ھەپتە قارارىدا بىر كېلىپ كەم كوسىلىرىمنى قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. بىراق، ئۇنىڭغا ھەممە گەپنى دېگىلى بولمايدىكەن. شۇڭا، سىزنى كۆرسەم، پاراڭلاشسام، ئويلىغانلىرىمنى دېسەم، ئىچ پۇشقىم تۈگەپ، يەڭگىللەپ قالىدىكەنمەن، بىراق، سىز داۋاملىق بىر نەرسە كۆتۈرۈپ كەلگىلى تۇرسىڭىز، خىجىل بولماي تۇرالامدىمەن؟

ــ بايام دېدىمغۇ؟ بۇ راستىنلا مېنىڭ كۆڭلۈم...

ــ كۆڭۈل پۇل ـ مال بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. سىزنىڭ ۋاقىت چىقىرىپ كېلىپ، مەن بىلەن پاراڭلىشىشىڭىزمۇ ماڭا ئالەمچە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ.

ــ ماقۇل، دېگىنىڭىزچىلا بولسۇن. بۇندىن كېيىن دىققەت قىلسام بولىدىغاندۇ؟!...

ئۇ رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتقاچ كۈلۈمسىرىگەنىدى.

ئىشخانىدا خېلى ئۇزۇن ئولتۇردۇم، ئارقا ـ ئارقىدىن تاماكا چېكىپ مۇلاھىزە قىلغان بولساممۇ، يەنىلا قانداق قىلىشنى بىلمەيتتىم. گۈلپەرى ھېلىقىدەك سۆزلەرنى دېگەن بولسىمۇ، ئەمما، قۇرۇق قول بېرىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. ھېيت يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنداق چاغدا ئاتا ـ ئانىغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا بىرەر نەرسە سوۋغا قىلىش ھېيتنىڭ يارىشىقى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، مېنىڭمۇ گۈلپەرىگە بىر نەرسە سوۋغا قىلغۇم بار. بىراق، ھازىرنىڭ ئۆزىدە قانچىلىك ۋەجىم بارلىقى كۆڭلۈمگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇنچە يىلدىن بېرى بىرەر نەرسە سېتىۋالسامۇ، گۈلجامالدىن ئۇدۇللۇق پۇل ئېلىپ كۆنۈپ قالغاچقا، يېقىندىن بۇيان ھە دېسىلا يانچۇقۇمغا كۆنە نەچچە رەت قارايدىغان بولۇپ قالغاندىم.

ــ ئوغۇل بالا دېگەننىڭ ئۈچ نەرسىسى بولۇش كېرەك، ــ دەيتتى تۇرەك باقى پو ئېتىپ، ــ بىرى، ئايالى بىلمەيدىغان ئىككى ـ ئۈچ مىڭ يۈەن پۇلى؛ ئىككىنچىسى، ھەگە ـ ھە بولالايدىغان قىز دوستى؛ ئۈچىنچىسى، جانغا ئەسقاتىدىغان، بېشىغا كۈن چۈشكەندە خاپىلىقنى تەڭ تارتىشىپ بېرەلەيدىغان بىر ياكى ئىككى ئاغىنىسى...

بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا ئۆزۈمنى ئاشۇ شەرتلەرگە سېلىشتۇرۇپ، ئىچىمدە كۈلگەنىدىم. ھالال جۆپتۈگىدىن يوشۇرۇپمۇ پۇل ساقلىغۇلۇقمۇ؟ بىر ئۆيگە كىرگەن، بىر ياستۇققا باش قويغان ئىكەنسەن، بىر ـ بىرىڭگە ئىشىنىشىڭ كېرەك. يەنە تېخى «ھەگە ـ ھە بولالايدىغان قىز دوست» بولۇشى كېرەككەن، تازا كۈلكىلىك گەپ بولدىغۇ بۇ! ئۇنىڭدىن كۆرە چىرايلىق مودا كىيىنگەن ئۈچىنچى شەخستىن بىرنى تاپ دەپ ئاشكارا دەۋەرسە بولمامدۇ؟!

مانا ئەمدى بۇرۇنقى ئىشلارنى ئويلىسام، نادانلىقىمغا، ئىش ئۇقمايدىغانلىقىمغا ئۆكۈنۈۋاتاتتىم. شۇ تاپتا يانچۇقۇم قۇرۇق دېگۈدەكلا ئىدى. بازارغا چىقسامىمۇ گۈلپەرىگە يارايدىغان سوۋغات ئېلىشقا كۆزۈم يەتمەيتتى. ئىشخانىدىكىلەردىن يېقىندىن بۇيان تولا پۇل سوراپ، بەزىلەرنىڭكىنى يۈزۈمنى داپەك قىلىپ، گۈلجامالغا ياڭ

غان سۆزلەپ يۈرۈپ بېرىۋەتكەن بولسامۇ، ئەمما شىلـ
لەمدە يەنە خېلىلا قەرز بار ئىدى. شۇڭىمىكىن ئۇلار قاـ
چان پۇل تۇتۇپ قالاركىن دېگەندەك دەككە ـ دۈككىگە
چۈشۈپ، خودۇكسىرەپ يۈرىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە
«بۇ ئايلىق ئىش ھەققىنى ھېيتقا ئۇلگۇرتۇپ بەرمەيدىـ
كەن» دېگەن گەپلەر بولىۋاتقاچقا، ئۇلارنىڭ ماڭا قەرز
بېرىش ـ بەرمەسلىكىگە ئىشەنچ قىلالمايتتىم. شۇڭا،
خېلى كۆپ كۆڭۈل يۇگۇرتۇپ ئاخىرى باشقا ئىدارىدا
ئىشلەيدىغان بىر ئاغىنەمنى يادىمغا ئالدىم ـ دە، بىردىنلا
خۇشال بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

ــ ھە، نەگە ماڭدىڭلا؟ ــ سورىدى تۇرەك باقى
مېنىڭ ئورنۇمدىن تۇرۇپلا سىرتقا ماڭغىنىمنى كۆرۈپ.

ــ سىرتقا چىقىپ، تاماكا ئېلىپ كىرەيمىكىن، ــ
ئېغىزىمغا كەلگىنى بويىچە ئۇدۇللا جاۋاب بەردىم.

ــ يولۇمنى قىسقارتتىڭلا مانا، ئەتىگەن يانچۇـ
قۇمغا تاماكا سېلىۋالماپتىكەنمەن. ئىدارىنىڭ ئالدىدىكى
بوتكىغا چىقىشىمۇ خۇش ياقماي ئولتۇرغان، ھېلىقى «ـ
ئۈچ بەش» ماركىلىق تاماكىدىن بىر قاپ، ياق بىراقلا
ئىككى قاپ ئالغاچ كىرىڭلار.

مەن ئۇنىڭ ئىش ئۈستىلىنىڭ يېنىدا شاققىدە
توختىدىم. ئورنۇمدىن تۇرغان چاغدا ئاۋۋال قەرز ئېلىش،
ئاندىن بازار ئايلىنىپ، گۈلپەرىگە سوۋغات سېتىۋېلىشنى
نىيەت قىلغانىدىم.

ــ بىرەر ئىش بارما؟ ــ سورىدى تۇرەك باقى مېـ
نىڭ بىردىنلا توختاپ، ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىمنى
كۆرۈپ.

ــ ياق... ياق... باشقا ئىشقۇ يوق.

ــ يانچۇقۇمغا پۇل سېلىۋالماپتىكەنمەن، ــ دېـ
دى ئەتراپقا ناھايىتى تېزلىك بىلەن قارىۋەتكەندىن كېـ
يىن، ئاۋازىنى پەسەيتىپ، مۇغەمبەرلىك بىلەن ھىجايغاچ،
ــ ئىككى قاپ تاماكا دېگەننى ئەكىرىۋېرىڭلا، ئىككىمىز
ھېسابلىشىۋالىمىز. تۇرمۇشتا بۇنداق ئۆتنە ـ يېرىم
ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. مەنمۇ باشقىلار بىلەن ئوينىغاندا
قەرزلىرىنى تۆلەپ قويغان. •

ئاچچىقىم كېلىپ تىترەپ كەتتىم. ئاشۇ چاغدا ئۇ
مەن بىلەن توختى تۆمۈرنى ھۆل خىشقا دەسسەتكەن
تۇرۇقلۇق، يەنە دەۋاتقان گېپىنى قارا، ھۇ نائەھلى، ئىنـ
سابىنى يوقاتقان توڭگۇز. سەن تاز دېگۈچە، مەن دەۋالاي
دەپتۇ ـ دە، ئەگەر شۇ چاغدا گۈلپەرى مەست بولۇپ قالـ
مىغان بولسا، تازا ئەدىپىنى بېرەتتىم بۇ تويمىغۇرنىڭ،
ھېلىمۇ بۇ گەپنى مەيلى ئاشكارە، مەيلى يوشۇرۇن نەچچە
قېتىم دەۋالدى. مەنمۇ ئاشۇ يىگىرمە يۈەن پۇل ئۈچۈن
«ئۈچ بەش» ماركىلىق تاماكىدىن بەش، ئالتە قاپ ئەكىـ
رىپ بولدۇمغۇ!... تۇرەك باقى چىرايىمدىكى ئۆزگىرىشنى
سەزگەن بولسا كېرەك، كۈلكىسىنى توختاتتى ـ دە، چىـ
رايىنى بىر دەمدىلا ئۆزگەرتىپ، پىچىرلاپ دېگۈدەك دېـ
دى:

ــ ھېساب ئۆلمەيدۇ ئاداش، ئادەم بار يەردە چانـ
دۇرماي ماڭغىنە...

ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشىمۇ، يالۋۇرۇشىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن
گېپىنى ئاڭلاپ سىرتقا قاراپ ماڭدىم.

كۈنلەر قېلىپتا قۇيغان خىشتەك بىر خىل ئۆتۈۋاـ
تاتتى. بۇ كۈنلەردە خىزمەتلەرمۇ ئالدىراش ئىدى. شۇنـ
داقتىمۇ ناگان ـ ناگاندا ئۆيگە ۋاقتىدا قايتقىنىمنى ھېـ
سابقا ئالمىغاندا گۈلپەرى بىلەن ھەپتىدە ئۈچ ـ تۆت
قېتىم كۆرۈشۈشنى تەرك ئەتمىگەنىدىم.

ــ مۇشۇ كۈنلەردە بەك ئالدىراشلا بولىۋاتىـ
سىز ـ ھە؟ ــ سوراپ قوياتتى بەزىدە گۈلجامال.

ــ ھەئە، ئىشخانىنىڭ ئىشلىرى كۆپىيىپ قالدىغۇ
تاڭ، «بىلدىم تۇتۇلدۇم، بىلمىدىم قۇتۇلدۇم» دېگەندەكلا
ئىشلار بولىۋاتىدۇ. بەزىلەر بىلمەيدىكەنمىز، قولىمىزدىن
كەلمەيدىكەن دېسە، بۆلۈم باشلىقىمۇ مېنى ئانىي تاپـ
قاندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەكلا ماڭا ئارتىپ
قويىۋاتىدىغۇ تاڭ...

ــ سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ، سىز ساقلا بولسىـ
ڭىز، نى ـ نى ئىشلارنى قىلالايسىز، ئۆيگىمۇ ۋاقتىدا
قايتىپ كېلىڭ، باللارمۇ بەزىدە «دادام نېمىشقا باشقا
ئاداشلىرىمنىڭ دادىسىدەك سائەت توشقان ھامان ئۆيگە
قايتىپ كەلمەيدۇ ئانا؟» دەپ سوراپ كېتىدىكەن.

ــ ئۇلارغا «داداڭنىڭ ئىشلىرى ئالدىراشكەن»
دېسەڭ بولمامدۇ؟

ــ دېمەي قالامدىمەن؟ بەزىدە ئاكا ـ ئۇكا ئىكـ
كەيلەن يولىڭىزغا قاراپ بىر چاغقىچە ئۇخلىمايدۇ.

بۇنداق چاغلاردا گۈلجامال كۆزۈمنىڭ تېگىگە قاـ
راپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قوياتتى.

مەن گۈلپەرىگە ھەقىقەتەن ئۆگىنىپ قالغانىدىم.
ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن چاغلاردا، گىرىم قىلىنمىغان
بولسىمۇ، ئادەمگە تەبئىيلا چىرايلىق كۆرۈنىدىغان
يۈزلىرىگە، چىرايىغا قاراپ، «گۈلجامالمۇ گۈلپەرىنىڭ
ھازىرقىدەك يېشىدا مۇشۇنداق چىرايلىق، تارتىملىق قىز
ئىدى. ئۇنى بىر كۈن كۆرمىسەم، بىر نەرسەمنى يوقىتىپ
قويغاندەك تۇتقان، قويغىنىمنى بىلەلمەيدىغان ھالغا
كېلىپ قالاتتىم» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ كېتەتتىم ـ
دە، ئارقىدىن يەنە، «مەن نېمە بولىۋاتىمەن زادى؟ كونا
خامانىنى سورىغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۆتكەن كۈنـ
لەرنى ئەسلەپ يۈرگىچە ئالدىمدىكى بەختلىك كۈنلەرـ

نى، شېرىن مىنۇتلارنى خىيال قىلسام بولامدۇ؟ ھەي ئەخمەقلىقىم، ئەخمەقلىقىم...» دېگىنىمچە ئۆزۈمنى ئەيىپلەيتتىم. ئەمما، ماڭغان يولۇمنىڭ تۇيۇق يول ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرساممۇ، يەنىلا ئۇنىڭ قانداق نەتىجە بىلەن خاراكتېرلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ قويمايتتىم.

ـــ بۇ گۈلنى ئايالىڭلىغا سېتىۋالدىڭلىما؟ ـــ مەن ئەمدىلا گۈل دۇكىنىدىن چىقىپ، تونۇش ـ بىلىشلەر ئۇچراپ قالمىغىدى، دېگەندەك ئەتراپىمغا قاراۋاتقاندا، تۇرەك باقى ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولدى.

ـــ ھەئە، ـــ دېدىم مەن بىردىنلا ھودۇققاندەك.

ـــ قاراڭلا قىزىرىپ كەتكىنىڭلىنى، دېسەم ـ دېمىسەم بۇ گۈل ھېلىقى تومۇچۇقنىڭ، ئاپلا، ئۇنتۇغاقلىقىمنى قاراڭلار، بۈگۈن «ئاشىق ـ مەشۇقلار بايرىمى» ئەمەسما؟ مۇشۇ گۈل بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىر ئالاي دەپسىلىدە...

مەن ئېھتىيات يۈزىسىدىن باشقىلار ئىشتىن چۈشۈپ كېتىپمۇ خېلى ۋاقىتنى ئۆتكۈزىۋېتىپ، ئاندىن گۈل دۇكىنىغا يول ئالغانىدىم. «قورققان يەردە جىن بار» دېگەندەك، مانا ئەمدى تۇرەك باقىغا ئۇچراپ قالغانلىقىمنى قارىمامدىغان، مەن نېمىشقىدۇر ئۇھسىنىپ قويدۇم.

ـــ «بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن، كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كەتتى» دېگەن شۇ، مۇشۇ كۈنلەردە «كۆكۆل شوخ» دەڭلا، ئوغۇل بالا دېگەننىڭ ئارغامچىغا ئۇن تىقىش، نوغۇچتا ئوت پۈۋلەش، موردىن تەتۈر چۈشۈشتىن باشقا ھەممە ئىشنى قىلىپ باققۇلۇق. لېكىن، ئاداش، ھەممە ئىش ھەللىسىدە بولغىنى ياخشى. ئىزدەشكەن ۋاقىت بەك ئۇزىراپ كەتسە، ھەممە ئىش خۇپىيانە بولغان تەقدىردىمۇ پاختا ئىچىدە چوغ ساقلىغىلى بولمىغاندەك ھامان ئاشكارا بولۇپ قالىدۇ. سېلىنىڭ ئىللىق ئائىلەڭلار بار ئادەم، بىكاردىن ـ بىكار سورۇقچىلىق تارتىپ قالماڭلار، ئۇنداقلارنى بارغۇ، كۆيدۈم ـ پىشتىم دەپ قويۇپ، ئۈچ ـ تۆت ئايدىلا كەشىنى توغرىلىغۇلۇق. بولمىسا كېيىن پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالىسىلەر...

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا يېنىمدىن كەتتى. «ئىچىڭ ئېچىشىپ كېتىۋاتقان ئوخشايدۇ تۇرەك باقى، سەندەك گىرىيلىق قىلىپ، باشقىلارنى بابلاشىنىڭلا كويىدا يۈرىدىغان ئادەم ئاياللارنىڭ كەشىنى توغرىلاپ بولغۇچە، ئۇلار تەبىئىيلا سېنىڭ كەشىڭنى توغرىلاپ قويىدۇ. بۇ شۇنداق گەپ ئۆزى، باشقىلارنىڭ خۇشال يۈرگىنى، ئويۇن ـ تاماشىسانىڭ جايىدا بولۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئىچىڭ ئېچىشمىسۇن، چىدىغانغا چىقارغان ئويۇن بۇ!...» مەن شۇلارنى ئويلاپ، خېلىلا يىراقلىشىپ كەتكەن تۇرەك باقىغا قاراپ قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتىم... گۈلجامالمۇ ئۆيدە پات ـ پات كوتۇلدايدىغان بولۇپ قالدى.

ـــ ئاياللار بايرىمىغا ئىدارىدىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى پارقىرىتىپ كىيىم ـ كېچەك سېتىۋاپتۇ.

ـــ سەنمۇ سېتىۋالساڭ بولىدىغۇ؟

ـــ بۇ ئايدا ئوغلىمىزنىڭ سۇغۇرتا پۇلىنى تاپشۇرىمىز، چىقىش قىلالمىغۇدەكمىز.

ـــ ئەمىسە ئالمايلا قوي. ھېلىمۇ ئۆيدىكى نەرسىلىرىڭنى تىزسا بىر دوكان ئاچقىلى بولىدۇ.

ـــ ئاشۇ كونا كىيىملەر بىلەنما؟ توۋا دەڭە مۇساجان. مۇشۇ نەچچە يىلدىن بېرى ئۆز قولىڭىز بىلەن نېمە ئېلىپ بەردىڭىز ماڭا؟

ـــ ئالغۇڭ بولسا كوتۇلداپ، قۇلاق مېڭەمنى يېگۈچە ئېلىۋەرمەمسەن؟ پۇل سەندىغۇ؟ ھەر ئايدا قولۇڭغا تۇتقۇزىۋاتىمەن.

ـــ ھۆي تۇتۇپ باقمىغان ئادەمدەك گەپ قىلىدىكەنسىز، بىر ئۆي دېگەندە ھاۋادىن باشقىسىنىڭ ھەممىسىگە پۇل كېتىدۇ. ھېلىمۇ پۇلنىڭ ئالدى ـ كەينىگە قاراپ، موچەنلەپ خەجلەپ يۈرىۋاتىمەن.

ـــ ئاشۇنداق بولغاندىكىن ئۆزۈڭنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ يۈرمەي، كۆرىۋاتقان كۈنۈڭگە شۈكرى قىل...

ـــ تولۇمدىن توقماق چىققاندەك گەپلەرنى قىلىپ، نەشتىرىڭىزنى سانچىغۇچە، چىرايلىق گەپ قىلىڭە، بىر ئۆيۈم، بالا ـ چاقام، ئېرىم دەپ چاشقاندەك يىغمىسام، ئاشۇلاردىن قالغىچىلىكىم بارمۇ مېنىڭ؟ ـــ گۈلجامال بىردىنلا كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش ئالدى، ـــ ھېلىمۇ نەچچە يىل ئىلگىرى كىيگەن كىيىملەرنى كىيىپ يۈرىۋاتىمەن. باشقىلارنى قويۇپ، ئىدارىڭىزدىكى ئاياللارغا قاراپ بېقىڭە، خۇددى مودىللاردەك كۈندە نەچچە خىل يۈرىشىدۇ. ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس، دېگەن گەپمۇ بار...

ـــ سەن ئېشەك بولمىغاندىكىن، ئۇلارغا ئۆزۈڭنى ئوخشاتما، ـــ بۇ گەپ بىلەن ئۇنىڭ چىرايى سەل ئېچىلغاندەك بولدى.

ـــ سىزنىڭ دېگىنىڭىزغۇ توغرا، ئەمما، دوست بار يەردە دۈشمەن بار مۇساجان، شۇڭا...

ـــ ئۆزۈڭ بىل، ئاياللار بايرىمىغا بىر نەرسە ئالامسەن، ئالماسەن، ئىختىيارىڭ... لېكىن، ھەممە ئىش ھەللىسىدە بولسۇن.

ئۇ بىردىنلا جىم بولۇپ قالدى. گۈلجامالنىڭ مـ

كىتاب يۇرتى



جەزىنى ئاياقتىكى ئاشتەك ئېنىق بىلگەچكە، ئەمدى گەپ قىلىشنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. ئەمما، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا، گۈلجامال بۇ گەپلەرنى بىر ئەمەس، نەچچە قېتىم ئېغىزىغا ئالغان بولسىمۇ، تىنماي تۇرىۋالدىم - يۇ، ئۆزۈمچە گۈلپەرىنىڭ كۆڭلىنى قانداق ئېلىشنى ئويلىدىم.

—ئاياللار بايرىمىڭىزغا نېمە سوۋغا قىلسام بولار؟

—سورىدىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا، — ئەسلىدىغۇ سورىمىسام بولاتتى. ئەمما، نېمە سوۋغا قىلىشنى بىلەلمەي قالدىم.

—كۆڭلىڭىز تېگىل بولدى. ئارتۇقچە ئاۋارە بولماڭ.

—بۇنداق گەپلەرنى ئاز قىلىڭ. ئادەمدە كۆڭۈل دېگەن گەپمۇ بار. بوپتۇ ئەمىسە، سىزدىن مەسلىھەت سورىمىغان بولاي، قالدىسىنى ئۆزۈم بىلەي - ھە!

مەن گۈلپەرىگە شۇ ۋەدىلەرنى بېرىۋاتقاندىمۇ كۆڭلۈمدە ئېنىق سان يوق ئىدى. ئۇنىڭغا ئوبدانراق سوۋغا تەقدىم قىلىپ، ئۇنى ھەيران قالدۇرۇشنى ئويلايتتىم. ئاخىرى ئۇنىڭ بىر چاغلاردا «دىلرابا بىر مىدالىئون سېتىۋاپتۇ قاراڭ، جىنىڭ مالمۇ، يا ساختا مالمۇ بىلەلمىدىم. (دېدەك مۇنچاق ئاسسا، چىقمىغان دۆڭ قالماس) دېگەندەك، ئاتايىن ئاشۇ نەرسىنى كۆز - كۆز قىلغىلى ئۆيۈمگە كەپتۇ» دېگىنىنى ئەسلەپ قالدىم - دە، دىلرابا ئالغىنىدىنمۇ ياخشىراق مىدالىئوندىن بىرنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇش نىيىتىگە كەلدىم. ئەمما، يانچۇقۇم بوش ئىدى. يەنە تېخى ئىككى كۈندىن كېيىن بايرام يېتىپ كېلەتتى.

—ئاڭلىدىڭىزمۇ مۇساجان؟ — سورىدى گۈلجامال ئىشتىن يېنىپ ئەمدىلا ئۆيگە كىرىشىمگە، — ئانام كېسەل بولۇپ قاپتۇ، بۈگۈن دوختۇرخانىغا ئاپارغانىكەن، بالنىستقا ئاپتۇدەك. تېخى ھېلىلا چوڭ ئۆيدىن تېلېفون كەلدى.

ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ نەپەس يوللىرى ياللۇغى كېسىلى بولغاچقا، ئانچە ئەنسىرەپ كەتمەيلا سورىدىم:

—يەنە شۇ كونا كېسىلى قوزغىلىپتىمۇ؟

—شۇنداق بولۇشى. تېلېفوندىمۇ ئېنىق ئېيتمىدى، چۈشتىن كېيىن ۋاقىت چىقارسىڭىز، بىرگە بېرىپ كەلسەك بولارمىكىن.

—بايام بۆلۈم باشلىقى چۈشتىن كېيىن يىغىن ئاچىمىز دەۋاتقان، ئېھتىمال رۇخسەت بەرمەسمىكىن؟ سىلى بېرىۋېرىڭلار، ئەگەر ۋاقىت چىقىرالىسام سىلىگە تېلېفون قىلاي.

گۈلجامال گەپ قىلمىدى. شۇ كۈنى كەچتىمۇ، ئەتىسى ئەتىگەندىمۇ ئۇ مېنىڭ دوختۇرخانىغا بېرىشىمنى ئۆتۈندى. «نېمىلا بولمىسۇن دوختۇرخانىغا بىر بېرىپ كېلىڭ مۇساجان، ئانام سىزنى بەك سوراۋاتىدۇ. مەن يالغان ئېيتىپ بولالماي قالدىم». مەن «ماقۇل» دېگەندەك بېشىمنى لىڭشىتتىممۇ، ئەمما خۇشاللىقتا سەكرىۋەتكىلى تاسلا قالدىم. ئۇنىڭ ئاشۇ سۆزى ماڭا بىر ئەقىلنى ئۆگەتكەنىدى. «بۇنىڭدىن ئارتۇق باھانە بولمايدۇ. شۇنداق قىلاي، چوقۇم شۇنداق قىلىشىم كېرەك». كۆڭلۈم بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بولۇپ، خۇشاللىقىمدا ئالقانلىرىمنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ قويدۇم.

—ئانام كېسەل بولۇپ، بالنىستتا يېتىپ قالدى ئاداش، ئادەم دېگەنگە بۇنىڭدىن ئارتۇق كۈن يوق ئىكەن. قولۇم قىسقا بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئازراق پۇل بەرگەچ تۇرە، كېلەركى ئايدا قايتۇرۇۋېتىمەن.

—ساڭا نەچچىلىك لازىم؟

—ئۈچ - تۆت مىڭ يۈەن بولسا يېتىدۇ.

—مەندە ئۇنچىلىك يوق، ئىككى مىڭ يۈەن دېسەڭ بېرەي.

—مەيلى ئەمىسە، شۇنى بەرگەچ تۇر، ھۆججەت يېزىپ بېرەي، قالدىسىنى بىر ئامال قىلارمەن.

—...

شۇنداق قىلىپ ئىككى - ئۈچ ئاغىنەمدىن ئۆزۈم پەرەز قىلغان پۇلنى قەرز ئالدىم - دە، بازاردىكى نەچچە دۇكاندىن تاللاپ يۈرۈپ، گۈلپەرىگە ئالماس كۆزلۈك مىدالىئوندىن بىرنى سېتىۋالدىم. ئەپسۇس...

بىردىنلا ئۇلۇغ - كىچىك تىندىم. شۇ تاپتا يۈرىكىم ئەلەمدىن يېرىلىپ كېتەي دېگەنىدى. تۇرەك باقىنىڭ زورلىشى بىلەن ئاچ قورساققا ئىچىلگەن ھاراق ھەممىنى كۆيۈككە ئايلاندۇرۇپ، شىللەمگە يەنە خېلىلا قەرزنى ئارتىپ قويغانىدى. ئەمدى قانداق قىلىشىمنى، بۇ پۇللارنى قانداق قايتۇرۇشنىمۇ بىلمەيتتىم. شۇڭىمىكىن، ئىككى قولۇم بىلەن بېشىمنى قاماللاپ، خېلى ئۇزۇن ياتقان بولسامۇ، بىرەر چارە تاپالمىدىم. شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ، ئوغلۇم سۆزلىگىنىچە كىرىپ كەلدى:

—ئويغىنىپ قالدىڭمۇ دادا؟

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، ئەتىگەن گۈلجامال تەييارلاپ قويغان چايدىن بىر يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن، خىيالىمدىن لاپ قىلىپ كەچكەن ئوي بىلەن سورىدىم:

—مېنى ئاخشام ئۆيگە كىم ئەكىلىپ قويدى؟

—سەن بىلەن ئىشلەيدىغان تۇرەك باقى دېگەن ئادەم ھاپاش قىلىپ ئەكەپتۇ. ئىشىكنى گۇمبۇرلىتىپ بىر

ئۇرغىلى تۇرۇپتى، بەك قورقۇپ كەتتۇق دېگىنە، ئۇ ئادەمنى بەك جىق تىللاپ كەتتىڭ دادا...

ئوغلۇمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۈن دېمىدىم، يۈزۈم بىردىنلا قىزىشقاندەك بولدى ـ دە، كۆزۈمنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتىم.

ــ ئانامۇ بىر كېچە ئۇخلىماي چىقتى. سەن ئورنۇڭدىن تۇرىۋېلىپ بىر كىمنىڭ ئۆيىگە بارىمەن دەپ بەك خاپا قىلدىڭ، ئانام بىر يىغلىغىلى تۇرۇپتى، بىزمۇ ئۇخلىيالمىدۇق.

ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالماي قالدىم. «مەسىلىكىمدە ھەممىنى دەپ تاشلاپتىمەن مانا، ‹نادان تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئېلىنىپتۇ› دېگەن شۇ، مۇشۇ چاققىچە بۇ ئىشلارنىڭ ئىس ـ بۇسىنى چىقارماي كەلگەن ئادەم، يېرىم جىڭ ھاراقنى كۆتۈرەلمەي، بىر تاختا قوغۇننى بىر پۇل قىپتىمەن...» ئويلىغانسېرىم پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ، يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشقاندەك، پۇت ـ قوللىرىمنىڭ ماغدۇرى قاچقاندەك، ئۆي چۆرگىلەۋاتقاندەك بىلىندى.

ــ راست، يانچۇقۇڭدا بىر قۇتا بار ئىكەن. ئانام ئاۋۇ تارتمىغا سېلىپ قويدى، ــ ئوغلۇم سۆزلىگەچ تام ئىشكاپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تارتمىنى ئاچتى ـ دە، باياتىن بېرى مېنى غەم ـ غۇسسىگە سالغان يۈرەك شەكىللىك نەپىس ئىشلەنگەن قىزىل دۇخاۋا قۇتىنى ئالدى،ــ ئاخشام بۇنى بىرىگە سوۋغا قىلىمەن دەپتىڭ، ئانام قولۇڭدىن تارتىۋالدى.

ئوغلۇم تەڭلىگەن قۇتىنى قولۇمغا ئالغان بولساممۇ، ئەمما نېمىشقىدۇر خۇشال بولالمىدىم. ئۇنىڭ گەپلىرى مېنى تىك يار لېۋىدە تۇرۇپ، يا ئالدىغا، يا كەينىگە مېڭىشنى بىلەلمەي قالغان ئادەمگە ئوخشىتىپ قويغانىدى. شۇ تەرىقىدە قانچىلىك تۇرغانلىقىمنى بىلەلمىدىم. ئەمما، ئوغلۇمنىڭ چاڭىلداپ سۆزلىشى بىلەن خىيال كەپتىرىم ئۇچۇپ كەتتى.

ــ ئانام... ئانام كەلدى.

كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. ئىشىكتىن گۈلجامال ئەمەس، ئانام كىرىۋاتاتتى. بۇنى كۆرۈپ، پۇت ـ قوللىرىم دىرىلدەپ تىترەپ، يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. «ئاخشامقى ئىش ئۈچۈن ئەمدى ئانامنى باشلاپ كەپسەندە؟ نەچچە يىللىق ئەر ـ خوتۇنچىلىقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ، بۇ ئىشنى ئانامغا ئېيتماي، مېنى ئۇرساڭمۇ، تىللىساڭمۇ بولاتتىغۇ؟ ئەمدى بۇ ئىشلارنى ئانامغا قانداق چۈشەندۈرىمەن؟ بۇ يۈزۈمنى قەيەردە كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟ نى ئات، نى نومۇس...؟

ــ ساقىيىپ قالدىڭمۇ بالام، ــ دېدى ئانام ئالدىمغا كېلىپ، چىرايىمغا قاراپ، ــ بايام گۈلجامال قىزىم «ئاخشام موتسىكىلىتىڭ چىرىغى يانماي يىقىلىپ چۈشۈپتۇ» دېگەنتى، بەكلا ئەنسىرىدىم. ھازىر ئەھۋالىڭ قانداقراق بالام؟ يۈزۈڭدىكى جاراھەتلەر ئاغرىۋاتامدۇ؟... «بالا ـ قازا مۆڭرەپ كەلمەس، پۇت ـ قولىنى ساڭگىلىتىپ» دېگەن مۇشۇ بالام، مايىنى ئازراق بېرىپ، ئاستىراق ھەيدىگەن بولساڭ، بۇ ئىشمۇ يوق...

نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدىم ـ دە، كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا گۈلجامالغا قارىدىم. ئەمما، ئۇ ئىشىك تەرەپكە قاراپ تۇرغاچقا، چىرايىنى كۆرەلمىدىم.

ــ يا... ياخشى... سىز... سىزنىڭچۇ؟

ــ يەنە شۇ كونا كېسەل قوزغىلىپ قېلىپ دوختۇرخانىغا بارسام، «ياتاقتا يېتىڭ» دەپ تۇرىۋالدى. بولمىسىغۇ ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالى ئۆزۈمگە ئايان، دوختۇرخانىدا ياتمايمۇ، بىر مەزگىل دورا يېسەم ئوڭشىلىپ قالاتتىم. بىراق، مۇشۇ كۈندە دوختۇرلارغا نېمە بولدىكىن، بىرەرسىنى پاشا چېقىۋالسىمۇ دوختۇرخانىدا يېتىڭ دەپ تۇرىۋالىدىكەن. ئاڭلىسام ئۇلارنىڭمۇ بىمارلارنى ياتاقتا ياتقۇزۇپ پۇل تېپىش ۋەزىپىسى بارمىش. شۇنچە چۈشەندۈرسەممۇ، ھېلىقى دوختۇر بالا پەقەتلا ئۇنىمىدى. «كېسىلىڭىزگە سەل قارىماڭ، ھېچ بولمىسا بىرەر يېرىم كۈن كۆزىتىپ باقايلى» دەپ تۇرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مەيلى دېدىم. تۈنۈگۈن گۈلجامال بېرىپتىكەن، سېنى خىزمىتى بەك ئالدىراش دېدى. مانا بۈگۈن دوختۇرمۇ باشقا چوڭ چاتاق تاپالماي، ياتاقتىن چىقىپ كەتسىڭىز بولىدىكەن، دەپ تۇرۇۋشىغا يەنە بېرىپتۇ، رەسمىيەتلەرنى تۈگىتىپ بولغاندا، بىردىنلا تۇغۇلغان كۈنى ئىكەنلىكى ئېسىمگە كېلىپ، گۈلجامالنىڭ ھەم تۇغۇلغان كۈنىنى، ھەم بايرىمىنى تەبرىكلىگەچ ئۇلاش ـ چولاش تاماق ئېتىپ يەيلى دەپ كېلىشىم...

ئانامنىڭ گەپلىرى قۇلىقىمغا ھېچ كىرمەيتتى. ئەسلى مەن قېيىنانامنى كېسەل بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. مانا ئەمدى...

ــ بۇنى ئايالىڭغا ئالدىڭما بالام؟ بەك ئوبدان قىپسەن. ھېلىمۇ بۇ قىزىمنىڭ تالا ـ تۈزدە سالغۇدەك ھالقا ـ مۇنچاق دېگەندەك نەرسىلىرى يوقتى. ئايالىڭنىڭ مۇشۇنداق زىبۇزىنەتلەر، كىيىم ـ كېچەك بىلەن كۆڭلى ئېچىلىدىكەن، ــ ئۇ سۆزلىگەچ قولۇمدىن قۇتىنى ئالدى ـ دە، ئېغىزىنى ئاچتى، ــ پاھ ـ پاھ، كۆزۈڭ مال تونۇيدۇ جۇمۇ سېنىڭ، بەك چىرايلىقكەن. گۈلجامال قىزىم بۇنى تاقىسا، چوقۇم تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كېتىدۇ.

مەن تولىمۇ مۈشكۈل ئەھۋالدا قالغانىدىم. قارىغاندا

www.uyghurkitap.com

گۈلجامال ئاخشامقى ئىشلارنى ئانامغا ئېيتمىغاندەك قىلاتتى.

—قېنى ئال ئوغلۇم، بۇنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئايالىڭغا بەرگىن، — ئانام قۇتىنى قولۇمغا تۇتقۇزدى،— بۈگۈن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، ھەم بايرىمى، سېنىڭ بۇ سوۋغاڭدىن ئۇ چوقۇم خۇشال بولىدۇ.

ماڭا «يەر قاتتىق، ئاسمان يىراق» ئىدى. ئانامنىڭ سۆزىنى يىرالمايتتىم. ئەمما، مۇشۇ چاققىچە ماڭغان قىڭغىر يوللىرىمدىكى سەۋەنلىكلەرنى، ئاخشامقى ئىشلىرىمنى ئۇ كۆڭلىدىن كۆتۈرۈۋېتەلەمدۇ يوق، بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمەيتتىم. مىدالىئوننى گۈلجامال قوبۇل قىلامدۇ يوق، بۇمۇ ماڭا قاراڭغۇ ئىدى.

—نېمە قاراپ تۇرىسەن بالام، سوۋغاڭنى ئايالىڭغا بەرگىن.

پۇتۇمغا تۈگمەن تېشى باغلاپ قويۇلغاندەك، قەدەملىرىمنى ناھايىتى ئەستە يۆتكىدىم-دە، ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. ئەمما، نېمە دېيىشنى بىلمەيتتىم. كۆزۈم ئۇنىڭ مېھرى كۈچىنى ھېلىھەم يوقاتمىغان ئاھۇنىڭكىدەك چىرايلىق كۆزىدىن سىرغىپ چىققان ئىككى تامچە ياشقا چۈشۈش بىلەنلا، يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ قالدى. ئاشۇ دەقىقىدە گۈلجامالغا تۇنجى رەت سۆيگۈ تەلىپى قويغان ۋاقتىم، بىز قولتۇقلىشىپ ماڭغان، ھايات، بەخت توغرىسىدا تالىشىپ تۇرۇپ دېيىشكەن گەپلەر، مەن ۋىسال شەربىتىگە ئېغىز تەگكەن تۇنجى ئاخشام، ئايدىڭ كېچىدە مەجنۇن تال ئاستىدىكى تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بېرىشكەن شېرىن ۋەدىلەر كۆز ئالدىمدىن كىنو كارتىنىلىرىدەك ناھايىتى تېزلىكتە ئۆتتى-دە، مېنىڭمۇ كۆزلىرىمگە ياش يۈگۈردى.

—بۇ... بۇنى... — مەن نېمىشقىدۇر گەپ قىلالماي قالدىم. قىزىل قۇتىنى تۇتقان قوللىرىممۇ بىردىنلا تىترەپ كەتتى.

—ماڭا ئالدىڭىزما؟ — گۈلجامال تۇساتتىنلا سوراپ قالدى.

—ھە... ھەئە... بۇنى سىز... سىزگە ئالدىم.

ئۇ ئانامدىن ھېيىقتىمۇ ياكى كۆڭلۈمنى ئاۋايلاپ، ئوسال قىلغۇسى كەلمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر قولىنى ئاستا سوزدى. شۇ ئەسنادا ئىككىمىزنىڭ قولى بىردىنلا تېگىشىپ كەتتى. شۇئان بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىللار ئاۋۋال مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ توي قىلىش تەكلىپىنى قويغان ۋاقتىمدىكىدەك، بىر ئىللىق ئېقىم پۈتكۈل جىسمىمنى ئېلېكتر دولقۇنلىرىدەك ناھايىتى تېزلىكتە كۆيدۈرۈپ، بەدەنلىرىمگە ئىختىيارسىز تىترەك ئولاشتى.

—رەھمەت، —گۈلجامال بىردىنلا چىرايىمغا تىكىلدى. بايامقى ئىككى تامچە ياش مەڭزىدە سۇس لىغىرلايتتى. قوي كۆزلىرىدە بولسا ئوتلۇق تەلپۈنۈش، ئىنتىزارلىق، كۈچلۈك بىتاقەتلىك ئارىلىشىپ كەتكەن ھايالىق ھېس-تۇيغۇ لاپ قىلىپ يانغاندەك بولىدى. بۇنى كۆرۈپ، دىمىغىم ئېچىشقاندەك، بوغۇزۇمغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم-دە، ئۆيدە ئانام بىلەن ئوغلۇم بولمىسا، باغرىمغا باسقۇم، ماڭا تونۇش بولۇپ كەتكەن، ئالەمچە ھوزۇر، سۆيگۈ، بەخت، كۆڭۈل ئازادىلىكى ئاتا قىلىدىغان ھىدلىرىنى يېنىش-يېنىشلاپ پۇرىغىم كېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزۈمنى ئاران-ئاران تۇتۇۋالدىم.

دەل شۇ چاغدا گۈلپەرىنىڭ «سىزنىڭ مېڭىۋاتقىنىڭىز تۈيۈق يول مۇسا، سىز دېگەن ئايالى، بالا-چاقىلىرى بار ئادەم، ئائىلىڭىزگە مەسئۇل بولمىسىڭىز بولمايدۇ. قاچانلاردىدۇر قىلىۋاتقىنىڭىزنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسىڭىز، يېنىمدىن جىمىلا كەتسىڭىز بولىدۇ. مەن سىزدىن قىلچىمۇ رەنجىمەيمەن»، دېگەن سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىدى. مەن ئېغىر خۇرسىنىپ قويدۇم.

— سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن. گۈلپەرى، — پىچىرلىدىم ئۆزۈمگە، — سىز دېگەندەك مەن ماڭغان يول مېنى بىر خالتا كوچىغا ئەكىلىپ تاشلىدى. ئەمدى ھوشۇمنى تاپمىسام بولمىغۇدەك، ياراتقان ئىگەم سىزنىمۇ بىر يولدا قويار، مۇرادىڭىزغا يەتكۈزەر.

—ئانا، تاماق ئەتمەمسەن؟ — ئوغلۇم تۇيۇقسىز ئېغىز ئاچتى، — ھېلى سائەت توشۇپ قالسا...

—ماقۇل بالام، مانا ھازىرلا، — گۈلجامال قۇتىنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە ئاشخانا تەرەپكە ماڭدى.

—مىدالىئوننى ۋاقتىدا بوينىڭىزغا ئېسىۋېلىڭە قىزىم، —دېدى ئانام تېزلا.

—تاماقنى ئېتىپ بولۇپ ئاساي، — دېدى گۈلجامال.

—تاماقتا مەنمۇ ياردەملىشەي، — مەن ئۇيقۇسىنى قېنىپ ئۇخلىغان ئادەمدەك بىردىنلا ئېغىز ئاچتىم— مۇشۇنداق قۇتلۇق كۈندە ھەممىمىز ئولاش-چولاش تاماق يەيلى، راست، دادامغا، قېينانام بىلەن قېيناتامغىمۇ تېلېفون بېرەي، ئۇلارمۇ كەلسۇن.

ئانام سۆزۈمدىن مەمنۇن بولغاندەك كۈلۈمسىرىدى. مەن بايام ئوغلۇم قىزىل قۇتىنى ئالغان تارتمىدىن يانفونۇمنى ئالدىم-دە، كونۇپكىلىرىنى باسقاچ، گۈلجامالنىڭ كەينىدىن سۈكدىشىپلا ئاشخانا ئۆيگە ماڭدىم.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتىدا)

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**



تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس

# قويمچى قويچى

(ھېكايە)

قويچىلارنى قويمچى دېسە، چوقۇمكى ئۇلارنىڭ قويقا چېچى تىك تۇرىدۇ. دېمىسىمۇ قويچىلارنىڭ جاپاسى ئۇنداق ـ مۇنداق جاپالاردىن ئەمەس. يىراق يايلاقلاردىن شەھەر ـ بازارلارغا تۇركۈم ـ تۇركۈملەپ قوي يۆتكەپ ساتىدىغان قويچىلارنىڭ يولدا تارتقان جاپالىرىنى ۋە دېھقانلارنىڭ قويلىرىنى ئېلىپ، بورداپ ساتىدىغان قويچىلارنىڭ ئىغىل ـ قوتاندىكى جاپالىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد نەسىل ياخشىلاش ئاساسىدا بېقىپ كۆپەيتىپ ساتىدىغان ھەقىقىي مەنىدىكى قويچىلارنىڭ جاپاسىنى مىسال ئالغاندىمۇ، بىر قوينى قوچقارغا قويغاندىن تارتىپ تاكى قوزىلىغىچە بولغان 150 كۈن داۋامىدا، ئاز دېگەندىمۇ ھەر بىر قوينىڭ يېنىغا مىڭ قېتىمدىن بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، مەيلى قايسى خىلدىكى قويچى بولسۇن، ھەر بىر تۇياق قوينىڭ تەننەرخىنى ئىنچىكە ھېسابلاپ، ئازدۇر ـ كۆپتۇر پايدا چىقمىسا ھەرگىزمۇ ساتمايدۇ.

ساۋۇت ئاكا گەرچە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قويچىلار خىلىنىڭ ھېچقايسىسىگە تەۋە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆمۈر بويى بەش ـ ئون قويدىن ئايرىلماي كېلىۋاتقان دېھقان قويچى ئىدى. بۈگۈن ئۇ قېرىپ كەتكەن قوچقىرىنى بازارغا ئېلىپ كېتىۋېتىپ، كۆڭلىدە ئىنچىكە ھېساۋات قىلىپ كۆردى: «تۆت يىلنىڭ ئالدىدا 450 كويغا ئالغان چېغىمدا ئالتە ياش ئىدى، مانا ئەمدى قېرىپ قوي قوغلاشتىن قالدى بۇ كاساپەت، خوش، ھازىرقى بازاردا 550 كويدىن 650 كويغىچە ساتسام، ئۇ پۇلغا يەنە 3ــ4 يۈز كوي قوشۇپ، قوي قوغلىغىدەك شاشراق قوچقاردىن بىرنى ئالمىسام، قوتاندىكى قويلار قىسىر قالسا، زىيان چىقىدۇ...»

ئۇ قوي ـ كالىلارنىڭ كۆپلىكىدىن تاپان باسقۇدەك يەر قالمىغان ئۇلاغ بازىرىدا توپتوغرا بىر كۈن تۇردى. تەكلىماكان قۇملۇقىدىن سۈرىلىپ كەلگەن تىنجىق ھاۋا، ئۈستى ئوچۇق بۇ ئۇلاغ بازىرىنى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەنىدى. بىر ـ بىرىگە سۈۋۈشۈپ سانجاق ـ سانجاق تۇرۇپ كەتكەن قوي ـ ئۆچكىلەر گويا مەرەشكىمۇ مادارى يەتمىگەندەك تىللىرىنى چىقىرىپ تىنماي ھاسىرايتتى. بەزىلەر ھەتتا ئۆزىنى تاشلاپلا يېتىۋالاتتى. ئەمما، ئىگىلىرى ئۆرۈپ ـ تارتقۇشلاپ يەنە ئورنىدىن قوپىراتتى. ساۋۇت ئاكىنىڭ قېرى قوچقىرىمۇ بىر نەچچە قېتىم يېتىۋېلىشقا تەمشەلگەنىدى، يەر يۈزىنى بىر ئالغان ماياق بىلەن سۈيدۈككە مىلىنىپ سەتلىشىپ كەتسە، خېرىدارنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ساۋۇت ئاكا ياتقىلى قويمىدى.

ئۇ ئۆزىمۇ ھېرىپ كەتكەنىدى. پات ـ پات زوڭ ئولتۇرۇپ باقاتتى. لېكىن، پۇتلىرى تېلىپ يەنە ئۆرە بولۇشقا مەجبۇر بولاتتى. خېرىدارلار ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قوچقارنىڭ باھاسىنى سوراپ قويىسىمۇ، لېكىن چىشىنى كۆرۈپلا «قېرىكەن» دەپ كېتىپ قالاتتى. ئۇ بىر ئىزىدا تۇرىۋېرىپ زېرىكتى. قوچقارنى يېتىلەپ، نەدە سودا قىزىغان بولسا، شۇ يەرگە بېرىپ تۇردى. ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ ئاخىرى داڭلىق قويلار سېتىلىدىغان تەرەپكە كېلىپ قالدى. تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى بۇ ئۇلاغ بازىرى تەبىئىي ھالدا بىر نەچچە بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، بىر تەرەپتە، ئات ـ كالا قاتارلىق چوڭ چارۋىلار سېتىلسا، يەنە بىر تەرەپتە، قوي ـ ئۆچكە قاتارلىق ئۇششاق چارۋىلار سېتىلاتتى. ئۇششاق چارۋىلار سېتىلىدىغان تەرەپمۇ يەنە ئىككىگە ئايرىلغان بولۇپ، بىر تەرىپىدە ئادەتتىكى قوي ـ ئۆچكىلەر سېتىلسا، يەنە بىر تەرىپىدە باھاسى ئادەتتىكى قويلارنىڭكىدىن نەچچە ئون نەسسە، ھەتتا نەچچە يۈز ھەسسە ئارتۇق بولغان داڭلىق قويلار سېتىلاتتى. ئادەتتىكى قويلار سېتىلى-

www.uyghurkitap.com

دىغان تەرەپىنىڭ ئۈستى ئوچۇق بولغاچقا، بىچارە قويلار بوكۇنكىدەك تومۇز ئىسسىقتا ئۆلمەي تۇرۇپ كاۋاپ بولۇشقا ئاز قالسا، داڭلىق قويلار سېتىلىدىغان تەرەپكە داڭلىق قويچىلار ئايرىم ـ ئايرىم قوتان قىلىپ ئۈستىنى ياپتۇرغاچقا، بۇ تەرەپتىكى قىممەت باھالىق قويلار خۇددى كىشىلىك جەمئىيەتتىكى ئېسىلزادىلەرگە ئوخشاش، قىشتا قار، يازدا يامغۇر كۆرمەيتتى. ساۋۇت ئاكىمۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، بىر قوتاننىڭ سايىسىدا پاناھلاندى.

—قوچقار قانچە پۇل؟ — دېدى قوتان ئىگىسى قوتاندىن چىقماي تۇرۇپ.

—بازار ئەھۋالىنى مەندىن ئوبدان بىلىدىلا ئۇكام، قېنى ئۆزلىرى ئىنساپ بىلەن بىر نەرسە دېسىلە، — دېدى ساۋۇت ئاكىمۇ قوچقارنى نوقۇپ قويۇپ.

—مال ئىگىسى ئېغىزلانمىسا خېرىدار نېمە دەيدۇ؟ ھە، قېنى دەۋەرسىلە.

—ئەتىگەننىڭياقى جىق ئادەم كۆرۈپ، ئۇنى ـ بۇنى دېدى. راست گەپنى قىلسام 520 كويغا ساتمىدىم ئۇكام.

— خەق دېگەن دەۋېرىدۇ، پۇل سانىسا ھېساب، پۇل!

—قېنى، سىلىمۇ ئاتىغانلىرىنى دەپ باقسىلا، قوچقارنىڭ رىزقى سىلىنىڭ قوتاندا بولسا قويۇپ كېتەرمەن، بولمىسا...

—تولا گەپ قىلغاننىڭ پايدىسى يوق، قوچقارنى 480 كويغا ساتامىلا؟

— كەم بولا ئۇكام، 520 كويغا ساتماي 480 كويغا ساتسام، خەق ساراڭكەن دەر...

—بۇ دېگەن بازار، بازار دېگەننىڭ قېلىپى يوق. ئۆتكەن يىل 10 مىڭ كويغا ئالغان قوينى مەنمۇ ئۆتكەن ھەپتە ئىككى مىڭ كويغا ساتتىم، مانا ماۋۇ پۇلنى سانىسىلا.

ساۋۇت ئاكا بېشىدىكى بادام دوپپىسىغا ياغ تەپچىپ چىققان، پاكار بويىغا سېمىزلىكى زادىلا ياراشمىغان تاز چىراي ئادەم تەڭلەپ تۇرغان پۇلنى قولىغا ئېلىۋېتىپ سورىدى.

—قانچە پۇل بەردىلە؟

—ئاۋۋال ساناپ باقمامىلا، تېپىۋالغان پۇلنىمۇ سانىۋال دەيدىغان گەپ بار، ھە، قېنى ساناپ باقسىلا.

— كەم بولا ئۇكام، — دېدى ساۋۇت ئاكا پۇلنى ساناپ كۆرگەندىن كېيىن، — قالىغاندا قوچقارنىڭ رىزقى تېخى كۆتۈرۈلمىگەن ئوخشايدۇ.

—قانچە پۇل بەردىڭلا؟ — دېدى ئەتراپىقا ئولاشقانلاردىن بىرى سالاچىلىقنى باشلاپ.

—80 كوي.

—ئۇچيۈز سەكسەن كويما؟

—ۋاي ياق، 480 كوي.

—بىرنۆەت ئاكا، — دېدى ھېلىقى سالاپەتلىك سالاچى ئارىلىشىپ، — قوچقىرىڭىزنىڭ تويى بولۇپ كېتىپتۇ. بازار دېگەندە نى ـ نى قوچقارلار تۇرسا، سىزنىڭ قېرى قوچقىرىڭىزنى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كىم ئالاتتى؟

—ھاجىم راست دەيدۇ، — دېدى يەنە بىر سالاچى ئالتۇن چىشلىرىنى پارقىرىتىپ، — بۇ قوچقارنى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئالمايدۇ، بىرنۆەت ئاكا.

ساۋۇت ئاكا ئەتراپقا قارىدى. بىر دەمنىڭ ئىچىدە ئون ـ يىگىرمە ئادەم ئولاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سالا قىلىشماقتا ئىدى.

—ئابلاجان، —دېدى ھېلىقى سالاپەتلىك ھاجىم قوتان ئىگىسىگە قاراپ، — يەنە ئون كوي ئېلىڭلا.

ئابلاجان قويۇن يانچۇقىدىن بىر كاللەك پۇلنى ئېلىپ، ئارىسىدىن ئون كوينى ئايرىدى ۋە ھاجىمغا بەردى.

— ئەمدىغۇ بولغاندۇ؟ — دېدى ھاجىم ساۋۇت ئاكىغا پۇلنى بېرىۋېتىپ ھۆرپەيگەندەك قاراپ.

—كەم بولا.

—تازا بىر جاھىل ئادەمكىنا بۇ، ئاكاۋە، ھاجىمنىڭ گېپىنى ئىلىك ئالمايدىغان ئادەم يوق جۇما، بۇ بازاردا...

— ئابلاجان، — دېدى ھاجىم قىزارغاندەك قىلىپ، —يەنە ئون كوي ئېلىڭلا.

ئابلاجان ھېلىقى پۇلدىن يەنە ئون كوينى ئايرىپ ھاجىمغا بەردى.

—ئەمدى ياق دەپ باققىنا قېنى، — دېدى ھاجىم ساۋۇت ئاكىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قاراپ.

سالاچىلار تەرەپ ـ تەرەپتىن سالا قىلىشماقتا ئىدى. ساۋۇت ئاكا گويا بىر توپ ۋات ـ ۋات خوتۇننىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغان يالغۇز ئەردەك قورۇنۇپ، نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى. سالاچىلاردىن بىرى كېلىپ ساۋۇت ئاكا بىلەن ئابلاجاننىڭ قوللىرىنى بىر ـ بىرىگە تۇتقۇزۇپ «رازى بولدۇڭلارمۇ؟» دەپ سىلكىسە، يەنە بىرى قوچقارنىڭ بويندىكى ئارغامچىنى يېشىپ، قوتانغا سولىۋەتتى.

ئەمدى يەنە گەپ قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلغان ساۋۇت ئاكا، پۇلنى قوينىغا سېلىپ، ئارغامچىنى بېلىگە باغلاپ، ئۇلاغ بازىرىدىن چىقىپ كەتتى.

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆ-

تۇپ كەتتى. ساۋۇت ئاكا ئالدىنقى ھەپتە ئېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن قوچقارنى بۈگۈنكى يەكشەنبە ئالمىسا، ئېغىلدىكى قويلارنى قوچقارغا قويۇش ۋاقتى ئۆتۈپ كېتەتتى. شۇڭا، ئۇ ئەتىگەندىلا ئېشەك ھارۋىسىنى قوشۇپ يولغا چىقتى. ھارۋىنى ئۇلاغ بازىرى يېنىدىكى بىر دەڭگە ئامانەتكە قويۇپ، بازارغا كىرگەن چېغىدا كۈن قوزا چۈش بولۇشقا ئاز قالغانىدى.

ئۇ ئالارمەندىن ساتارمەن كۆپ بولغان بۇ بازاردا، گەرچە قانداقلىكى قوينىڭ يېنىغا كەلسە قوي ئىگىسى «ۋاي كەلسىلە»، «بۇ قوينى ئالسىلا» دەپ يېلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن بىرەر سائەتكىچە ئارىلاپ يۈرۈپمۇ كۆزىگە سىغقۇدەك بىرەر قوچقارنى ئۇچرىتالمىدى. ئۆتكەن يەكشەنبە بىلەن بۇ يەكشەنبىنى سېلىشتۇرۇپ تەبىئىي ھالدا شۇنى ھېس قىلدىكى، قوي سېتىشتىن قوي ئېلىش كۆپ ئاسانكەن. قوي باققان ئادەم تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتنى يەتمىگەندەك، قوينى ساتىدىغان چاغدا خېرىدارغا يېقىنچىلىق قىلىپ يالۋۇرۇشقا توغرا كېلىدىكەن؛ ئەكسىچە قوي ئالىدىغان ئادەم بايۋەتچىلەردەك گىدىيىپ، تاللاپ تۇرۇپ ئالىدىكەن...

ئۇ ئۇيان چۆرگىلەپ، بۇيان چۆرگىلەپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بازارنىڭ داڭلىق قويلار سېتىلىدىغان تەرىپىگە بېرىپ قالدى. قاچاندۇر بىر چاغدا ئۇ بىر تۇياق داڭلىق قوچقارنى 500 مىڭ كويغا ئىگىسى ساتقىلى ئۇنىماپتۇ دەپ ئاڭلاپ، ئىشەنگۈسى كەلمىگەنىدى. بۈگۈن بۇ داڭلىق قويلارنىڭ سودىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن بىر كۆرۈپ باقماقچى بولدى. ئەتراپى ياغاچ قاشالار بىلەن توسۇلۇپ، ئۈستى بورا بىلەن يېپىپ قويۇلغان بىر ـ بىرىگە تۇتاش قوتانلاردا، سېمىزلىكتىن قۇيرۇقلىرى لىغىلداپ تۇرغان قوچقارلار ساغلىقلارنىڭ ساغرىسىنى پۇراپ، ئاغزىنى بىر قىسما قىلىپ پۇرۇشتۇرغىنىچە ئاسمانغا قاراپ چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ يۈرەتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ساغلىقلارغا ئارتىلاتتى. ئەمما، ساغلىقلار جىم تۇرغىلى ئۇنىمىغاچقا، ئىككى پۇتى بىلەن تۆت پۇتلۇق ساغلىقلارغا يېتىشەلمەي چۈشۈپ قالاتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ كېلىپ يۆلىنىپ تۇرغان قوتاندىكى بىر قوي ئۈستىدە سودا بولۇشقا باشلىدى:

—بۇ قوي قانچە پۇل؟ — دەپ سورىدى خېرىدار بولغۇچى تەرەپ قوي ئىگىسىدىن.

—ئاۋۋال بىر كۆرۈشۈۋەتمەيلىمۇ تاھىركا، — دېدى قوي ئىگىسى قولىنى تەڭلەۋېتىپ.

—ھە، قېنى باھاسىنى دەپ بېقىڭا ئېزىزجان، — دېدى قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن تاھىر ئىسىملىك ئادەم.

—بۇ ئىككى قوينى ئالدىنقى ھەپتە تىللا باداڭنىڭ باللىرىدىن 5 مىڭ 300 كويغا ئالغانىدىم. مانا كۆرگەنسىز، ئىككىلىسى بوغازكەن. بازارنىڭ ئەھۋالى ئۆزىڭىزگە ئايان...

ئۇلار ئاشۇ گەپنى قىلىشىپ بولغىچە، ئەتراپقا بىر دەمدە يەنە 20 — 30 ئادەم يىغىلدى. تاھىر ئىسىملىك ئادەم گويا سالاچىلاردىن بىزار بولغاندەك، ئەتراپتىكىلەرگە بىر خىل سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ قويۇپ، قوي ئىگىسىگە تېخىمۇ يېقىنراق كېلىپ دېدى:

—قېنى، نەخ گەپنى دەڭا، بۇ قويغا قانچە پۇل بېرىمەن؟

—سىزمۇ بەلىنىنى تاللىدىڭىز، بۇ قويغا 3600 كوي بېرىسىز.

«تاھىركام» كالتە يەڭلىك ئاق كۆڭلىكىنىڭ مەيدە يانچۇق تۈگمىسىنى يېشىپ، قاتلانغان كونا كونۋېرتنىڭ ئىچىدىن يۈز سوملۇق پۇلدىن بىر مۇنچە ساناپ ئايرىدى ـ دە، ئېزىزجانغا تەڭلىدى.

—قانچە پۇل بەردىلە؟ — دېدى چېكە چاچلىرىنى شەپكىسىدىن چىقىرىپ تارىۋالغان ياش بىر بالا.

—ئوتتۇز قەغەز، — دېدى «تاھىركام» ئۇنىڭغا قارىماي تۇرۇپ.

—ئوتتۇز قەغەز؟ ... ھە، 3000 كويما؟ بەرمەيدۇ، 3000 كويغا بۇ قوينى ھەرگىز بەرمەيدۇ.

—قوينى ئېزىزجان بىلەن شېرىك ئالغانمىدىڭلا؟

—دېدى «تاھىركام» تەنە بىلەن.

—شېرىك ئالساق ـ ئالمىساق، بۇ قوينى 3000 كويغا ھەرگىز بەرمەيدۇ.

—بەرمىسە قوينىڭ ئىگىسى بەرمىسۇن، قانداق ئېزىزجان، بوپتۇما؟

—كەم بولا تاھىركا...

—قانداق، مەن دېمىدىممۇ؟ — دېدى ھېلىقى چېكە چېچىنى شەپكىسىدىن چىقىرىۋالغان بالا،— 3000 كويغا يەنە 100 كوي قاتسىمۇ بەرمەيدۇ.

—بەرمىسە ئالمىدىم، زوقمەن بولغانلا ئېلىۋالسۇن.

—قايسى قوينىڭ گېپى؟ — دەپ سورىدى سالاچىلار سېپىگە يەنە بىرى قىستاپ كىرىپ.

ساۋۇت ئاكا ئۇنىڭ ئاۋازىنى تونۇش ھېس قىلىپ، ئىختىيارسىز بېشىنى بۇراپ قاراپ بېقىۋېدى، ئۆتكەن ھەپتە قوچقىرىنى ئالغان ھېلىقى ئابلاجان ئىسىملىك قويچى بولۇپ چىقتى.

—قالاپ تۇرۇپ مۇشۇ قوينى 3000 كوي دېدىما؟ — دېدى ئابلاجان بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنى چالا ـ پۇلا ئاڭلاپلا، — مېنىڭ مۇشۇنداق قويۇم بولۇپ، 3000

كوي دېسە، شۇنداق ئادەمگە ئوبدان گېپىم بارتى.

—قوي ئىگىسىنىڭ گېپى بولسا، پۇل ئىگىسىنىڭ گېپى يوقمىدۇ؟ — دېدى «تاھىركام» ئېزىزجان قايتۇرۇپ بەرگەن پۇلنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ.

—گېپى بولسىلا ھېساب ئەمەس، ئۇنداق گېپى بارلاردىن بىرەر يۈزگە دەرس بېرىمىز بىز!

—راست دېدىلا، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بۇش، ب د ت دىن ئاننان قاتارلىقلارمۇ ھەر ھەپتىدە بىر كېلىپ، سىلىدىن قوتاندا دەرس ئاڭلاپ كېتىدۇ دەپ ئاڭلاپتىم...

ئابلاجان بۇ سۆزگە چىدىمىدى بولغاي، شۇ ھامان توقامنى قارىنىغا ئالدى:

—قوتان ـ قوتان دېيىسىنا ۋە گۈي! قوتاندا بىر كىمنىڭ بېدىسىنى خام ئورۇپتىمەنما؟!

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئېتىلىپ كېلىپ، «تاھىركام»نىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. ساۋۇت ئاكا ئۇلارنىڭ ئەلپازىغا ۋە ھەر ئىككىسىنىڭ بېلىدىكى غىلاپتا ساڭگىلاپ تۇرغان پىچاقلارغا قاراپ، بىرەر ۋەقە چىقمىغىدى دەپ ئەنسىرىگەنىدى، لېكىن ئابلاجاندىن خېلىلا ئېگىز بولغان «تاھىركام» مۇشتۇمىنى چەللەپ كۆتۈرۈپ بولۇپ «خەير!» دېگىنىچە توختاپ قالدى. ناۋادا ئۇ ئۆزىنى تۇتىۋالماستىن بىرنى ئۇرغان بولسا، ئۇنىڭغا بويىمۇ ـ قولىمۇ يەتمەيۋاتقان قىزىققان ئابلاجان ساۋۇتكامنىڭ نەزىرىدە دەرھال يېنىدىن پىچىقىنى چىقارغان بولاتتى ـ دە، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى. شۇڭا، ساۋۇتكام دەرھال بېرىپ ئىككىسىنى ئاجرىتىشقا كىرىشتى. يەنە بىر نەچچەيلەن ئارىغا چۈشتى. شۇنداق قىلىپ بەكمۇ تەستە ئۇلارنى ئاجرىتىۋېلىشتى.

ساۋۇتكامنىڭ يەنە داۋاملىق بازار كۆرۈشكە ھەپىسىلىسى قالمىغانىدى. ئالدىغىنىنى ئېلىپ تېزرەك كېتىۋېلىش ئۈچۈن، جېدەل بولغان يەردىن نېرىراق بېرىپ، بىر قوتاندىكى قويلارغا سەپسالدى. چوڭلىرى توپاقتەك، كىچىكلىرىمۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكەن ھەپتە ساتقان قوچقىرىدەك كېلىدىغان قويلار، بويىنىدىكى ئالاھىدە ئىشلەنگەن رەڭدار ئەگۈۋىلىغا ئورنىتىلغان كىچىك قوڭغۇراقلارنى جىرىڭلىتىپ، تىمسىقلاپ يۈرۈشەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يېڭىدىن قىرقىلغان كىچىكرەك بىر قوچقارنى كۆرسىتىپ، قوتاندىكى ياش بالىدىن باھاسىنى سورىدى.

—كۆرسىلە ئاكا، كۆرسىلە، — دېدى ئۇ بالىمۇ خۇددى چوڭ قويچىلارغا ئوخشاش تەلەپپۇزدا، — ھېلىقى 500 مىڭ كويغا ساتماپتۇ دېگەن قوچقارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانمىدۇ؟ ھە، بۇ قوچقار شۇ داڭلىق قوچقارنىڭ نەۋرىسى، ئالامەت بالا تارتىدۇ بۇ كاساپەت...

بالىنىڭ گېپى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ساۋۇت ئاكا داڭلىق قويلار سېتىلىدىغان بۇ تەرەپتىكى قويچىلارنىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەممىسىنىڭ تولىمۇ سۆزمەن ئىكەنلىكىنى، بىر قوينى سېتىش ئۈچۈن بىر نەچچە سائەت ھېكايە سۆزلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدى.

—باھاسىنى بىر دەڭا ئۇكام، — دېدى ئۇ ئاخىرى تاقەت قىلىپ بولالماي.

—باھاسى ئەرزان ئاكا، مىڭ بەشيۈز كوي بەرسىڭىز بولىدۇ.

ساۋۇت ئاكا كۆڭلىدە 800 كوي دېمەكچىدى، لېكىن سودا كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتسە، يەنە ئۆتكەن ھەپتىدىكىدەك سالاچىلار ئارىسىدا قېلىشتىن ۋە بايىقىدەك جېدەل چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئىختىيارسىزلار مىڭ كوي دەۋەتتى.

—كەم دەپ قويدىلا ئاكا، مىڭ كويغا بېرىدىغان قوچقارنى سىلىگە مىڭ بەش يۈز كوي دېمەيمىز. بوپتۇ، مەنمۇ ئازراق يول قوياي، ئالغىلىرى بولسا، مىڭ تۆت يۈزنى بېرىپ قوچقارنى ئېلىپ كەتسىلە.

—يېنىمدا بارى شۇ ئۇكام، بەرسىڭىز ئالاي، بولمىسا كېتەي.

ساۋۇت ئاكا شۇنداق دەپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭغانىدى، كىمدۇر بىرى تۇۋلىدى:

—توختىغىنا ۋە ئاكا، توختاپ تۇر، قوچقارنى بەكمۇ ئالغىڭ كەلدى ـ ھە؟ بوپتۇ، ئىگىسى ساتمىسا مانا مەن ساتتىم!

قوتان سىرتىدىكى دوغلاق كەلگەن سېمىز بىر ئادەم شۇنداق دېگىنىچە كېلىپ، قوتاننىڭ ئىشىكىنى ئاچتى ۋە قوچقارنى يېتىلەپ چىقىپ ساۋۇت ئاكىغا تۇتقازدى.

—ئىگىسى گەپ قىلمايۋاتسا، — دېدى ساۋۇت ئاكا ئارىسالدى بولۇپ.

—ئىگىسى دېگەن مانا مەن، مۇشۇ يەردىكى ھەممە قويچى گۇۋاھ، قېنى ئالغىڭ بولسا پۇلۇڭنى چىقار.

ساۋۇت ئاكا ھېلىقى بالا يەنە كەم بولا دەپ قالسا، ئاستا كېتىۋالارمەن، دېگەن ئوي بىلەن ئۇنىڭغا قارىغانىدى، لېكىن:

—بوپتۇ، —دېدى ئۇ بالىمۇ دەرھال ئۆزگىرىپ، —باشقا ئادەمگە بەرمىسەممۇ مۇشۇ دېھقان ئاكامغا بىر بېرەي، بىرى مىڭ بولۇپ كەتسۇن ئاكا...

ساۋۇت ئاكىغا ئەمدى باشقا باھانە قالمىغانىدى. بايا دەپ سالغان گېپىدىن يېنىۋالاي دېسە، تاياق يېمىگەن ئەقىدىردىمۇ تىل ـ ئاھانەت ئاڭلىشى كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھەش ـ پەش دېگۈچە پەيدا بولغان بىر نەچچە سالاچىنىڭ قوچقار ئەتراپىغا ئولىششى، ئۇنى ئېخىمۇ

ئالدىراتماقتا ئىدى. كىرلىشىپ كەتكەن كونا بەلۋېغىنى يېشىپ، قول ياغلىقا چىك ئورالغان پۇلنى سانىمايلا ئۇزاتتى.

—ماۋۇ پۇلنى سانىۋال، — دېدى ھېلىقى دوغلاق ئادەم پۇلنى ساۋۇتكامنىڭ قولىدىن ئېلىپ قوتاندىكى بالىغا تەڭلەۋېتىپ.

بالا پۇلنى ساناپ بولغىچە ئۇ قوچقارنىڭ بويندىكى رەڭلىك كۆز مۇنچاق بېسىپ كىچىك قوڭغۇراقلار ئورنىتىلغان تاسما ئەگىۋىنى سۇغىرىۋالدى.

—بۇنى ئېلىۋالساڭلا قوچقارنى قانداق ئەكىتەمەن؟ —دېدى ساۋۇت ئاكا خاپا بولۇپ.

—شۇنچە ياشقا كەلگىچە، قوي ساتسا باشۋېغىنى بەرمەيدىغانلىقىنى بىلمەمسەن ئاكا؟ ئېشەدە تانا ساتىدۇ، بىر كوي بەرسەڭ بەش مېتىر بېرىدۇ.

—بىر كوي دېگەندىن مىڭنى قاتار قىلىپ سىلىگە بېرىۋەتتىم، ئەمدى سېرىق سىنتىمۇ قالمىدى مەندە.

—مانا ماۋۇ بىر كوينى ئال، — دېدى ھېلىقى دوغلاق ئادەم ساۋۇتكامنىڭ يېنىۋېلىشىدىن قورققاندەك. ساۋۇت ئاكا يەنە گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بىر كوينى ئېلىپ ئاق دوپپىسىنىڭ ئىچىگە سېلىپ، دوپپىنى بېشىغا كىيدى. قوچقارنى بەلۋېغىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن باغلاپ، بازاردىن چىقىپ كەتتى.

كەچتە ساۋۇت ئاكا روھى چۈشكەن ھالدا ئۆيىگە يېتىپ بارغاندا، ئوغلى ئوبۇلجان ھويلىدىكى باسما قۇدۇقتىن سۇ تارتىۋاتاتتى. ھارۋىدىكى قوچقارنى كۆرۈپ، «قانچە پۇلغا ئالدىڭ» دېگىنىچە كېلىپ ساۋۇت ئاكىغا ياردەملەشتى. چۈشەپ قويۇلغان پۇتلىرى يېشىلىپ يەرگە ئېلىنغان قوچقار، سوزۇپ مەرىگىنىچە ئۇدۇل قوتانغا قاراپ يۈگەردى.

—توۋا، —دېدى ئوبۇلجان ھەيران بولۇپ،— قوي دېگەن كەلمىگەن يەرگە كەلسە ھۆركۈپ تالاغا قاچىدىغان، بۇ قوچقار قوتاننى بىلىدىغاندەك ھەجەپ ئۇدۇل قوتانغا يۈگۈرەۋاتىدۇ ـ يا؟

—قوتاندىكى قويلارنى كۆرۈپ يۈگۈرگەندۇ بالام.

—مەرىشىمۇ بىزنىڭ قوچقارنىڭ دەل ئۆزى، ئاينىكا، سەنمۇ ئاڭلاپ باقىنا ئاتا.

ساۋۇت ئاكا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي قوتاننىڭ ئالدىغا كەلدى. دېگەندەك قوچقار ئوڭ پۇتى بىلەن قوتان ئىشىكىنى چاپچىپ تاراقشىتىپ، ساۋۇت ئاكىنىڭ قۇلىقىغا سىڭىپ كەتكەن تونۇش ئاۋازدا سوزۇپ مەرەۋاتاتتى. ساۋۇت ئاكا قوچقارنى كاپ تۇتۇپ، سول قۇلىقىنىڭ ئىچىگە قارىدى. قۇلاقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى چىگىتتەك سېرىق مۇنچاق مانا مەن دەپ تۇراتتى. بۇ ساۋۇت ئاكىنىڭ قوچقىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر بەلگىسى ئىدى. كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن ساۋۇت ئاكا، قوچقارنىڭ ئاغزىنى قايرىپ ئېچىپ، چىشلىرىغا قاراپ تېخىمۇ ھەيران قالدى. چۈنكى، بۇ قوچقارنىڭ يېشىمۇ دەل ئالدىنقى قوچقار بىلەن ئوخشاش ئىدى.

— ماۋۇ قويمىچىلارنىڭ ئۇستىلىقىنى كۆرمەمدىغان، — دېدى ساۋۇت ئاكا ئېغىر ئۇھسىنىپ،— ئۆزۈمنىڭ قوچقىرىنى ئۆزۈمگە سېتىپتۇ ئەمەسمۇ!

ئۇلارنىڭ قوتان تۈۋىگە كېلىۋېلىپ قىلىشىۋاتقان پارىڭىنىڭ تۈگىمەي كەتكىنىدىن كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغان توختىغان ھەدىمۇ ئىچكەركى ئۆيدىن چىقىپ، پاراڭغا ئارىلاشتى. دەسلەپتە قوچقارنىڭ پاكىز قىرقىپ، ئۇن سوپۇندا قايتا ـ قايتا يۇيۇپ پارقىرىتىۋېتىلگەن يۇڭلىرىغا ۋە چېكىسىدىكى تاراپ قويغاندەك رەتلىك تۇرغان تۈكلىرىگە قاراپ، ساۋۇت ئاكىنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمىگەنىدى. لېكىن، قوتاندىكى قويلار بىلەن قىلچە ياتلاشماي بىخارامان ئوت يەۋاتقان قوچقارنىڭ قۇلاق ئىچىدىكى سېرىق مەڭنى كۆرۈپ، مەرىشىنى ئاڭلاپ، ئۇمۇ ھەيران قالدى.

— بولدى بەس، — دېدى ساۋۇت ئاكا ئاخىرى دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، — بولغۇلۇق بوپ بولدى، ئەمدى بېشىمىزنى تاشقا ئۇرساقمۇ باكا، ماڭا بىر دەم ئاراملىق بېرىڭلا...

ئۇلار جىمىپ قېلىشتى. لېكىن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ دېھقان بولغان ئوغلى ئوبۇلجاننىڭ بۇ ئىشنى بولدى قىلغۇسى يوق ئىدى. ھېچ بولمىغاندىمۇ يۇڭلىرى پاخپىيىپ كەتكەن كۆرۈمسىز بىر قېرى قوچقارنى بىر ھەپتە ئىچىدە ھەتتا ئۆز ئىگىسىمۇ تونۇيالمىغۇدەك چىرايلىق قىلىۋېتەلەيدىغان قويچىنى بىر كۆرۈپ باققۇسى كەلدى. بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزىۋېتىپ، ئاتىسىدىن چاندۇرماي سوراپ، ئۇ قويچىنىڭ ئىسمى، بوي ـ تۇرقى، بازاردىكى قوتىنىنىڭ نەدىلىكىنى پىششىق بىلىۋالدى.

ياندۇرقى يەكشەنبە كۈنى ئۇ ئەتىگەندىلا قوي بازىرىغا كەلدى. ئاتىسىدىن سورىۋالغىنى بويىچە، بازارنىڭ سول تەرىپىدىكى داڭلىق قويلار سېتىلىدىغان قوتانلارنىڭ ئەڭ ياقىسىدىكىنى تاپتى. دېگەندەك پاكار، سېمىز، تاز چىراي بىر ئادەم قوتان ئىچىدە تەرلەپ ـ پىشىپ بىر قوينىڭ دۈمبىسىگە ئاغزى بىلەن بىر نەرسىلەرنى پۈركۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارقا تەرىپى بىلەن چاندۇرماستىن يېقىنلاپ كېلىپ، ئۇششاق سوقۇلغان ئاق ناۋاتنى قىرقىلغان قوينىڭ دۈمبىسىگە سۇ بىلەن پۈركۈپ، يىرىك تاغاقتا خۇددى ھۆسن تۈزەش ساتراچ-

خانىسىدىكى ھۈنەرۋەنلەردەك ئۇستىلىق بىلەن تاراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئۇبۇلجان، ئۆز قوچقىرىنىڭ يىرىك يۇڭلىرىنىڭ بىر چىرايلىق بۇدرە بولۇپ قېلىشىدىكى سىرنى چۈشەنگەندەك بولدى.

—ھە، نېمە گەپ؟! — دېدى قويچى ئۇبۇلجاننىڭ ئۆز ھۈنىرىنى بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ.

—قوي كۆردۇق، — دېدى ئۇبۇلجانمۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ.

—خەقنى كۆرۈۋالسۇن دەپ كۆرگەزمىگە ئاچىققان قويلار ئەمەس بۇ، باكاغا كۆرىۋەرسە كۆز تېگىدۇ...

ئۇبۇلجان ئەسلىدە «ئەمىسە، بىكارغا كۆرۈشكە رۇخسەت يوق، كۆرىدىغانلار پۇل تۆلەپ كۆرۈڭلار، دەپ ۋىۋىسكا ئېسىپ قويۇڭلا» دېمەكچى ئىدى. لېكىن، ئۇرۇشۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، تىلىنىڭ ئۇچىدىكى گەپنى يۇتىۋېتىپ:

—ئۇنچىۋالا ئەنسىرىمەيمۇ كەتمىسىلە، ھەممە قويىنىڭ بويىنىدا كۆز مۇنچاق باركەنغۇ؟ — دېگىنىچە باشقا قوتان تەرەپكە كەتتى.

باشقا قوتانلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇرۇق بولۇپ، تېخى ئەتىگەن بولغاچقا، قويچىلار قويلىرىنى ئەچىقىپ بولالمىغانىدى. ئۇبۇلجان ئۇيان ئارىلاپ، بۇيان ئارىلاپ بازارنىڭ ئادەتتىكى قويلار سودىسى بولىدىغان ئۇڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ قالدى.

—ئەمىسە شۇنداق قىلمىز ـ ھە! — دېگەن بوش ئاۋاز ئاڭلاندى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئارقا تەرەپتىن.

ئۇ بۇ ئاۋازنى تونۇش ھېس قىلىپ ئارقىسىغا بۇرىلىۋېدى، ئابلاجاننىڭ يېشى ئۆزىدىن چوڭراق چىقىسمۇ، چىرايى ئۇيېمۇ ئوخشاش بىر ئادەم بىلەن بىر ئىش توغرىلىق يوشۇرۇن پۈتۈشۈۋېلىپ، ئىككىسىنىڭ ئىككى تەرەپكە كەتكىنىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ قىزىقىپ قالدى. ئۇلارغا ئۆزىنى كۆرسەتمەسلىككە تىرىشىپ يىراقتىن ئەگەشتى. ئابلاجان كىشىلەر ئارىسىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈپ، كالا بازىرى تەرەپتىكى بىر بوش يەردە چىقىرىپ قويۇلغان رىزىنكە چاقلىق ھارۋىدا موخورىكا چېكىپ ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر شاپ بۇرۇت ئادەمنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇبۇلجانمۇ ئۇنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىشكە قىزىقىپ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالىغۇدەك يەرگە كېلىپ، باشقا ياققا قاراپ تۇردى. ئابلاجان شاپ بۇرۇت ئادەم بىلەن گويا كونا تونۇشلاردەك قىزغىن سالاملىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئەسلى مۇددىئاغا ئۆتتى:

—ئېشەدە بىر قوتاندا بىر قوزىلىق قىرغىزەك بار ئىكەن، بەك ئېچىم كۆيدى دېسىلە، لېكىن ـ زە، ئەگىسى بەك قىممەت دەپ تۇرىۋالدى. 2800 كوي قىلسام، 3500 دىن كەم ساتمايمەن دەپ تۇرىۋالدى. يەنە 200 كوي قاتسامغۇ گەپ يوق بېرەتتى. لېكىن ـ زە، گەپ تالىشىپ قىزىرىشىپ قالدۇق. شۇڭا، ئەمدى ماڭا 3000 كويغا بېرىشىمۇ تەس. قالسام ئۆزلىرى خېلى ئىش ئۇقىدىغان ئادەمدەك تۇرىلا. ماۋۇ 50 كويغا بالىلغا گۆش ئېلىپ بەرسىلە. بېرىپ ئاشۇ قوينى 3000 غا بەرسە ماڭا بىر ئېلىپ بەرسىلە. ئەگەرچەندە 2800 گە بېرىپ قويسا، 200 كوي سىلىنىڭ بولسۇن. سىلە ـ بىز ئوغال بالا ئەركەك، ساقال چىققاندا گېپىمىزدىن ھەرگىز يېنىۋېلىشىمىز يوق...

شاپ بۇرۇت ئادەم دەسلەپتە تازا ئىشەنمىگەندەك قىلدى. كېيىن ئىككىلەندى. ئاخىرىدا بولسا ئابلاجانغا ئەگىشىپ ھېلىقى قوتانغا قوينى كۆرۈپ باققىلى ماڭدى.

—ئاۋۇ ئۇزۇن قۇلاق قوي شۇ، — دېدى ئابلاجان قوتانغا ئاز قالغاندا قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ— بايا دېگەندەك مەن بارسام سودا بۇزۇلىدۇ. مەن مۇشەدە مىدىرلىماي تۇرۇپ تۇراي، قېنى بېرىپ بىر سۆزلىشىپ باقسىلا.

شاپ بۇرۇت ئادەم ئابلاجاننىڭ تۇرۇپ تۇرماقچى بولغان يېرىنى ئوبدان كۆرىۋېلىپ، ئۇدۇل ھېلىقى قوتانغا باردى. قوزىلىق قوينى كۆرسىتىپ باھاسىنى سورىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ قوتان ۋە قوتاندىكى قويلار ئابلاجاننىڭ ئىدى. بۇ بازارنىڭ ئادىتى بويىچە، ھەش ـ پەش دېگۈچە يەنە 20 — 30 سالاچى يىغىلىپ، ئۇ ئۇنى دەپ، بۇ بۇنى دەپ يۈرۈپ، ئاخىرى قوينىڭ باھاسىنى 2900 كويغا مۇقىملاشتۇردى. شاپ بۇرۇت ئادەم بېشىنى سوزۇپ قاراپ، ئابلاجاننىڭ بايا دېيىشكەن ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، خاتىرجەم ھالدا قويۇن چانچۇقىدىن پۇل ئېلىپ ساناشقا كىرىشتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چېھرىدىكى خاتىرجەملىكتىن، بايا ئالدىن ئالغان 50 كوي بىلەن ھازىرقى سودىدىن چىققان يۈز كوي پايدىنىڭ ئۇنى خۇشال قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى.

بىراق، ئۇنىڭ چېھرىدىكى خاتىرجەملىك ۋە خۇشاللىق ئۇزاق داۋاملىشالمىدى. قوزىلىق قوينى يېتىلەپ ئابلاجان تۇرۇپ تۇرماقچى بولغان يەرگە كېلىپ چىرايى ئۆڭگىدى. چۈنكى، ئۇ يەردە ئابلاجان يوق تۇراتتى. ئۇ يېتىلەككە تازا ماڭماي ۋاتقان قوينى دارقىرىتىپ سۆرەپ، ئۇيان ـ بۇيان يۈگۈرۈپ باقتى. ئەمما، ئابلاجاننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىغا كۆزى يەتكەن شاپ بۇرۇت ئادەم قوينى يېتىلەپ ئاخىرى قوتانغا قايتىپ كەلدى ۋە پۇلنى قايتۇرىۋالماقچى بولدى.

—نېمە دېدىلە؟ — دېدى بايا ئۇنىڭدىن پۇلنى

سانىۋالغان ئادەم ئەلپازىنى بۇزۇپ، — مەن سىلىگە قاراڭغۇدا قوي ساتمىدىم. كۈپ - كۈندۈزدە ئوتتۇز - قىرىق ئادەمنى گۇۋا قىلىپ قوي ئېلىپ، ئەمدى پۇلۇمنى قايتۇرىۋالىمەن دېگەن قانداق گەپ؟ قويىۋالغان بۇرۇتقا ياراشقۇدەك گەپ قىلىلى...

ئۇلار ئاۋۋال ئۆزئارا چۈشەندۈرۈشتى، ئاندىن ۋارقىراشتى ۋە ئاخىرىدا ياقىمۇ سىقىشتى. لېكىن، چىراي شەكلى ئابلاجانغا ئوخشايدىغان ئۇ ئادەم پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

—قېنى، مەشەدىكى قويچىلار بىر باھالاپ باقسۇن، —دېدى ئۇ كىشىلەر ئاجرىتىۋەتكەندىن كېيىن، —ئەگەرچەندە قوي ئۆلچەمگە توشمايدىغان بولۇپ، مەن ئادەتتىكى قوينى قىرغىزەك قاتارىدا قىممەت سېتىۋالغان بولسام، بىرگە ئۇننى تۆلەيمەن. مانا قوي مۇشۇ، قوزىسى تېخى ئانىسىدىن بەلەن.

—قوي «ئۈچ ق»غا توشىدىكەن، — دېدى قويچىلارنىڭ بىرى قوينىڭ قۇلىقىنى ئېگىكى بىلەن تەگلەشتۇرۇۋېتىپ، —مانا، قۇلىقى ئېگىكىدىن قىسقا ئەمەسكەن. قاڭشىرى ئېگىز، ئوغاق قاڭشاكەن. قۇيرۇقى ھەم ئۇستۇن، ھەم ئاچىماق ئىكەن. بۇ قوينى 3000 كويغا بۈگۈنكى بازاردا قىممەت دېگىلى بولمايدۇ. قانداق دېدىم؟

سالاچىلار بەس - بەس بىلەن سالا قىلىشقا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قوي بىلەن قوزىنى ماختىشاتتى. «يەنە 2—3 ئاي باقسا، قوزىسىمۇ 2—3 مىڭ كويغا يارايدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاۋېرىپ، شاپ بۇرۇت ئادەممۇ ئىككىلىنىپ قالدى.

—بوپتۇ، —دېدى ئارقىدىن بىرى شاپ بۇرۇتنىڭ دولىسىغا شاپىلاپ، — ئەر كىشى دېگەن قىمار ئويناپمۇ ئۇتتۇرىۋېتىدۇ. قالىسام خېلى مەرد ئادەمدەك تۇرىلا. قوي دېگەن جەننەتتىن چىققان ھالال نەرسە. ئاپىرىپ بېقىپ قويماملا؟ بالىلىرىنىڭ تەلىيى بولسا، بۇ قىرغىزەك قويلارنىڭ باھاسى ئۆتكەن يىلقىدەك ئۆرلەپ كەتسە، ئانا - بالا ئىككىسى 10—20 مىڭغا ياراپ قالامدۇ تېخى...

—راست دەيلا، — دېدى شاپ بۇرۇت ئادەم تەنە ئارىلاش، — قوي دېگەن راست جەننەتتىن چىققان ھالال نەرسە. ئەمما - زە، ھالال نەرسىدىن ھارام پۇل تاپىدىغان قويمىچىلار پەيدا بولدى بۇ زاماندا.

—راست دەيلا، — دېدى قوي ساتقان ئادەممۇ، —قويچى دېگەننىڭ بىر يەرلىرى قويمىچىغا ئوخشايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە قويمىچىلىق قىلسىمۇ قىلىپ پۇل تاپقان نوچى بولۇپ قالدى.

—ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلدى ئاينا، — دېدى بايىقى ئادەم، —قويچىنىڭ كۆڭلىگە كەلمىسۇن دەپ مەن دېمىگەنىدىم. قويچىلارنىڭ بىر تەرىپى راستلا قويمىچىغا ئوخشايدۇ. بۇ مەشەدىكى قويچىلارغىلا قارىتىلغان گەپ ئەمەس. ھەممىمىز قاساپتىن گۆش ئالىمىز. ئىلگىرىكى چاغلاردا قاساپنىڭ يېنىغا بارساق، «ياغدىن ئازراق قوشۇۋەتسىلە» دەپ يېلىناتتۇق. ئۇ چاغلاردا قوينىڭ ياغلىرى ئاپئاق لىغىلداپ تۇراتتى. ئادەمگە زىيان قىلمايتتى. مانا ھازىر قاساپنىڭ ئالدىغا كەلسەك، «ياغ ئورنىغا سۆڭەك بەرسىلە» دەپ ياغدىن قاچىدىغان بولدۇق، دېمىسىمۇ ھازىرقى قويلارنىڭ يېغى كونا بەڭگىنىڭ چىشىدەك سېرىق چىقىدىغان بولدى، بۇنىڭمۇ سەۋەبى بار. مەخسۇس ئورۇق قويلارنى ئېلىپ، كۆنجىرە، شاكالدا زەپلەپ بېقىپ سەمرىتىپ، قاساپقا ساتىدىغان بوداقچىلار پەيدا بولدى. باشلىقلارنى پوداقچى بۇزغاندەك، قوي گۆشىنىمۇ بوداقچى بۇزىۋاتىدۇ. بۇمۇ بىر خىل قويمىچىلىق...

ئوبۇلجانغا بۇ گەپلەر شۇنچىلىك ياراپ كەتتىكى، گەرچە شاپ بۇرۇت ئادەم قوينى يېتىلەپ ئاللىقاچان چىقىپ كەتكەن ۋە سالاچىلارمۇ بىر - ئىككىدىن تاراپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ گويا مىخلاپ قويغاندەك بىر ئىزىدا تۇرۇپ قالدى، «قويمىچى قويچى» دېدى ئۇ ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، «توغرا، ئۇنىڭغا بۇ ئىسىم خىزىر قويغاندەك يارىشىدىكەن... ئەمما ئۇنىڭ جىسمىغا يۈزدە - يۈز ماس كەلگەن بۇ مۇبارەك ئىسىمنى مۇشۇ يەردىكىلەردىن باشقا ھېچكىم ئۇقمىسا، بۇ تازا ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولمامدۇ؟... توغرا، شۇنداق قىلاي! ھازىر مەيلى قانداقلىكى تىجارەت بىلەن شۇغۇللانسۇن، ۋېۋىسكا ئېسىش بىر مودا بولىۋاتامدۇ؟ 10—20 كوي زىيان بولسىمۇ مەيلى، ھازىرلا چىقىپ كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالاي، ئاخشاملىقتا ئۆيدە چىرايلىق قىلىپ، «قويمىچى قويچى» دەپ بىر ۋېۋىسكا يېزىپ، ئەتىگەندە كېلىپ بۇ قوتاننىڭ پېشانىسىگە مىقلاپ قوياي...»

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئويلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلۈمسىرىگىنىچە، چارۋا بازىرىدىن چىقىپ، ئۇدۇل قەغەز - قەلەم ساتىدىغان ماگىزىنغا قاراپ ماڭدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدىن كېلەر يەكشەنبە كۈنى قوي بازىرىدىكى كىشىلەرنىڭ «قويمىچى قويچى» دېگەن ۋېۋىسكا ئېسىلغان قوتان ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ قىلىشىۋاتقان كۈلكە - چاقچاقلىرى بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى.

(ئاپتور: مەكىت ناھىيىلىك كۈتۈپخانىدا)

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

www.uyghurkitap.com



تاشقىن

# كەچلىك تۇرمۇش

(ھېكايە)

ئەتىكى ماتاگدەك سوزماق يىغىنىنىڭ ما-
تېرىيال تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ بولالماي، ئۆ-
زۈممۇ ماتاگدەك سوزۇلۇپ، ئىشتىن خېلىلا كەچ
چۈشتۈم. ئىشخانامدا تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بول-
غاندىن كېيىن ئويناپ زېرىككەن يەتتە ياشلىق
قىزىم: «دادا، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، ئۆيگە
كېتەيلى!» دەپ پېشمىنى نەچچە قېتىم تارت-
قاندىلا، ئاندىن رەت ـ رېتى بىلەن ئايرىپ تەي-
يارلانغان، ئەتە يىغىندا سۆزلىنىدىغان، تارقى-
تىلىدىغان دۆۋە ـ دۆۋە ماتېرىياللارغا يەنە بىر
رەت كۆز يۈگۈرتىۋەتكەندىن كېيىن، كۈندە
نەچچە قېتىم ئاچقۇچ تىقىپ تولغىشىمىزغا
مەڭگۈ ۋاي دېمەيدىغان، ئۈپراپمۇ قالمايدىغان
چىداملىق تۆمۈر قۇلۇپنى ئىشىككە مەھكەم
سېلىپ، ئىشخانىدىن ئايرىلدىم. ئاڭلىسام «ـ
ئىشخانا» دېگەن گەپ «ئىش قىلىدىغان ئۆي»
دېگەن مەنىدە ئىمىش، ھەقىقەتەن ئىسمى ـ
جىسمىغا لايىق قويۇلغان نام ئىكەن. كەلگەن
ئىشمۇ، چىققان ئىشمۇ ئىشخانىغا بىر قېتىم
«سالام» قىلىۋەتمىسە كۆڭلى زادىلا ئارام تاپ-
مايدىكەن. بۇ كىشىنىمۇ پۇتلاشتۇرۇپ، سالامغا
دوگغايتىپ ھالىنى قويمايدىكەن. بىر ئىشنى
قىلىۋاتسا، يەنە بىر ئىش كونا تامنىڭ كەينىدىن
ئىت سەكرىگەندەك پارتاققىدە يۈگۈرۈپ چىققان.
ئورۇنلاشتۇرىدىغانلار كۆپ، ئىجرا قىلىدىغانلار
ئاز. بىرەر تېلېفون، بىرەر پاكىس كەلسە، ياكى
بىرەر مۇبارەك باش ئىشىكتىن كۆرۈنۈپ، كال-
پۇكىنى بىر نەچچە قېتىم مىدىرلىتىپلا قويسا،
بولدى، نەچچە كۈن ئارام يوق، پاتىپاراقچىلىق

تېرىلدى دېگەن گەپ. بىر قېتىم يىغىن ئېچىش
پىلانلاندىمۇ، بولدى، ھەممىدىن بەك ھالىمىزنى
قويمايدىغىنى شۇ. باشلىقلارنىڭ يىغىن نۇتقى-
نى يېزىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك بۆلۈم ـ ئىش-
خانىلارنىڭ غۇدۇراشلىرىغا قارىماي ئۇلاردىن
كېرەكلىك خام ماتېرىياللارنى، يېقىنقى سان ـ
سىفىرلارنى يىغىمىز، ئاندىن ئۇلارنى جاي ـ
جايىغا كەلتۈرۈپ قۇراشتۇرۇپ، چىرايلىق گىرىم
قىلىنغان «كاتتا» نۇتۇقتىن بىر نەچچىنى تەي-
يارلايمىز. چۈنكى، يىغىن بىر بولغىنى بىلەن
سەھنىدە ئولتۇرىدىغان باشلىقلار كۆپ، ھەممى-
سىنىڭ سۆزلىگىسى، بىر ئىشلارنى ئورۇنلاش-
تۇرغىسى، كۆچەيتىپ تەكىتلىگىسى كېلىدۇ.
بىرى، ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىسە، بىرى، خۇلاسە
سۆزى سۆزلەيدۇ؛ بىرى، بۇندىن كېيىنكى
ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، بىرى، بىر قانچە
نۇقتىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ، يەنە بىرى، يىغىن-
نىڭ ئاخىرلىشىش نۇتقىنى دېمىسە، يىغىن
خۇددى قۇيرۇقى يوق قۇشقا ئوخشاپ قالىدۇ.
ھەممىسىگە بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ قالمايدىغان
سۆز ئورگىنالى كېرەك بولىدۇ. مەيلىلا، ھەممەي-
لەن خىزمەتنىڭ «ئۈنۈمدارلىقى»نى كۆزلەيدۇ
ئەمەسمۇ؟ بۇ كەمدە كىشىلەرمۇ بۇرۇنقىدەك
ئاڭلىق بولماي قالدى، يىغىنىنىڭ كۆپ ھەم ئۇ-
زۇن ئېچىلغانلىقىغا قارىماي، يەنە قايتا ـ قايتا
دەپ تۇرمىسا، ئاشۇنداق ئىنچىكە، قاتلاممۇ قاتلام
ئورۇنلاشتۇرۇپ، سۆيلەپ تۇرمىسا، ئىش ئاقماي-
دىغان بولۇپ كەتتى. يەنە تېخى يىغىنىدىن
ئاۋۋال تەييارلايدىغان ئوتقاشتەك قىزىل لوزۇنكا،

ئۇنىڭغا يازىدىغان، چاپلايدىغان خەت، يېزىلغان ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلىش، غەلۋىردىن ئۆتكۈزۈش، كۆپەيتىش، تۈپلەپ تىكىش، يىغىن سەھنىسىگە تىزىدىغان ئىچىملىك، يەل - يېمىش مەسىلىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، يىغىن ۋاقتىدىكى پىلىموتتەك سۆزلەرنى مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئىت قوغلىغاندەك تېزلىكتە خاتىرىلەش، يىغىندىن كېيىن لاقا - لۇقىلارنى جاي - جايىغا يىغىشتۇرۇش، يىغىن خاتىرىسىنى يەنە بىر قانچە «بالا خاتىرىلەر»گە ئېرىنمەي كۆچۈرۈپ، كېيىنكى تۈرلۈك تەكشۈرۈشلەرگە دەسمىي تەييارلاپ قويۇش قاتارلىقلارنى دېمەيلا قوياي. ھېلىقى گېپىم ئەجەب شاخلاپ، ئۇزىراپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ قىزىمنى يېتىلىگەنچە ئاخىرى ئىشخانىدىن چىقتىم. سىرتتا قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قاپتۇ، بىنادىكى كارىدورنىڭ ئىچىدە ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمىغاچقا، پەلەمپەيدىن چۈشكىچە قىزىم بۇدرۇقىنە بارماقلىرى بىلەن تولا خەت يېزىپ ئۇيۇشۇپ كەتكەن قولۇمنى مەھكەم تۇتىۋالدى. بىنادىن چۈشسەم ئىدارىدا! نۆۋەتچىدىن باشقا ئادەم قالماپتۇ. «ھەر كۈنى دېگۈدەك مۇشۇنداق كەچ قالىسىز، قىزىڭىز ئاشقازان كېسىلى بولۇپ قالمىسۇن يەنە» دېدى نۆۋەتچى خادىم كۆيۈنگەندەك تەلەپپۇزدا. مەن كۈلۈپ قويۇپ ھېچنېمە دېمىدىم، نېمە دەيمەن؟ قاخشايمەنمۇ، زارلايمەنمۇ؟ بۇ كەمدە بىر كىمگە ئىشىنىپ گەپ قىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى. قارىساڭ ئالدىڭدا بىر ئۆز ھېجىيىپ، شۇنداق چىرايلىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغان، دوستۇڭدەك ساڭا تەسەللىي بەرگەن، ئەمما، ئانچىكى بىر ئېغىز چاقچاق گېپىڭ، ياكى كەيپىياتىڭ ياخشى بولماي قالغاندا ئىختىيارسىز ئېغىزىڭدىن چىقىپ كەتكەن بىر جۈملە سۆزۈڭمۇ شۇ ھامان قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ، قونمايدىغان يەرگە بېرىپ ئىلىنىپ قالغان، يۈزۈڭنى سارغايتقان. كونىلار: «سىرىڭ كۆڭلۈڭدە پىنھاندۇر، سىرىڭغا سەن ئەمىردۇرسەن، سىرىڭ ئۆزگىگە ئاياندۇر، سىرىڭغا سەن ئەسىردۇرسەن» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقانىكەن. بېشىدىن ئۆتمىسە بۇ نەزمىلەرنىمۇ توقۇپ يۈرمەس ئىدى دەيمەن. تامنىڭمۇ قۇلىقى بارمىش، شۇڭا ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ. بىر كاللەك نىجاسەتنى قاپ ئۇتتۇرىدىن ئىككىگە بۆل دېسە قولى تىترەيدىغانلار ئۆز غېمىنى قانداق قىلىشنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلار تاپ - پۇراپ يۈرگەن لالما ئىتتەك باشقىلارنىڭ ئىزىنى تىمىسقىلاپلا يۈرىدۇ. چېقىمچىلىق، خۇشامەتچىلىك ئۇلارنىڭ جان ساقلاشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك قورالى. بىرەر گەپ - سۆزنى ئاڭلاپلا قالسا، بىرنى ئىككى قىلىپ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، كىمگىز ئۈستىدىن قىل تېرىپ، شۇ ھامان ئاپىرىپ چاقىدۇ، چېقىپ توختىمىغىچە كۆزىگە زىنھار ئۇيقۇ كەلمەيدۇ. ئۇلار گەپ بورداشتا تەجرىبىلىك بورداقچىدىن ھەرگىز قېلىشمايدۇ. ئۇلار ۋاقتى كەلسە ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈشتىن، ئىنىچە - سىڭىللىرىنى باشقىلارغا تۇتۇپ بېرىشتىنمۇ نومۇس قىلمايدۇ. ئاللا ئۇلارنى پېشانىسىدە قاشقىسى بار ياراتمىغانىكەن، شۇڭا بىزدەك ئاجىز مەخلۇقلارنىڭ ئۇلارنى پەرق ئەتمىكى بەسى مۈشكۈل ئىكەن، شۇڭا ھەر جايدا ئېھتىيات قىلغان تۈزۈك.

نۆۋەتچى تۆمۈر دەرۋازىنى شاراقشىتىپ قۇلۇپلاپ ئىدارىدە قالدى. مەن نەچچە يىلدىن بېرى مىنىپ كونىراپ كەتكەن موتسىكلىتىمنى مىنىپ. يېڭىدىن ماي ياتقۇزۇلغان، پىشقەدەملەر يىلدا بىر قانچە قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان چاي - سۆھبەت يىغىنلىرىدا ئۆتمۈشتىكى كاتاڭ يوللار بىلەن سېلىشتۇرۇپ يىغلاپ كېتىدىغان، كوچا چىراغلىرى چاقناپ تۇرغان ئازادە يولغا چىقتىم. موتسىكلىتىم شەھەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئالدىدا چېنىپ قالغانلىقىدىن نومۇس قىلغاندەك، پات - پات غىچىرلىغان، تاراقلىغان ئاۋازلارنى چىقىرىپ قوياتتى. ئەمما، ناگان - ناگاندا ئۇچراپ قالىدىغان ئېشەك ھارۋىلىرى خۇددى كەچلىك بەزمىگە ئالدىرىغان سەتەڭلەرنىڭ توپلىيىدەك تاكاسلىغان ئاۋازلارنى كەينىدە قالدۇرۇپ، غېمىدە يوق ئۆتتۇشۇپ تۇراتتى.

قىزىم توڭلىغان بولسا كېرەك، ماڭا چىڭ چاپلىشىپ ئولتۇردى، مەن موتسىكلىتنى ئىمكان بار ئاستا، سىلىق ھەيدەپ ئۆيگە قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. ئۆيگە يېتىۋالساقلا قىزىم ئىسسىق چاي، مېزىلىك تاماققا داخىل بولالايدۇ، ئاتا - ئانا مېھرىگە قېنىپ ئوينىۋالالايدۇ، ئەركىلىۋالالايدۇ، باللىق قىلىقلىرى بىلەن ئۆي ئىچىنى بازاردەك قىزىتىۋېتىدۇ. بۇ ئەقەللىي بىر ئائىلىۋى

تۇرمۇش، چۈنكى، مەن ئۆيدە يىغىن ئاچمايمەن، تۇرلۇك تۈزۈم ـ تەدبىرلەرنى بەلگىلەپ، مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، تەكشۈرۈپ نازارەتچىلىك قىلىپ يۈرمەيمەن. «مەن دېگەن ئائىلە باشلىقى» دەپ، ئۆزۈم تۆردە ئولتۇرىۋېلىپ خالىغانچە بۇيرۇقۋازلىق، زومىگەرلىك قىلمايمەن، ئائىلە تۇرمۇشىمىز يەنىلا ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە يۈرۈشۈپ كېتىۋېرىدۇ.

ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ موتسىكلىتنى تورمۇزلىدىم، قىزىم مۈشۈكتەك چاققانلىق بىلەن ئىرغىپ چۈشۈپ: «ئانا، مەن كەلدىم!» دېگىنىچە هويلىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇنىڭ باللارغا خاس چۈك ـ چۈك، زىل ئاۋازى هويلىنى چىپ ئالدى. مەن موتسىكلىتنى چاققانغىنە هويلىمىزغا ئەكىرىپ جايلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، كارىدورغا قەدەم باستىم ۋە ئېغىر بىر يۈكتىن خالاس بولغان كىشىدەك «ئۇھ!» دەپ بىرنى تىنىدىم. چاپىنىمنى ئىلغۇچقا ئېسىپ قويۇپ، ساپما كەشنى پۇتۇمغا ئىلىپ، دالان ئۆيگە كىردىم. قارىسام قىزىم ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ، بۈگۈن ئىشلىگەن تاپشۇرۇقلىرىنى ۋاراقلاپ كۆرسىتىۋېتىپتۇ، بىراق ئايالىم ئېغىزىدا: «هە، ياخشى، چىرايلىق يېزىپسىز ئەقىللىق قىزىم» دەۋاتقان بىلەن، كۆڭلى بالىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىدا ئەمەستەك قىلاتتى. نېمىگىدۇر بىر نېمىگە جىددىيلىشىۋاتقانلىقى چىرايىدىن مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ كىرگىنىمنى كۆرۈپ: «ئاپئاق قىزىم، دادىڭىزمۇ كىردى ئەنە، ئەمدى مەن چاي تەييارلاي، بىر دەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ ـ هە» دېگىنىچە بالىنى كارىۋاتقا قويدى ۋە ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن مېزىلىك تاماقنىڭ هىدىنى ئىزلەپ ئاپشاركىدەك تۇمشۇقىمنى ئۇيان ـ بۇيان سوزۇپ ئۆي ئىچىنى پۇراپ باقتىم. قىزىم ئانىسىدىن نارازى بولغان بولسا كېرەك، ئېغىزىنى ئۆمچەيتكىنىچە كېلىپ ماڭا ياماشتى. مەن ئۇنى ئەركىلىتىپ كۆڭلىنى ياساپ بولغىچە، ئايالىم بىر پەس تاراق ـ تۇرۇقلاردىن كېيىن بىر داستىخان نان، چىنە ـ چەينەك ۋە قەنت ـ گېزەك، مېغىز، مۇرابىا دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ تاماق يەيدىغان ئۈستەلگە يايدى. مېنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى. بىراق، يەرنىڭ ئۈستىگە قارىماي ئۇن ـ تىنسىز چاي قۇيۇۋاتقان ئايالىمنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىك ۋە ئوڭايسىزلىقنى كۆرۈپ بىر نەرسە دېيەلمىدىم. «ئەتىگەندىمۇ يېسەك شۇ ناننى، كەچتە يەنە شۇ نانمۇ؟ چۈشتە ئىدارە تازىلىقىدا ئورۇنلاشتۇردى، تەكشۈرۈشكە ئادەم كېلىدىكەن، تاماقتا يېرىم سائەتلىككىلا ۋاقىت بەردى دېگەن گەپ بىلەن بازاردىن تاماق يېدۇق، بازارنىڭ تامىقى دېگەن هەر قانچە ئالا ـ يېشىل بولسىمۇ يامغۇردا قالغان تۆمۈردەك دات تېتىيدىكەن ئادەمگە، بىر كۈندە بىر ۋاق بولسىمۇ قازان ئېسىلسا نېمە بولىدۇ بۇ ئۆيدە؟» دېگەنلەرنى ئويلىدىم ئىچىمدە. ئايالىم خۇددى كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغاندەك ئېغىز ئاچتى:

— بۈگۈن ئاخشام ئىدارىدا سىمىنا قوشۇپ ئىشلەيدىكەنمىز. سائەت يەتتىدە ئىدارىغا يىغىلىدىكەنمىز، شۇڭا تاماق ئېتەلمىدىم، ئۆلگۈرمەيدىكەن.

هەممىنى چۈشەندىم، نېمە دېگۈلۈك، ئۆز هوقۇقىنىڭ ئۆتىدىغان ـ ئۆتمەيدىغانلىقىنى مۇشۇنداق چاغدا دەگسەپ ئۆگىنىپ قالغان كالتە كۆسەيلەرنىڭ دەستىدىن ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ ئارامخۇدا بىر تاماق ئېتىپ يېگىلى بولمىغان. قىزىمنىڭ قورسىقى هەقىقەتەن ئېچىپ كەتكەن بولسا كېرەك، قۇرۇق ناننى «ئىخلاس» قۇۋۋەت تالقىنىدا دەملەنگەن چايغا تۈگۈرۈپ ئىخلاس بىلەن يېيىشكە باشلىدى. دەپتىرىنى هەر كۈنى يۈز نومۇر بىلەن تولدۇرۇپ كېلىدىغان بۇ قىزىمنىڭ قاتتىق ناننى ئىشتىها بىلەن چايناۋاتقان هالىتىگە قاراپ، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

— قاچان تۈگەر مۇشۇنداق سىمىنا قوشۇپ ئىشلەشلەر، — دېدىم زەردە بىلەن ۋە ئاچچىقىمنى ناندىن ئالماقچى بولغاندەك بىر پارە ناننى زەرب بىلەن پاراسلىتىپ ئۇشتۇپ ئالدىمغا قويۇپ قويۇلغان قىزىق چايغا چۈمۈردۈم. چىنىدىكى چاي تېشىپ، داستىخانغىمۇ تۆكۈلۈپ كەتتى. قىزىم هەيران بولۇپ: «نېمە بولدۇڭ دادا؟» دېگىنىچە ماڭا تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى باللارچە سوئاللارغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەيتتىم. «ئالە دادا، نان يېگىن» دېگىنىچە قولىدىكى بىر بۇردا ناننى ماڭا ئۇزاتتى ئۇ. مەن: «رەخمەت ئوبدان قىزىم» دەپ ئۇنىڭ قولىدىن ناننى ئالدىم ۋە زورىغا بولسىمۇ كۈلۈمسىرەپ قويدۇم. مېنىڭ كۈلگىنىمنى كۆرۈپ قىزىمنىڭ چىرايىغىمۇ ئۇماقلىقىنە تەبەسسۇم

يۈگۈردى. بۇ بىر تەبەسسۇم بىلەن كۆڭلۈمدىكى جىمى غەشلىكلەر يوقاپ كەتكەندەك، ئۆي ئىچمۇ پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك خېلى يەڭگىللەپ قالدىم. ئۆي دېگەن دائىم مۇشۇنداق ئىللىقلىققا تولۇپ تۇرسا نېمە دېگەن ياخشى ـ ھە!

—ئۇن بەش مىنۇت قاپتۇ، مەن ماڭاي، —دېدى ئايالىم ئورنىدىن تۇرۇپ.

—تۇزۇكرەك چايمۇ ئىچمەي ماڭامسىز؟ —دېدىم ئۇنىڭ ھارغىن چىرايىغا قاراپ.

—مەن ئابايام ئازراق چاي ئىچىۋالغان، —دېدى ئايالىم ئېغىزىنى پۇرۇشتۇرۇپ ۋە ياغلىقىنى چىڭ چېكىلەپ، پوپايكىسىنى قوشلاپ كىيىپ چىقىپ كەتتى. هايال بولمايلا ھويلىدىن ئۇنىڭ موتسىكلىتىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، مەن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان موتسىكلىت ئاۋازىغا قۇلاق سالغىنىمچە بىر بۇردا قۇرۇق ناننى چايناپ زورىغا يۇتۇۋەتتىم.

قىزىم چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن قۇچىقىمغا چىقىپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈشكە باشلىدى، مەن رېتىمىنى يوقاتقان بۇنداق تۇرمۇشنى ئويلاپ تەگسىز خىياللارغا چۆمۈلدۈم. سائەت دېگەن ھەممە يەردە ئوخشاش، لېكىن بەزى جايلاردا سائەت دېگەن چېكىتى يوق تارازىدەك ئۆز قىممىتىنى يوقاتقان. بولۇپمۇ بەزى ئىدارىلەردە ئەھۋال شۇنداق، شەنبە ـ يەكشەنبىلىك دەم ئېلىش ۋاقىتلىرى، ئاخشاملىرىدىكى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلار خۇددى ئىگىسى يوق لوق گۆشنىڭ ئۆزى. ئۇنى ئوغرى مۇشۇكتەك يالماپ، چايناپ شاما قىلىۋەتسىمۇ سورىقى يوق.

بىر چاغدا يېنىك پۇشۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، قارىسام قىزىم شېرىن ئۇيقىغا كېتىپتۇ. ئورۇن سېلىپ ئۇنى ياتقۇزۇپ قويدۇم، ئۆزۈممۇ قاچانلاردا ئۇيقىغا كەتكىنىمنى بىلمەيمەن... بۈگۈن يېزىۋېتىشنى پىلانلىغان بىر پارچە ھېكايەممۇ شۇنىڭ بىلەن سۇغا چىلاشتى.

بىر چاغدا ئىشىك قوڭغىرىقى جىرىڭلاپ كەتتى، ئېنىقكى ئايالىم كېچىلىك جەڭگىۋار ۋەزىپىدىن قايتىپ كەلگەنىدى. چىقىپ ھويلا ئىشىكىنى ئاچتىم، ئىشىكتىن ئاۋۋال ئوتى ئۆچمىگەن موتسىكلىتنىڭ سۇرلۈك قارا گەۋدىسى، ئاندىن ئايالىمنىڭ سوغۇقتىن تىترەپ تۇرغان بەدىنى ياندىشىپ كىرىپ كەلدى. ئايالىم كىرىپلا، خۇددى تاشالماي ئاران تۇرغان چۆگۈندەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى، مەن نېمە ئىش بولغاندۇ دەپ ئەندىكىپ كەتتىم. ئۇنىڭ قولىدىن موتسىكلىتنى ئېلىپ جايلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەشتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىردىم.

—تىللىدى، —دېدى ئۇ كارىۋات لېۋىدە ئولتۇرۇپ ياش يۇقى كۆزلىرىنى سۈرتكەچ. ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن بۇقۇلداپ چىققان يىغىدىن ئۆزىنى توختىتالمىغاچقا، گەۋدىسى سىلكىنىپ تۇراتتى، تىلى تۇزۇكرەك گەپكىمۇ كەلمەيۋاتاتتى. مېنى تەقەززالىق قىستاپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتۈپ جىمجىت تىكىلىپ ئولتۇردۇم.

ئۇنىڭ بىر دەمدىن كېيىن ئېسەدەپ تۇرۇپ ئېيتىپ بېرىشىچە بۈگۈنكى ئىشنىڭ پەقەتلا ئۇنۇمى بولماپتۇ. ئىدارىدىكىلەر شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئىدارە باشلىقى بىلەن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقمىغاچقا، قىلىدىغان ئىشنىڭ پىلانى ھېلىدىن ھېلىغا ئۆزگىرىپ كېتىپ، خىزمەتچىلەر مەڭدەپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن جىلە بولغان ئىدارە باشلىقى «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك، بار ئاچچىقىنى كادىرلىرىدىن ئاپتۇ...

ھاردۇق يەتكەن بولسا كېرەك، ئايالىم سۆزلەپ ئولتۇرۇپ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى، ئۇ يەڭگىل يېشىنىپلا مېنىڭ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراشلىرىمغا پەرۋا قىلماستىن، ياستۇققا بېشىنى قويدى.

ئايالىمنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ بەزى ئوغۇللارنىڭ «تالادىن كىرمەيدىغان كادىر ئالغۇچە، ئۆيدىن چىقمايدىغان خوتۇن ئالىمەن...» دېگەن سۆزلىرى يادىمغا يەتتى. مەن نېمىشقىدۇر ئېغىر تىنىپ، ئاھ ئۇرۇپ قويدۇم... كېچە بىر يەرگە باردى، لېكىن مەن قېچىپ كەتكەن ئۇيقۇمنى ئەمدى نەدىن تېپىۋېلىشنى پەقەتلا بىلمەيتتىم.

تۇيۇقسىز يانفونۇم سايراپ كەتتى. كەلگەن نومۇرغا قاراپلا بەدىنىم تىكەنلەشتى.

—ۋەي، ئىدارىغا تېز كېلىڭ، ئەتىكى يىغىنىنىڭ قارالمىلىرىدا ئۆزگىرىش بولغاچقا، كېچىلەپ جىددىي يىغىن ئاچىمىز...

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**




### شېئىرسىز قېلىش

شېئىرلىرىم، كەچۈرگىن مېنى،
ئۇنتۇپ قالدىم ئوتتۇز كۈن سېنى.
ئۇنتۇپ قالدىم، (ناخۇشلۇق ئىچرە)
سادىر مىنگەن قاناتلىق ئاتتەك
ئېھ، بىباها مەغرۇرلىقىمنى،
ئۇنتۇپ قالدىم قۇشلىقىمنى ھەم،
ئوتتۇز يىل ۋە ئوتتۇز دەقىقە.
ئۇنتۇپ قالدىم قەبرە ياساشنى،
ئوتتۇز يۇلتۇز ئۆلگەن كېچىگە.
ئۇنتۇپ قالدىم ئوتتۇز كۆچەتكە،
ئوتتۇز چېچەك قويۇشنى تاقاپ.
ئۇنتۇپ قالدىم، ئوتتۇز تال گۈلدىن
شېرىنلىكنى ياشاشنى شوراپ...
قۇتقۇزارمەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم،
ئوتتۇز پارچە بولغان قەلبىمدىن
ئوتتۇز قۇياش چىقسا چاراقلاپ.

### مۇنچا ئىزدەش

چىپىلداپ ئاقماقتا بەدىنىمدىن كىر،
ۋە يەنە روھىممۇ كەتكەن قارىداپ.
يۇندىغا چىلانغان كوچىلار ئارا،
شاھانە مۇنچىنى يۈرىمەن سوراپ.

ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇرار ئالدىمدىن،
رەزگى بىر پۇراقنى تارىتىپ گۇپ ـ گۇپ.
قۇياشنىڭ باغرىدىن چۈشىدۇ روھىم،
بۇ سائەت پاك ـ پاكىز چىقسام يۇيۇنۇپ.

### قىز بولۇپ تاشلانسۇن باغرىڭغا هايات

بىر پارچە گۈلخاننى كەلدىم قوچاقلاپ،
ئېچىۋەت قەلبىڭنىڭ دەرىزىسىنى.
ھارارەت سۇنۇپ بەر دۇنياغا ئاندىن،
كۆيدۈرۈپ سوۇكوتنىڭ ئىسكەنجىسىنى.

سۆيۈپ قوي ۋە يەنە كۈلكىلەرنىمۇ،
ئۆگەنسۇن كۆكۈلگە قونۇشنى يات ـ يات.
شۇندىلا تويۇڭنى قىلايلى كاتتا،
قىز بولۇپ تاشلانسۇن باغرىڭغا هايات.

### سەن نۇر چاچتىڭ روھىمدىكى كېچىگە
(ئۇستازىم ئابدۇقادىر سادىرغا مۇشائىرە)

تەم ـ تۇم مېڭىپ سەھرادىن كەلگىنىمدە يېنىڭغا،
قانىتىمنى ئاۋايلاپ مېھرىڭ بىلەن سىلىدىڭ.
يۇمران تىلدا ئۇنلىسەم باچكىسىدەك قۇشلارنىڭ،
پەرۋازىمغا كۆكلۈكدەك سۈزۈك ئاسمان تىلىدىڭ.

زىمىستاندا سېغىنسام چېچەكلەرنىڭ ھىدىنى،
باغرىڭدىكى گۈللۈكنىڭ ئىشىكىنى كەڭ ئاچتىڭ.
تىغ ئۇچىدا تولغانسام مەكتۇپ يېزىپ سۆيۈمگە،
روھىمدىكى كېچىنى تاڭغا ئۇلاپ نۇر چاچتىڭ.

مۇگدىشالماي تاش بىلەن قىيالاردا مۇگدىسەم،
غەپلەت باسقان چۈشلەردىن چىللاپ تۇرۇپ ئويغاتتىڭ.
ئادىمىلىك ھەققىدە ھېكمەت تۆكۈپ، دۇر تۆكۈپ،
ئىخلاس بىلەن دوستلۇقنىڭ دەرياسىنى بويلاتتىڭ.

ئەقىدەمنىڭ يىلتىزى كۆزلىرىڭدىن سۇ ئىچىپ،
ئاچچىق ـ چۈچۈك مىسرالار كىردى شېرىن تەملەرگە.
سوۋغا قىلدۇق غۇبارسىز چاقچاقلارنى ھەمىشە،
يۈرەكلەرنى ھاياجان قۇچاقلىغان دەملەرگە.

سەن قېنىمغا كۆمگەن چوغ بۇ كۆڭۈللەردە لاۋۇلداپ،
دەپتىرىگە ۋاپانىڭ بىر شېئىرنى پۈتمەكتە.
ئەنە بىر جۈپ ئارغىماق كىشنىگەچ تاغ باغرىدا،
مىنەيلى قول تۇتۇشۇپ، ئىقبال بىزنى كۈتمەكتە.

### تەۋەككۇلچى بولمساڭ ئەگەر

تەۋەككۇلچى بولمساڭ ئەگەر،
ئېيتالمايسەن گۈلگۈن بىر ناخشا.
يالقۇن چاچماس ئارمانلىرىڭ ھەم،
بۇ ھاياتىڭ قىرغاقلىرىدا.

تەۋەككۇلچى بولمساڭ ئەگەر،
زىننىقىڭغا قونماس تەبەسسۇم.
تۈنجى قارنى سۆيەرسەن بەلكىم،
تام تۈۋىدە بولۇپ بۇرۇقتۇم.

تەۋەككۇلچى بولمساڭ ئەگەر،
قانىتىڭنى يوقلىماس پەرۋاز.
چاڭگىسىغا شۇڭغۇتار تېخى،
باھارىڭنى چىشلەپ ئۇچقان غاز.

تەۋەككۇلچى بولمساڭ ئەگەر،
كۆكسۈڭ ئارا ئېچىلماس بىر يول.
بارالمايسەن تىغ تەگلەپ يەنە،
شەيتىنىڭنىڭ ئالدىغا ئۇدۇل.

### سېنىڭ ئاۋازىڭ

كېچىلەر،
بىپەك شامال قالسىمۇ مۈگدەپ
لەپىلدىتىپ قاناتلىرىنى
ئۇچۇپ كېلەر سېنىڭ ئاۋازىڭ.
چۆمۈلدۈرەر شولىلارغا ھەم،
يۈرىكىمگە قونۇپ پەرۋازىڭ.
قۇشلىقىمنى سېزىمەن شۇ چاغ،
قۇچاقلىشىپ ئاسمىنىم بىلەن.
ئەقىدەمدىن ياسايمەن يەنە،
چۈشۈمدەكلا سۆيۈملۈك ۋەتەن.
قونۇپ ئاندىن دولقۇن كۆكسىگە،
چايقىلىمەن يېنىك ۋە لەرزان.
ئويغانغىچە خورازلار تاكى،
يېتىپ كەتكەن تۇمارىمسىمان
ئالقىنىمدا ئويىنار بۇ جاھان.
كېچىلەر...
قولىقىمدا سېنىڭ ئاۋازىڭ،
يۈرىكىمدە سېنىڭ پەرۋازىڭ.
(ئاپتور: كۇنا ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

**غوجامۇھەممەد مۇھەممەد**

# غەزەللەر

1

بىر ئۆمۈر كۈتتۈم نىگارىم كەلمىدى،
قامىتى سەرۋى چىنارىم كەلمىدى.
باغلىرىم بولدى خازان ئاھ ـ زارىدا،
ياپيېشىل نورۇز ـ باھارىم كەلمىدى.
گۈل بىلەن ياپراق ئارا قەتلە بايان،
مۇڭ بېرىپ يىغلاپ ساتارىم كەلمىدى.
بولدى جان تەنگە مۇساپىر، ئول ئەجەل
كەلدى ئاھ، لېكىن مازارىم كەلمىدى.
ئىگىسىز ئۆتمەن ئىشق سەھراسىدا،
ئالغىلى باغلاپ نىگارىم كەلمىدى.

2

ئول كۆكۈل باغى ئارا سەيلانە كىم؟
گۈلگە مەست كەيپى بىلەن خەندانە كىم؟
ئىككى ئالەمنى تېگىشكەن سۆيگۈگە،
مەشرەبى دىۋانىدەك مەردانە كىم؟
جام لېۋىدە ئىستىقامەت ئەيلىگەن،
تەگرىگە ھەييام كەبى مەستانە كىم؟
يۇلتۇزى ئۆچكەن پەلەككە كۆز تىكىپ،
ئاھىدىن تۇرغان يېنىپ نۇرانە كىم؟...
تۈندە بۆرە ھۇۋلىدى، تۇردۇم چۆچۈپ،
بىللە چۆلگە كەتكۈدەك دوستانە كىم؟!

3

كەچكۈدەك جانۇ جاھانىم قالمىدى،
يەتكۈدەك ياكى ۋىسالىم قالمىدى.
سارغىيىپ ئۆچتۈم سامان رۇخسارىدا،
سۈرگىدەك شېرىن خىيالىم قالمىدى.
ئىككى ئالەم مۈلكىنى يۇردۇم يۇدۇپ،

www.uyghurkitap.com

ساتقىدەك قايناق بازارىم قالمىدى.
كېچىسى ياتتىم جەسەتنىڭ قەلبىدە،
ئۆلگىدەك باشقا ئامالىم قالمىدى...
ئەي غوجى قوپ، ساڭا ئېچ ئاغرىتمىغان،
ئادىمى، ھەتتا قوياشىم قالمىدى.

4

يار كېتىپتۇ مەيلىگە مېھمان بولۇپ،
چېچىلىپ كۆڭلى ئۇنىڭ مارجان بولۇپ.
كۆز يېشى تونىدە قىزىل گۈل بەرگىگە،
تامچىلاپتۇ يەتتە قات ئاسمان بولۇپ.
ئۆچۈرۈپتۇ ئاھ، ئۇمىدىنىڭ شامىنى،
قەلبى مۇدھىش قاپقارا زىندان بولۇپ.
زارى ـ زار يىغلاپتۇ ئۇن ئىككى مۇقام،
ئاختۇرۇپ چۆلدە ئۇنى كارۋان بولۇپ.
ئەي غوجى، يالغۇزلۇقۇڭ بولدى قىيام،
تاپ ئۇنى سەن كەتكۈچە ھايۋان بولۇپ.

(ئاپتور: گۇما يولۇچى توشۇش بېكىتىدە)

**ئابدۇرېھىم زۇنۇن**

# سۆيگۈ ناخشىلىرى

(تېكىستلەر)

## بۇلبۇلۇم، كەتمە يىراق

بۇلبۇلۇم، كەتمە يىراق، شاخىمغا قون،
سەن ئۈچۈن قىلدىم گۈزەل گۈلباغ بىنا.
يايرىسۇن تەسكىن تېپىپ مىسكىن دىلىم،
كۈل ئۇرۇپ قەھ ـ قەھ، قىلىپ خۇشچاغ ناۋا.

بۇلبۇلۇم، كەتمە يىراق، كۈز كەلدى، دەپ،
سەن ئۈچۈن قەلبىم چېچەك ئاچقان باھار.
دىلدا دىشۋارىم تولا، غەملىك بېشىم،
«يولدا يالغۇزلۇق يامان»، دەر كونىلار.

بۇلبۇلۇم، كەتمە، باھار، گۈللەرنى سۆي،
دە مېنى خۇش بۇي چېچەك، يۆلەك ـ تېغىم.
غۇنچىلار پورەك ئېچىپ، ئاۋاتلىشىپ،
خۇشناۋا كۈيلەرگە تولسۇن گۈل بېغىم.

## ئاياللار

قۇياش كەبى ئىللىتىدۇ دۇنيانى،
مېھرى ئىسسىق، چېھرى نۇرلۇق ئاياللار.
جۇلالىغان نۇر دېڭىزى مىسالى
سۆيگۈگە باي، قەلبى ئوتلۇق ئاياللار.

مېھنەت قىلار، بالا باقار، ئۆي تۇتار...،
قۇت ـ بەختنىڭ ئاساسىدۇر ئاياللار.
پەرزەنت خۇشال پەرۋاز قىلار شۇڭقاردەك،
شۇلارنىڭ كەڭ ساماسىدۇر ئاياللار.

ئەرلەر ـــ تۈۋرۈك، ئاياللار ـــ شام ـ چىراغدۇر،
مېھرىدىن نۇر چاچار ئۆيگە ئاياللار.
ئالەم گۈزەل، ھايات گۈزەل، دىللار شاد،
چۈلغار ئۆينى گۈزەل كۈيگە ئاياللار.

نە لەززەتى ھاياتلىقنىڭ ئايالسىز،
كىرگۈزىدۇ تۇرمۇشقا تەم ئاياللار.
ئۇلار بىلەن ئالەم گۈلگە پۈركىنەر،
قۇچاق ئاچار ئىقبالغا ھەم ئاياللار.
قايتارما:
چەكسىز سۆيگۈ دۇنياسىدۇر ئاياللار،
گۈزەل تۇرمۇش ئاساسىدۇر ئاياللار.

## سۆيۈپ قاپتىمەن

چىرايلىقنى سۆيمەيدىكەن كىم،
چىرايلىققا كۆيمەيدىكەن كىم؟
ئاي پەرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ،
تۇتۇلدى شوخ، زۇۋانداز تىلىم.

شۇ ئاغزىمغا ئۇردۇم نەچچىنى،
پايخان قىلدىم تاغدەك ئۇنچىنى،
بىلدىم، سوراپ دانىش ھېكمىدىن،
تىل تۇتۇلۇش سەۋەب ـ ۋەجىنى:

شۇ گۈزەلگە كۆيۈپ قاپتىمەن،
چىن يۈرەكتىن سۆيۈپ قاپتىمەن،
قولۇپلارمىش ئاشىقلىق تىلنى،
شۇڭا مۆڭلۈپ، ئۆيۈپ قاپتىمەن.
قايتارما:
چىرايلىققا كۆيىدۇ ھەر كىم،
چىن گۈزەلنى سۆيىدۇ ھەركىم.

## بارىم ئانامنىڭ

بىر نان تاپسام، شۇ نان ئانامنىڭ،
گەر شان قۇچسام، شۇ شان ئانامنىڭ.
ئۆتكەن ماڭا ئاق سۈتى بىلەن
مەندىكى قان، ۋىجدان ئانامنىڭ.

تۈنلەردە يىپ ئەشتى مەن ئۈچۈن،
تىرناقتا تاغ تەشتى مەن ئۈچۈن،
ئۇ بارىدىن كەچتى مەن ئۈچۈن،
مەندىكى پەم، ئىمان ئانامنىڭ.

ئۇ سۆزلىدى، سايرىدى تىلىم،
ئۇ ئۆگەتتى، يورىدى دىلىم،
مەنە تاپتى ھاياتىم، جېنىم،
بىلگەنلىرىم ھامان ئانامنىڭ.

خۇشال ئۆتمەس كۈنۈم ئانامسىز،
چىقماس ھەتتا ئۈنۈم ئانامسىز،
بىدار ئۆتەر تۈنۈم ئانامسىز،
يوقۇ بارىم، بۇ جان ئانامنىڭ.

نېمە تەرسە، تەرسۇن يېرىمەن،
گەر بۇيرىسا، ئوتقا كىرىمەن،
لازىم بولسا جاننى بېرىمەن،
تاجۇ تەختىم سۇلتان ئانامنىڭ.

## ئەل كۈيچىسى مەن

مەن ناخشىچى، ئەلنىڭ كۈيچىسى،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن ھامان.
ئەل قۇچىقى — بىپايان گۈلزار،
شۇ گۈلزاردا يايرايمەن ھامان.

شاخ ئېگىلسە، دىيەكلەر يۆلەر،
بىلىق سۇدىن ئايرىلسا ئۆلەر.
بار «ئەل» ئاتلىق يۆلەك، دېگىنىم،
كۆڭلۈم ھامان يايراپ، شاد كۈلەر.

شۇڭا، بارىم ئەلگە تەئەللۇق،
بۇرچۇم ئەلگە بېرىش، كۈلكە، زوق.
بەختلىك مەن، ناخشامدا ئەلگە
بېرەلىسەم مەنىۋى ئوزۇق.

مەن شوخ بۇلبۇل، ئەلنىڭ كۈيچىسى،
كۈيلەپ، سايراپ قانمايمەن ھامان.
دۇچ كەلسەم ئوت دېگىزىغا گەر،
كېچىشتىن باش تارتمايمەن ھامان.
قايتۇرما:
ئەل باغرىدا يايراپ كۈلىمەن،
ئەل ئىشقىدا سايراپ ئۆلىمەن.

## ئەجەب ئىكەن بۇ دۇنيا

زەينەپ ئاشىقى كاككۇك،
سايرىماي تۇرالامدۇ؟
يارغا بەرگەن كۆڭلۈمنى،
ئۆزگىلەر ئۇتالامدۇ؟

يار يولىغا تەلمۈرۈپ،
كاككۇك بولۇپ سايرىدىم.
قونۇپ ئېگىز تېرەككە،
شاخ ـ پۇتاقنى قايرىدىم.

ئەجەب ئىكەن بۇ دۇنيا،
تەنھا يۇردۇم — زەينەپ يوق.
بولدۇم شۇنچە ئىنتىزار،
باراي دېسەم سەۋەب يوق.

يالغۇز يۈرسەم يوللاردا،
قىز ـ چوكانلار تورايدۇ.
—بويتاق يىگىت نەگە، — دەپ،
مەنىلىك گەپ سورايدۇ.

كۆكۈل —جانان چىنىدۇر،
يەرگە چۈشسە سۇنامدۇ؟
ئۆزگە يارنى سۆيمەككە،
ئاشىق كۆكۈل ئۇنامدۇ؟

## ھېسلىرىمنى ئويغاتتى باھار

باھار تۇغدى يېشىل دالانى،
قوغلاپ جۇدۇن، ئاپەت ـ بالانى.
كۆڭلۈم ھامان تارتىپ تۇرىدۇ،
بۇلبۇل ناۋا قىلغان تالانى.

يالپۇز ھىدى كەلدى چېچىلىپ،
مىسكىن كۆڭلۈم قالدى ئېچىلىپ؛
دېرىزەڭنى ئېچىۋەت ئۇلۇغ،
خۇشبۇي ھىدىڭ كەتسۇن قېتىلىپ...

يۈرىكىمنى ئوراپ خىيالىڭ،
قامال قىلدى ئايدەك جامالىڭ.
ھېسلىرىمنى ئويغىتىپ باھار،
تەلپۈندۈردى شېرىن ۋىسالىڭ.

سېنى كۈتتۈم ھەر كۈنى كەچتە،
ئاي مارىغان چاغدا روجەكتە.
كەل دىلدارىم، باھار كەتكىچە،
تاشقىنلىدى سۆيگۈم يۈرەكتە.

**سەھرا —جەننەت قىزلىرى — پەرى**

مىسلى جەننەت دەيمەن يېزىنى،
پەرى دەيمەن ئىشچان قىزىنى.
خۇماردايمەن كەلمىسەم پات ـ پات،
پەرىلەرنىڭ ئىزدەپ ئىزىنى.

قوللىرىدا ئويىنار ھىلال ئاي،
بىلەكلىرى تۈرۈكلۈك، ئايھاي!
قىزىل گۈللەر ئۈندى ئىزىدىن،
بولغاچ ۋاپا ـ ساداقەتكە باي.

ياشنار نەدە بولسا ساداقەت،
ساداقەتنىڭ تەكتى پاراغەت.
ساپ تەر بىلەن كۆلەر ئانا يەر،
نەدە جاپا چەكمەي سائادەت؟

سەھرا —جەننەت، قىزلىرى — پەرى،
يۇرت گۈللەندى سىڭگەچ قان ـ تەرى.
ئاشۇلارسىز گۈللەپ ـ ياشنىماس،
بۇ دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرى.

(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى كېزىت ـ ژۇرنال تەھرىراتىدا)

**ئابدۇلئەھەد داۋۇت تۇركزات**

# تەبىئەتتەك ياشايمەن ھامان

## يول

ئۇپۇق تامان كەتكەن سوزۇلۇپ،
چىغىرلارنى چىغىرغا ئۇلاپ.
ئۆكسىمەيدۇ دوقال ـ كاتاڭلار،
كېلەر كارۋان ئۇپۇققا قاراپ،
ئىزلىرىدىن نۇر، باھار تاراپ.

تۈتىمۇ يول جاپا شارابى،
سەزمەس ئازاب شادلىنار دىلى.
بۇ ئۇزۇن يول، بۇ مۇقەددەس يول،
قەلبى ئاتەش شائىرنىڭ يولى،
ئۇ ئىجادنىڭ ھارماس دۇلدۇلى.

## تەبىئەتتەك ياشايمەن ھامان

گاھ باھاردەك ئېچىلدىم، كۈلدۈم،
تەپتى گاھى چېھرىمگە غەزەپ.
چەكچەيدىڭ سەن بۇ ھالنى كۆرۈپ،
«ئادەم دېگەن تۇرسا بىر خىل» دەپ.

تۇرسا ئادەم دائىم بىر خىللا،
بۇت ـ ھەيكەلدىن بولامدۇ پەرقى؟
سالغان بىلەن كاچات، ئەزىزلەپ ـ
چاي بەرگەننىڭ ئوخشاشمۇ نەرخى؟!

ياشىيالماس بىر خىل قېلىپتا،
ھېس ـ تۇيغۇسى ئۆلمىگەن ئىنسان.
پەيتى كەلسە كۈلۈپ، قايغۇرۇپ
تەبىئەتتەك ياشايمەن ھامان!

## يارالسا شۇنداق كۈي ئەجەمدەك مۇڭلۇق

( ــ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ب د ت پەن ـ مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن دۇنيا ئاغزاكى غەيرىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن)

يارالسا شۇنداق كۈي ئەجەمدەك مۇڭلۇق،
مەن تۇگەل زېھنىمنى خەجلەپ ياراتسام.
ئېرىسە تەپتىدە زىمىستان ـ توڭلۇق،
قۇياشنى ھەيرەتتە ئاڭا قاراتسام.

يېڭى كۈي ئىشقىدا مەست بولغان سازلار،
دەس تۇرسا ئورنىدىن، كۆتۈرسە چۇقان.
دەۋرەشسە يايلاقتا كېيىك، قوتازلار،
ئۆكۈزلەر توختىسا سۆرەشتىن ساپان.

ئىچىلسا شۇ كۈيىنىڭ مېھرىدە بىردىن،
غەيرىي كۈي گاس قىلغان تالاي قۇلاقلار.
ئېتىلسا بۇلدۇقلاپ، يامرىسا قىردىن،
كۆمۈپ قۇم، ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بۇلاقلار.

ئەبجەش كۈي گۇم بولسا قېتى - قېتىدىن،
ئاڭلانسا يېڭى كۈي ئالەمگە پۈتۈن.
ئاجراتسا كالپىندار قۇچاق - بېتىدىن -
بىر بايرام، شۇ كۈينى قۇتلۇقلاش ئۈچۈن!
(ئاپتور: گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزا 11 - باشلانغۇچ مەكتەپتە)

**مامۇت زايىت**

# ئىككى غەزەل

### مەشۇق دەۋتى

ئاي - يۇلتۇزغا تولسىمۇ پەلەكنىڭ تاقى،
يىراق ئۇيقۇ - غەپلەتتىن كۆزۈم قاراقى.
كەتمەس ھامان قېشىمدىن گۈزەل مەشۇقۇم،
تولۇن ئايدىن مۇنەۋۋەر چېھرى - سىياقى.
بىر نىگاھى رىغبەتتۇر نەچچە نەزمىگە،
دىسەم ھەقلىق مەن ئۇنى ئىلھام بۇلاقى.
ئۇلتۇرىدۇ يېنىمدا نۇر - مېھىر تۆكۈپ،
بېغىشلايدۇ خۇشاللىق لېۋى، زىناقى.
لىرىك سۆھبەت قۇرىمىز جاھان ھەققىدە،
سۆھبەتكە جەم تۇرمۇشنىڭ ۋىسال - پىراقى.
بىللە ئاشتۇق رىيازەت، جاپا تېغىدىن،
سۆيگۈمىزنى چىڭىتتى ۋاقىت سىناقى.
سىيا قىلىپ قېنىمنى يازىمەن غەزەل،
ئارام بەرمەي ئىجادنىڭ ئوت - ئىشتىياقى.
يىرىم ئەسىر نەزمىگە زەر قەلەم چەكتىم،
ئالدىمدا بار تىك داۋان، يولنىڭ يىراقى.
نىگار دېدۇ: ھاياتنى كۈيلە زاھىدى،

ئاڭلار بۇنى ئىنساننىڭ ئاقىل - ئويغاقى...

### ئىلچىنىڭ بازىرىدا

ئىلچىنىڭ بازىرىدا كۆردۈم سېنى،
ھۆر - پەرى ئۇزارىدا كۆردۈم سېنى.
بىر نىگاھىڭدىن ئەسىر بولغاي كۆڭۈل،
ئاي، قۇياش رۇخسارىدا كۆردۈم سېنى.
ساڭا تەلپۈنگەن پەقەت مەنلا ئەمەس،
ئەل كۈيى — دۇتارىدا كۆردۈم سېنى.
قانچە ماھىر يازغۇچى رومانىدا،
نەزمچى ئەشئارىدا كۆردۈم سېنى.
بولدى پۈر ئالەمگە ئۇزلۇق تەرىپىڭ،
قۇت - ۋىسال باھارىدا كۆردۈم سېنى.
سەن كەبى گۈل چېھرىلەر يۈرتى خوتەن،
ئاشۇلار قاتارىدا كۆردۈم سېنى.
بەختىيار زاھىدى ئۇزلار ئىچىدە،
شان، ۋاپا تۇلپارىدا كۆردۈم سېنى.
(ئاپتور: «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ پېنسىيونېرى)

**ئەنۋەر مەڭلىك**

# بارخانلاردا چۈش كۆرىدۇ ئەر

### قۇياش بولۇپ پارلايدۇ دېھقان

قايناق سەھرا
كۆك قەرىدە سايرايدۇ تورغاي.
شۇ كۈي بىلەن ياشايدۇ دېھقان،
ئۇ ئاشۇنداق خۇشاللىقتا باي.

سەھەر چىقىپ ئېتىزغا كۈلەر،
باشاقلاردا جىلۋە قىلسا دان.
شەبنەم يۇسا توزانلارنى پاك،
ئىچ - ئىچىدىن كۆكلەر ھاياجان.

ئۇ، ئېتىقادى يىمىرىلمەس تاغ،
ئىچ - باغرىدا يوقتۇر قىلچە داغ.
ۋىجدانىدىن چاچرايدۇ شۇڭا،
گۈل - گۈلستان ئاسايىشلىق باغ.

دەيمەن شۇڭا دېھقاننى تەگرى،
تاللاپ - تاللاپ بەرگەن سىخى دان.
تېرىساقلا ھالال تەر بىلەن،
مول ھوسۇلدا بىزنى قىلار خان.
............

ياپپېشىل تەگ سۈزۈك ئاسماندا
قۇياش بولۇپ پارلايدۇ دېھقان.
ئۇزايدىن يېتكەن تەلمۈرۈش،
پاك پېتىلا شۇڭا ئۇندا قان.

## بارخانلاردا چۈش كۆرىدۇ ئەر

كۆزلىرىمدە ئۇيقۇ يوق
بارخانلارغا ياقتىم باغرىمنى.

بارخان تەكتىدىن ئاڭلاندى ئاۋاز
ئۇ بەئەينى بوستان ناخشىسى.
ۋۇجۇدۇمدا بىر ساماۋى روھ،
تەڭكەش بولۇپ كارىزنىڭ كۈيى.

دۈپۈرلىگەن ئات تۇياقلىرى
يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئاستا.
توغراقلارغا باقتىم زەن سېلىپ،
ئۇ بارخاننى ئۇچۇملاپ ئىچىپ
قانمىغاندەك ئىچەتتى قايتا.
ئات كىشنەيتتى توغراقنى بويلاپ،
كۆزلىرىدە غۇرۇر لەپىلدەپ.
ئات قاناتنى قاقاتتى چاپچىپ،
يىراقلارغا قاراپ دىۋەيلەپ.

سەھەر
بارخانلارغا ياقتىم باغرىمنى.

پۈتۈن سۈرۈك ئەركەكمەن ئەركەك،
ئىزدەۋاتقان تاغدىن ئۆزۈمنى.

ئات يايلىدا ئوينايدۇ شامال
تۇياقلىرىدىن چاچرىشىدۇ زەر.
ئەر تىنىقى قۇياشقا مىسال،
بارخانلاردا چۈش كۆرىدۇ ئەر.

## خوتەن

يۈرىكىمدە بار ھەممە نېمە،
ئۇ ئوخشايدۇ ئۇماق خوتەنگە.
خوتەن قۇيىلىدۇ يۈرىكىمگە،
مەن چاقنايمەن خوتەن كۆزىدە.

كۈنلەر ۋارىقىدا يارقىن ئىزلار،
ئالقىنىدا جاۋاھىر تاشلار.
خوتەن مەرد ـ سېخى يۇرت بۇ،
پارقىرايدۇ سەدەپتەك ياشلار.

يىراق يېقىندىن قارايدۇ
يېقىن يىراقتىن.
قاسراق تاشلاپ چۆل يىلىنىدەك
كۆكلەر ئازابتىن.

تەن رەڭگىدە كۈيلىنەر خوتەن،
ئۇ سۆيۈملۈك مەڭگۈلۈك ۋەتەن.

(ئاپتور: دوۋا سانائەت بىلىش شىركىتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا)

ئابلىكىم تالىپ

# ئىككى سونت

1

كۆكسۈمدە سايرايدۇ سۆيگۈ بۇلبۇلى،
جاھاننى قاپلىسۇن ئۇنىڭ پەرۋازى.
سەنمۇ ئېيت، ئەي دوستۇم لىرىك ناخشاڭنى،
يوقالسۇن دىللاردىن يىغا ئاۋازى.
باراقسان ياشنىسۇن زەيتۇن دەرىخى،
شادلىقتا چۆمۈلسۇن كۆڭۈل كەپتىرى.
سۆيگۈنى كۈيلەپ بىز يازايلى شېئىر،
قالمىسۇن ھەرگىز ئاق ئۆمۈر دەپتىرى.
سۆيۈلۈش، سۆيۈشتە ياشايدۇ ھەممە،
زەررىمۇ نەزەردىن قالمىسۇن يىراق.
جەننەتنىڭ تۈسىنى ئالار بۇ دۇنيا،
سۆيگۈنى ھەممىمىز قىلغاندا بايراق.
ئالەمنىڭ تىرىكى، تۈۋرۈكى ـــ سۆيگۈ،
قەلبنىڭ قەلبكە كۆۋرۈكى ـــ سۆيگۈ.

2

بەك قىينالدىم، سەن ئامرىقىم ئاغرىپ ياتقاندا،
ئايلاندىم مەن ئەتراپىڭدا پەرۋانە بولۇپ.
شۈكرى! دېدىم خەتەر كېتىپ تاڭلار ئاتقاندا،
ئاچقىنىڭدا كۆزلىرىڭنى، شادلىقتا تولۇپ.
قىلمىغىن سەن مېنى تەڭرىم يارىمدىن جۇدا،
تونۇمايتتىم ئۇنى ماڭا سەن ئۆزۈڭ چاتقان.

نىچۇن ئەمدى ئايرىماقنى ئويلىدىڭ «خۇدا»،
مېھرىمىزنى سەن ئەمدىلا ئۇن يىللا قاتقان.
ئېلىپ كەتمە دىلكەشىمنى يىغلىتىپ زار ـ زار،
كۆز تويسىمۇ يار مېھرىگە يۈرەك تويمىدى.

قىلمىغايسەن رەقىپلەرنىڭ ئالدىدا ھەم خار،
ئاشىقلارنى ئايرىۋېتىش ساڭا «خۇي» مىدى؟
ئاغرىق بالىلاڭ دىلبىرىمگە ماڭمۇ تەڭ سال،
ئالساڭ ئەگەر ئىسسىق جاننى مېنىڭدىنمۇ ئال.
(ئاپتور: گۇما ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسىدا)

**مۇھەممەدتوختى ئەھمەد**

# ھاياتنىڭ مەنزىلى رەڭدار

ھاياتنىڭ مەنزىلى ئەگرى ـ توقاي، رەڭدار كوچا ـ رەستە،
ئۆتەر ھەركىم تىرەجەپ ئۇشبۇ مەنزىللەردە بەسبەستە،
غەنىيمەت دىم ـ تىنىق ئىشرەت يەنە قىسمەتكە پەيۋەستە،
ئاداققى چەك ـ چېكىت ئۆمرۈڭ بېتىگە چۈشسە بىر پەستە،
دېگەيسەن بۇ ئۆمۈر ئىچرە نېمە كەم، نېمىلەر ئەستە؟

ئەزەلدىن شۇ ئۇدۇم ـــ ئەجداد ئىشى ئەۋلادقا نەپ بەرگەي،
ئۇ نەپىنى ئاۋۇتۇپ ئەۋلاد يەنە ئەۋلادقا دەپ بەرگەي،
ئۈزۈلسە بۇ ئۇدۇم، ئەپسۇس ـ پۇشايمان بىرلە «خەپ» بەرگەي،
سەۋەب: ياخشى ـ يامان سەرگەشت رىۋايەت ئۆزرە گەپ بەرگەي،
شۇ سەرگەشت ئۆستۈرۈپ بىرنى، بىرىنى قالدۇرار پەستە.

شۇڭا، ئەۋلادنى ئويلاپ بىراۋ ئىش ـ كۈشتە تەرلەيدۇ،
بىراۋ دىللارغا نۇر بەرگەن چىراغ ـ شاملارنى پەرلەيدۇ،
بىراۋ خالتا ئېچىپ (سەكسەن) دورا ـ دەرمەكنى سەرلەيدۇ،
دېمەك، كوي ـ كويدا بۇ تۇرمۇش پىداكارلارنى «ئەر»لەيدۇ،
بۇ كويغا بىنەزەرلەرنى كۆرەرسەن ھەر كۈنى نەستە.

ساداقىتىن بىر ئۈزۈلگەن ئوق، قېيىپ ھېچ يانمىدى ئەسلا،
ئېقىننى چېكى مەنزىلىنىڭ جىمىتتى ـــ قانمىدى ئەسلا،
ۋە لېكىن ئىزگۇ ناملاردىن ئەسىرلەر تانمىدى ئەسلا،
تەۋەرۈك ياخشىلىق نۇرى قۇياشتىن چانمىدى ئەسلا،
ئۇلۇغلاپ چاقنىدى، ئەمما كۆمۈلدى رودۇپاي خەستە.

كۆچەت سال، مەيلى قازغىن تاغ ـــ ئۇنى ئەۋلادقا تۆھپەمدە،
كېلەچەك ئىمتىھاننى ھايات ۋەزنىگە ئۆلچەم دە،
خازان كۆرمەيدۇ ساپ ئەجرىڭ، ئۇنى دىللارغا كۆكلەم دە،
مەگەركى روھى بىتاپسەن، بىسات كۆرمەيدۇ كۆلبەم دە،
ئىشەن، ئاچقاي چاھارباغمۇ قويۇن ـ گۈلزارىنى تەستە.
(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ پېنسىيونېرى)

**مۇھەممەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللا**

# سەرساندۇر قارچۇقلار ئۇزاق يوللاردا

### شەبنەم بوپ شامالنىڭ شېرىن چۈشلىرى

تولۇن ئاي بوشلۇقتا تۇرار ساڭگىلاپ،
ۋادىلار مەڭزىدە چاقنار ئاقۇش نۇر.
چېڭقىلىپ كېچىنىڭ يالىڭاچ كۆكسى،
ياپراقنىڭ كەينىدە ئىزدەيدۇ ھۇزۇر.

تۇيغۇلار كىشنەيدۇ يىراققا چاپچىپ،
سۈنىدۇ جىمجىتلىق گىياھتا لەرزان.
شاخلاردا ئۆكسۈيدۇ ئىنتىلىش كۈچى،
تىن ئالار يۇلتۇزلار ئەسنىشىپ ئاران.

بەزلەيدۇ ئۇيقۇغا تاغلارنى ئاسمان،
چېقىلار كۆكۈللەر ئۆزىدىن تېنىپ.
باغاشلار قىيالار چوڭقۇر ھاڭلارنى،
مەستلىكتە قانغۇچە باغرىغا بېسىپ.

غىلپال قىپ پىنھاندا خىرە سايىلار،
يوقايدۇ دەم ئۆتمەي گۈگۈم قوينىدا.
شەبنەم بوپ شامالنىڭ شېرىن چۈشلىرى،
قالىدۇ ئازابلىق ئاينىڭ نۇرىدا.

### شىلدىرلاپ ياپراقلار ئۇركۈيدۇ پات ـ پات

شىلدىرلاپ ياپراقلار ئۇركۈيدۇ پات ـ پات،
شاماللار چىت بويلاپ قاچار ئەندىكىپ.
چېكەتكە چىرىلداپ سايرىسا خۇشال،
ئىشكىلەر غىچىرلار كېلىنى قىرىپ.

توپىلىق يوللاردا تىۋىشلەر دۇپ ـ دۇپ،
ئۇرۇلار ئەترايتىن چەكسىز بىر راھەت.
ئورماننىڭ ئىچىدە پىچىر ھەم پىچىر،
ئوت ـ چۆپلەر نەملىشىپ قىلىدۇ ئىشرەت.

يۇلتۇزلار چېقىلار ياپراقتا چۇل ـ چۇل،
كۆكۈمنىڭ باغرىدا نازلىنىش، كۇلۇش.
يۇلقۇنۇپ ئۆچەككە ئالدۇرايدۇ ئاي،
قىرلارنىڭ باغرىدا ئىچىرقاپ سۆيۈش.

ئوقچۇيدۇ ئۇپۇقتا سۇپسۇزۇك ۋاقىت،
كۆكلەيدۇ ئىقىنلار ئاستا شىۋىرلاپ.
سەگىدەپ شاخلاردا مۇزلايدۇ كېچە،
ۋە لېكىن دەرەخنىڭ ئاستىدا ئاپتاپ.

(ئاپتور: كىرىيە ناھىيە قارقىر يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە)

**ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر**

# شېئىرلار

1

ھايات شېرىن بىلىنەر ھامان،
يار ۋەسلىدە بولساڭ خۇش كەيپ.
ھايات ساڭا يۈكلىسە ھىجران،
يۈرەك دەردلىك كۆز ياشتا ئىزىپ.

ھايات دېگەن يۈگەنسىز بىر ئات،
كۆز چاقنۇدەك جابدۇقى تولۇق.
مىنسەڭ ئۇنى ئويلىماي شۇملۇق،
بەيگىلەردە قوچىسەن مۇراد.
ھايات بەزەن يولدۇر قومۇشلۇق،
باشتا ئۆلۈم، قاقمىساڭ قانات.

ھايات ئەسلى بىر ئاچچىق غورا،
يېيەلىسەڭ بالدەك تېتىملىق.
يېيەلمىسەڭ قىلىپ مىڭ توۋا،
دەردكە پېتىپ ياشىشىڭ ئىنىق.

2

چۆرگىلەيدۇ پەلەك چاقى بېشىمدا پىر ـ پىر،
قىسىلىمەن ئامبۇرىدا ئازابىنىڭ كۈندە.
يوللار كەگرى، پەقەت مېنىڭ يولۇملا چىغىر،
يار ئىشقىدا يۈرىكىمگە سالىدۇ رەندە.

چۆمۈلگۈم يوق يارسىز دەريا مېھرىگە قېنىپ،
تەشنالىقنىڭ چاڭلىرىدا يۈرسەممۇ سولۇپ.
قىرو چۈشتى باشقا يارنىڭ ۋەسلىنى كۈتۈپ،
تاغ ئاشتىم دەپ، يۈرگىنىم راست خورلۇقتا ئىزىپ.
سىرلىق قىسمەت ئوتلىرىدا پۆكلەندىم كۆيۈپ،
تىپىرلايمەن روھسىز خىيال ـ ئويلارغا پېتىپ.

يەشمەك بولۇپ يارنىڭ چېگىش سىرىنى بىر رەت،
ئۈمىدلىرىم ئاستا ـ ئاستا سوزماقتا پىلەك.
كۆز ئوقۇمدا جۇلالايدۇ ئەنە قۇت، ئامەت،
خەير روھسىز تەلپۈنۈشلەر، ياشايمەن شىردەك...

3

مۇڭ دەۋرىيدۇ مەيۈس، شەھلا كۆزۈڭدە،
تۇرقۇڭ گويا سولغۇن يېشىل يوپۇرماق.
بىر سېھىرلىك شىۋىرلاش بار ئۈنىڭدە،
ئەگىپ يۈرەر خىيالىڭدا تېپىشماق.

پىنھاندىكى ساڭا سىرداش بۇلاقلار،
كۆي تۆكمەيدۇ تۇتقانىمىكىن قاراڭنى.
چىن سۆيگۈدە تىكىلمىگەن قۇراقلار،
ئۆكسىمىگىن، ساقايتالماس ياراڭنى.

كەڭلىڭلەرگە مېھىر بىلەن قۇچاق ئاچ،
چىراي ئاچار كۈلۈپ ئۈمىد بەرناسى.
پاك ئىشقىڭنىڭ ناۋاسىدىن ئۇرۇق چاچ،
گۈلگە تولسۇن كۆتكەن ئۈمىد مەرئاسى.
ئازابلاردا يۈرمەي ئىزىپ دىلرەبا،
تاغلارغا باق، باغلاردا بار شوخ ناۋا.

4

ئۆتتۈردىڭ كىمگىدۇر، يېقىلدىڭ ھاڭغا،
ھاياتىڭ رەڭمۇ رەڭ قىسمىتى شۇنداق.
غەيرىي ئۆي ـ ھەۋىسىڭ كۆمۈلدى چاڭغا،
ئۆكۈنمە، ئۆچتى دەپ تۈنىمدىن چىراغ.

بىلمىدىڭ باشتىلا يۈرۈشنى قايان،
يۈگۈردىڭ نىشانسىز، تېرەڭگە پاتماي.
چىقىرىپ پېتىدىن ھەر جايدا بوران،
ماختاندىڭ شادلىنىپ، ئەپتىڭگە باقماي.
خۇشامەت سازىنى ياڭراتتىڭ ھامان،

ۋىجدانىڭ سولىشىمۇ قىلچە ئۇيالماي.

كۆرەڭلىك سولدۇردى يۇمران شېخىڭنى،
پۇشايمان دارىغا ئېسىلما قاخشاپ.
تاپ ئەمدى ئەسلىڭنى، سۇرتۇپ يېشىڭنى،
ئۆگەنگىن ئۆلۈشنى ئادەمدەك ياشاپ...

5

باقتىڭ ھەسەت كۆزلىرىدە سەن ماڭا،
شۇئان خەسكە ئايلاندى گۈلباغلىرىم.
يۇلۇپ ھاڭغا تاشلاندىم مەن دائىما،
خۇش ئاۋازلىق قۇش سانالدى زاغلىرىم.

ئەتۇر قىسمەت بولۇپ سىرداش ــ ئۆلپىتىم،
ئاقتىم ئازاب دەرياسىدا نەچچە رەت.
تېرىقچىمۇ بولماي قەدىر ــ قىممىتىم،
بېشىمدىلا ئەگىپ يۇردى مالامەت.

غۇرۇر بىلەن قاسراق يېرىپ پارلىسام،
توپا چاچتىڭ زەر قۇياشلىق تېگىمغا.
قىلتاقلاردىن ئەگىپ ئۆتۈپ سايرىسام،
قارىلارنى ئەگلىدىڭ دىل ئېقىمغا.

يوقمۇ سەندە ئادىمىيلىك نومۇس ــ ئار،
ئۇزۇپ مېھىر ھەسەتتىن، چاچ خۇش ئىپار.

6

غۇرۇر نېمە، بىلمەي مەيدە قاققانلار،
قىيالاردا بۇركۇتتەك پەر قاقالماس.
ھەقنى قارا ئەيلەپ كىبىر تاپقانلار،
مەڭگۈ ھايات لەززىتىنى تاپالماس.

غۇرۇر دېگەن بىل، روھ ئۆيىڭ چىرىغى،
تۈنلەردىمۇ سېنى ئايدەك چاقناتقان.
غۇرۇر دېگەن دىل پاكلىقى، ئاقلىقى،
ئادەملىكنى ئادەملىكتە ساقلاتقان.
غۇرۇر دېگەن ئەرنىڭ غەزەپ چاقمىقى،
غۇرۇرسىزنى لەت پىچىدا قاتناتقان.

غۇرۇر بىلەن ياشاي دېسەڭ يۈز ئېچىپ،
دوستۇم، ساقلا ئارىڭنى پاك، غۇبارسىز.
غۇرۇرۇڭنى دات يېمىسە، چاڭ بېسىپ،
تاغدەك مەغرۇر ياشايسەن، يول قىياسىز.

(ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك رادىئو ــ تېلېۋىزىيە ئىستانسىدا)

**ئابلىپىز توختىمۇھەممەت ئارقۇمى**

# شېئىرلار

## بىر ئالمغا ئېتىپ قويسام تاش

جاھان كەزسە ئادىمىيلىك ئاڭ،
تىلسىملارنى سېلىپ كۆڭۈلگە.
ئاشىقلىقنى بەخش ئېتىدۇ،
تاڭ سەھەردە ئېچىلغان گۈلگە.

سانچىلسا گەر گۈلنىڭ تىكىنى،
كىم بىلمەيدۇ ئۇنىڭ دەردىنى.
ھۇرۇنلۇقتىن باش ئالمىسا كىم،
كۆتەلمەيدۇ نۇرلۇق تېگىنى.

سەيياھ ئۇچۇن سەپەر بولمىسا،
بۇ كۆڭۈلنىڭ راھىتى چاغلىق.
بىر ئالمغا ئېتىپ قويسام تاش،
تاش ئەمەس ئۇ، كۆڭۈلگە باغلىق.

## بىر ئازابقا مۇپتىلادۇرمەن

كېزىپ يۇرسەم دالا ــ قىرىمنى،
تورغايلىرىم كەلسە چۇۋ ــ چۇۋلاپ.
قۇم بارخانلار چىقسا مەيدەمگە،
پاتمىچۇقتەك ياتسام باغاشلاپ.

تەجەللىينىڭ ساقىلى تال ــ تال،
ھەر تەرەپكە نۇرلار چاچىدۇ.
چۆچەكتىكى مەختۇمسۇلامۇ،
ئوت قالاشقا قويماي ياتىدۇ.

ئەجەب شۇنداق چۇشلا كۆرىمەن،
خىيالىمدا گۈلزار قۇرىمەن.
ئاسمىنىمدا كۆرۈنمىسە ئاي،
بىر ئازابقا مۇپتىلادۇرمەن.

www.uyghurkitap.com

## مۇھەببەت ناخشىسى

مۇھەببەتنىڭ شېرىن دەملىرى،
بەكمۇ تاتلىق ۋىسال تەملىرى.
ھاياتلىقتا ھەمنەپەس ــ ھەمدەم،
گۈزەل زىبا، ئاھ سەنەملىرى.

مۇھەببەت ئۇ ھەر ئادەمگە قۇت،
پۈۋلىگەنگە ئۆچمەيدىغان ئوت.
يوللىرىمىز ھىجران بولسىمۇ،
بىز قوغلايمىز شۇۋرغانلىق جۇت.

مۇھەببەتنىڭ كۈچى ساداقەت،
ساداقەتتىن پۈتەر مۆجىزە.
مەن كەتسەممۇ ھىجرانلىق چۆلگە،
قۇت تاپارمىز بۇ يىل كۈزگىچە.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى پاراۋۇز بېتىن مال توشۇش شىركىتىدە)

**ئابدۇرېشىت ئېلى**

## ئاخىرقى ناخشا

كىملەر يىغلىغاندۇر، كىملەر كۈلگەندۇر،
سەن كەتكەن سەھەردە قۇياشسىز، ئايسىز.
ئاخىرقى قار بىلەن نەملەندى كۆزۈم،
قۇرۇدى مەن كەچمەك بولغان شۇ دېڭىز.

ئەلۋىدا ئېيتىشقا بارمايدۇ تىلىم،
لېۋىمدە مۇز بولۇپ قاتتى چىن سۆزلەر.
ھېچكىمنىڭ ئەمەستى ئەسلى بۇ دۇنيا،
ھېچكىمنىڭ ئەمەستى رەڭگارەڭ كۆزلەر...

خەيرىيەت، ھەممىسى چۈشتۇر نىھايەت،
سەن ئاڭا ئارتۇقچە تەبىر ئىزدىمە.
بىلىمەن ھاجەتسىز ساڭا تەسەللىي،
تۆت مىسرا شېئىر بۇ، ئەمەس ھېچنېمە!

**بۇخەلچەم تۇردى**

## چوغسىمان يۈرەكنىڭ ئۆڭمەكتە رەڭگى

### سەن يېگانە تۇمانلىق ئارال

پورەك ـ پورەك سېغىنىش بىلەن،
چۈشلىرىڭگە كىرەرمەن بەلكىم.
مۇمكىنسىزدۇر ۋىساللار پەسلى،
تۇمان ئارا مۇزلىغان قەلبىم.

سەن پورەككە ئۇرۇلغان شەمشەر،
ئازاب تامچىپ تۇرىدۇ چەكسىز.
سەن غارىدىكى تىلسىم شاھزادە،
مەن مەلىكە زارىققان سەنسىز.

مەن ھىجرىڭدە قىزارغان سەھەر،
سەن يېگانە تۇمانلىق ئارال.
مەن كۈتىمەن ئۈنسىز، ئۈمىدسىز،
يوق بولسىمۇ كەلمىشتە ۋىسال.

### چوغسىمان يۈرەكنىڭ ئۆڭمەكتە رەڭگى

قەلبىمنىڭ ھىجرانلىق نالىلىرىنى،
بىر ئۆمۈر چۈشەنمەي ئۆتسەڭ بەلكىم.
قارايغان دىلىڭدەك تاشلاندۇق يولدا،
تەمتىرەپ يۈرىدۇ ئۇنتۇلغان بەختىم.

ماھۇققا ئۇرالغان تىكەندەك پەيلىڭ،
قانىغان روھىمغا سانچىلار ھەيھات.
كەلكۈندەك دەۋرەيدۇ پايانسىز نەپرەت،
قەھرىڭدە چەيلەنگەچ غۇبارسىز ھايات.

تۇيغۇلار مىڭ پارە بولغان دەملەردە،
قەلبىمگە سىغدىلىپ كىرەر مۇز ئوكيان.
تىلسىملىق دېڭىزدۇر تەنھا ھېسلىرىم،
سەن ئاڭا ھېچقاچان چۆكۈپ باقمىغان.

يامغۇرسىز كۈنلەردەك قۇرغاقچىلىقتا،
چوغسىمان يۈرەكنىڭ ئۆكمەكتە رەڭگى.
يوللاردا مىچىلداپ تۇرار بەرباتلىق،
جۇدۇندا قالغاچقا كۆكۈللەر پەسلى.

## مەن يوق

ئۆتتۈپ كۈنلەر، ئايلار ھەم يىللار،
رەتسىز كۈيلەر چېچىلغان كىتاب.
سۆيۈملۈك بوپ تۇيۇلار ساڭا،
لېكىن ئۇ چاغ يېنىڭدا مەن يوق.
خورلۇققا باش ئەگمىگەن ئايال،
زىنھار كۈنلەپ قويمىغان سېنى.
ھېسلىرىڭنى رەشىككە سالغان،
شائىرانە ساددا بىغەملىك.
قەدىرلىك بوپ تۇيۇلار ئاڭا،
لېكىن ئۇ چاغ يېنىڭدا مەن يوق.
بەزمىلەرگە كەتسە ئايالىڭ،
ئۇنى ساقلاپ تۇرارسەن ئۇنسىز.
بىر چاغدىكى شىردەك غەزىپىڭ،
خىيالىڭدىن ئۆتسە شەپىسىز.
تولغىنارسەن ئەلەملىك ئاھتا،
لېكىن ئۇ چاغ يېنىڭدا مەن يوق.
تۇرمۇش بىزنى تاسقاپ قايتىدىن،
ئايرىغاندا داننى، پوچەكنى.
ئۆكۈنمەكتە كىمگىدۇر باتناپ،
لېكىن ئۇ چاغ يېنىڭدا مەن يوق.
(ئاپتور: كېرىيە ناھىيە كۆكيار باشلانغۇچ مەكتەپتە)

**ئابلىمىت مىجىت ۋاپادار**

# قەدەھتىكى يۇلتۇزلار

1

ئاھ ئۇرسىمۇ بازغانلاپ، دەسسەپ،
چىدايمەن ھەممىگە ئىچىمدە خەپ دەپ.
ۋە لېكىن شۇ ھاراق كەلسە ئالدىمغا،
ئۆزۈمنى تۇتالماي كېتىمەن سەكرەپ.

2

مەست بولۇپ بېشىمدىن چىقسىمۇ تۈتۈن،
ئىچىمەن مۇشۇنداق تولدۇرۇپ پۈتۈن.
ياشىماق تەس ئىكەن ئىچمەي، ئويىنىماي،
ئىچەيلى قانغۇچە، ئىچەيلى بۈگۈن.

3

مەن سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆيسەممۇ لەپ ـ لەپ،
دېمەيمەن ئالدىڭدا بىر ئېغىز راست گەپ.
ۋە لېكىن راست گەپنى دەيمەن رومكىغا،
ھاراق ــــ ئۇ مەھبۇبەم، سۆيگىنىم دەسلەپ.

4

قۇي ساقى رومكىغا ھاراقنى لىقلاپ،
ئەتىدىن ـ كەچكىچە تۇرماي ئىنجىقلاپ.
ئىچەيمەن كانىيىم قىچىشىپ كەتتى،
ئارتۇقچە گەپلەرنى يۈرمىگىن سۆزلەپ.

5

شۇنچە جىق ئىچسەممۇ بولالمىدىم مەست،
ساختىمۇ ھاراق يا ئاشقازىنىم، بەس.
ئىچمىسەڭ ھاراقنى قۇلاق تولغىچە،
ياتقانغا خۇش كەيىپ ئۇخلىشىمىز تەس.

6

بىلمەيمەن مەستلىك ئۇ بولىدۇ قانداق،
مەست بولسام ئۇخلايمەن خىرامان ھەر ۋاق.
سورۇن مول، ھاراق خىل بولسا بەك ياخشى،
مەن شۇنداق كەڭتاشا ئىچىشكە ئامراق.

7

مەنغۇ مەست، سەنمۇ مەست، ھەممىمىز مەستمۇ؟
بىز نەدە، بۈگۈن كۈن كۈندۈزمۇ، كەچمۇ؟
قارىسام ئەتراپقا يوللار ئېگىز ـ پەس،
مەي ئىچىپ يېقىلساق قوپۇش بەك تەسمۇ؟

8

دوستۇم يەپ تويدۇڭمۇ، قاندىڭمۇ ئىچىپ،
كەتمەسسەن تۈيۈقسىز سورۇندىن قېچىپ.
خىجىل بول، ئۆزۈڭمۇ بىرەر جىڭ كەلتۈر،
ئولتۇرماي قۇرۇقلا سۆزلەپ، پو ئېتىپ.

9

ئادەمگە ھەممىدىن شۈكرى بەك ئەلا،
بېشىغا چىققانمۇ شۇ نەپسى بالا.
مەي دېگەن شۇ نەرسە كىرسە ئىچىڭگە،
بولسەن يېپيېشتە تىرىك ئەجدىھا.

10

مەي ئىچىپ تاپقىنىم بولمىدى پۈتۈن،
شۇڭلاشقا يۈرىمەن چىقىرىپ تۈتۈن.

ئىچمەيمەن دېسەممۇ ئامالىم قانچە،
شۇڭا بىز ئىچىمىز داۋاملىق ــ كۈن ـ تۈن.

11

ئۆي سالسام مەن ئەگەر يېڭى بىر يۇرۇش،
راستلايمەن تۈنجى بوپ رەڭلىك ئۇلتۇرۇش.
مۇھەببەت پەيزىنى سۈرۈپ بەھۇزۇر،
قوزغايمەن دىللاردا چەكسىز سۆيۈنۈش.

12

ئادەتكە ئايلانغاچ ھەر كۈنى ئىچىش،
ئايرىلدىم ساقلىقتىن توڭلاپ بۇ يىل قىش.
مەست بولغاچ بۇگۈنمۇ بېشىم چۆرگىلەپ.
تەس كەلدى ماڭالماي ئۆيۈمگە كېتىش.

13

ھەر جايدا سورۇندىن قالمايمەن ئېشىپ،
مەي ئىچسەم گەپلىرىم تۇرىدۇ تېشىپ.
مەن بۈگۈن بىر كېچە بولىمەن ۋۇسۇڭ،
ئالدىمغا كەلگەننى ياندۇرماي ئىچىپ.

14

بەزىدە ئۆيۈمدە ئالبوم ۋاراقلاپ،
ئۆزۈمدىن ئېچىنىپ كېتىمەن يىغلاپ.
نى ئېسىل كۈنلىرىم كېتىپتۇ بىلسەم،
مەي ئىچىپ يۈرگەچكە زورلىنىپ، زورلاپ.

15

مائاشنى ئالدىم ـ دە، خۇشالمەن شۇ تاپ،
ماڭىمەن ئىچىشكە يانچۇقنى توملاپ.
باللىرىم نە غەمدە پەرۋايىم پەلەك،
مەن شۇنداق ھاراقكەش، مۇناپىق، كاززاپ.

16

ئەركەكنىڭ يۈرىكى قىزلارغا ئاغار،
سۆيگۈ دەپ ھەر دائىم ئوت بولۇپ يانار.
رومكىدىن ئىزدەيمەن مۇھەببەت نەدە،
بۇ سوئال تۈگۈنگە جاۋاب شوخ قىزلار.

17

تاپىمەن كۆڭلۈمگە ھاراقتىن داۋا،
ئىچىمەن كۈن بويى زىرىكمەي شۇڭا.
كۆڭلۈمنى بىلىسدى مەن سۆيگەن ئۇ قىز،
رومكىنى قوش قوللاپ تۇتاتتى ماڭا.

18

ھاراقكەش بەندىمەن بىچارە كاززاپ،
يۈرىمەن سورۇندىن سورۇنغا ئاتلاپ.
سۆزلەيمەن ئالدىڭدا ئاجايىپ ئېسىل،
ئەتىسى تونىماي كېتىمەن تاقلاپ.

19

مەن شۇنداق ھاراقكەش، چېقىمچى كاززاپ،
غەيۋەتتە بابلايمەن ھەممىنى ئالداپ.
ئەگەردە راستىنلا سورىقى بولسا،
ئۆلگەندە نېمە دەپ بىرەرمەن جاۋاب.

(ئاپتور: گۇما ناھىيە زاڭگۇي دوختۇرخانىدا)

**مەمەتئىزىز نۇرمۇھەممەت**

# پارچىلار

ئەخلاق ئۇ، قەلبىنىڭ كۆزى، گۆھىرى،
پەزىلەت ئەھلىنىڭ كۆركەم سۆلىتى.
بولسا كىم، ئايرىلماس چىن ئاشىق ئاڭا،
قۇت تاپار تۇرمۇشى، ئاشار ھۆرمىتى.

* * *

ھەق ئۈچۈن زاھىتمەن، ئىخلاسىم بىلەن،
كۈيلەيمەن يېقىملىق دىل سازىم بىلەن.
نام ـ شۆھرەت ئالۋۇنى تاراتسىمۇ زەر،
ياشايمەن پاك ـ غۇرۇر، ۋىجدانىم بىلەن.

* * *

كۆرگەنلا كىشىگە ئېيتىۋەرمە سىر،
ئالەم ھەم ئادەملەر تۇرمايدۇ بىر خىل.
ئۆزگەرسە مۇبادا دوستۇڭ رەقىپكە،
ھەسرەتلەر يۇتىسەن، يارا بولۇپ دىل.

دىل ئۈچۈن زەھەردۇر كۆڭۈل ئالىسى،
جان ـ تەنگە خەتەردۇر تىلنىڭ بالاسى.
ھاياتلىق تىلسىم ئۇ، قىلغىن ئېھتىيات،
پەرىشتە كۆرۈنەر شەيتان سىيماسى.

* * *

سەن مىسالى گۈل بولساڭ، دىل بېغىمدا ئايىنىغان،
مەن بىر بۇلبۇل گۈل ئۈچۈن، خەندان ئۇرۇپ سايرىغان.
سەن مىسالى شاھ سەنەم، ئەركىن خۇشال يايرىغان،
مەن بىر غېرىب ۋەسلىڭچۈن چۆللەر كېزىپ ھارمىغان.

* * *

ئىشق ئەھلى ئەزەلدىن كەچمىگەن چىن ۋاپادىن،
پەرۋانە بوپ يار ئۈچۈن قورقمىغان جاپادىن.
ئىشقى شۇنچە يالقۇنجاپ قۇياش كەبى پارلىغان،
بېزىگەچكە دىلىنى ئەدەپ ـ ئەخلاق ھايادىن.

(ئاپتور: 14 ـ دىۋىزىيە گۇما دېھقانچىلىق مەيدان ئوتتۇرا مەكتەپتە)

**ئابلىمىت ياسىن**

## غەزەل

گۈلنى ئۈزدۈم يار بېغى گۈلزارىدىن،
ھەر سەھەر ئەيلەپ ناۋا دىلتارىدىن.
تاپقۇسى جانىم ئۆلۈم ئىچرە نىجاد،
ئول جانانىنىڭ ئىككى زۈلپى دارىدىن.
دەشتى ـ ھىجران چۆللىرى ئاچقاي چېچەك،
تۆكسە كۆي ئاشىق قەلب زىلتارىدىن.
مەن ھامان تەسلىم كۆڭۈل سۇلتانىغا،
ئاھلىرىم ياڭرار ئىشق زىندانىدىن.
يار ئۈچۈن كىملەر ساپايە سوقمىدى؟
مەن قەلەندەر شاھىمەن يار نازىدىن.
بۇ جېنىمنى ئوتقا سالساڭ مۇزلىغاي،
قان ئاقار سۆيگۈ دېگەن ئەپسانىدىن.
يار ئۈچۈن غەۋغا قىلىپ يىرتقان ياقا،
كۆر قاراقاشى زۇبان ـ ئاۋازىدىن.
(ئاپتور: قارىقاش ناھىيە ئۈرچى يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە)

**ئىكرام قادىر كەنجى**

## مەشئۇم تىنىقلار

بىرىنچى سۈرەت:
بارار مەنزىل يۈز ئاچسىمۇ دىم،
كۆرۈنگەندەك كەچتىكى شەپەق:
مېھنەت، رەنج، ھايات خورلۇقى،
گەر كەلسىمۇ بېشىمغا قەۋەت؛
كۆرمىسەممۇ راھەت، ئاسايىش،
رەنجىمەيمەن دۇنيادىن پەقەت.
ھايات مېھرى شۇنچىلىك تاتلىق،
كەتمىسەمكەن باقىغا ئەبەد.

ئىككىنچى سۈرەت:
ئۆلسە ئادەم، بولىدۇ تۇپراق،
تەننى يەيدۇ گۆردە قۇرۇتلار.
(روھلار تېخى تۇرارمىش تىلەپ،
ھاياتلاردىن دۇئا ـ دۇرۇتلار).
جانسىز تەندىن ئۆتمەيدۇ ساۋاب،
ھاياتلاردىن بولار ئىختىرا.
تىرىك قىلماس ئېغىرلىق يەرگە،
مىڭ مۇردىدىن بىر تىرىك ئەلا.

ئۈچىنچى سۈرەت:
چارىسى يوق مۇتلەق مەنزىلگە ـ
بارماسلىقتا ھېچكىمنىڭ زىنھار.
نى جاھانگىر، ئالىم ـ دانامۇ،
قىلالمىدى مەنزىلنى ئىنكار.
رىزىق تۈگەر ھامان بىر كۈنى،
ھاياتلىقتا دۇنيا بىقارار.
ئاھ، ھەر قانچە تارتىشساڭمۇ، بەس،
دۇنيا ئەسلى تويماس خۇنخۇمار.

تۆتىنچى سۈرەت:
قالار بۇندا ئېتىقاد، ئارزۇ،
جەھلىڭ بىلەن تىكلىگەن «مۇنار»؛
ئىللىق ماكان، نەسلى ـ ئەۋلادىڭ،
چىن دىلىڭدىن كۆيۈپ سۆيگەن يار.
قالار بۇندا تاڭ شەپىقىدەك،
قەلبى سۇزۇك پەدەر ـ بۇزرۇكۋار.
قالار بۇندا شانۇ شەۋكەتلەر...
ھېچ نەرسىگە بولماس ئىختىيار.
(ئاپتور: كورلا شەھەر چارباغ يېزا بوستان كەنت 1 ـ گۇرۇپپىدىن)

**تۇرسۇنگۈل تەۋەككۈل**

## خۇش بولدۇڭمۇ ئايرىلىپ مەندىن

خۇش بولدۇڭمۇ ئايرىلىپ مەندىن،
سوراپ باقاي بۈگۈن سېنىڭدىن.
ۋاپاسىزلىق قىلدىڭغۇ ماڭا،
تانغانمىدىڭ نىگار مېنىڭدىن.

ئەجەب خۇشال ئۇينايتتى يۈرەك،
سېنىڭ ئۈچۈن تىلەيتتى تىلەك.
دېگەنىدىڭ تېخى تۈنۈگۈن:
يار تۇتمايمەن سېنىڭدىن بۆلەك.

سەن ئۆمۈرلۈك ۋاپادارىمسەن،
دەپ ۋەدىلەر بەرگەنتىڭ ماڭا.

زەررە گۇمان يوقتى دىلىمدا،
ئاھ! پۈتۈنلەي ئىشەنگەن ساڭا.

قالدىم نىگار ئېغىر ئازابتا،
يۈرەكتە دەرد، چىرايىم سامان.
بىلىپ يەتكىن بىر ھەقىقەتنى،
يار ئايرىلىش ھەممىدىن يامان.

(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل ـ ئەدەبىيات 2005 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپتا)

**ئەمەر ماخسۇت شاھتۈرك**

## سۆيۈلمىگەن ئەر

يەر شارىنىڭ بىر بۇرجىكىدە،
خىيال سۇرەر سۆيۈلمىگەن ئەر.
دۇنيا ئۇندىن كەتكەچكە ئۇزاپ،
كۆڭۈل سۆزىن زادى كىمگە دەر.

كۆچۈپ كەتكەن ئۇنىڭدىن بەخت،
ئۆزگىگە ياز، ئاڭا قار ياغار.

ھەممە ئۇچۇن ئېرەنسىز ماكان،
كىم ئۇنىڭغا كۆلۈپراق باقار.

مەيىن شامال سۆيەر زېمىننى،
ئۇچۇپ يۈرەر يېگانە ماكاپ.
بەخت نېمە، كېلىدۇ قاچان؟
كىم ئۇنىڭغا بېرەركىن جاۋاب.

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيە قارساي يېزىلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

**زەيتۇنەم مەمتىمىن**

## نېمانچە تەس ئەركەك ئانالماق

ئۇزىۋالاي دېسەڭ گەر ئاينى،
ئىرادەڭ بار مەڭگۈلۈك سۇنماس.
تەگرى بەرگەچ غۇرۇر بىلەن جان،
جاپالارغا سەندىن ئۇن چىقماس.

ئۇن سەككىز مىڭ كۈلگەن ئالەمنى،
تۇغۇلۇپلا ئالدىڭ يەلكەڭگە.
ئىشەنچ پۈراپ تۇرغاچ ھەر نەپەس،
قىزلار بەختى چاقنار لەۋزىڭدە.

ئاتا ـ ئاناڭ مېھنىتى ئۈچۈن،
مەككىمۇ ھەم بىلىنمەس يىراق.
مىڭ ـ مىڭ رازى ئۇلار سېنىڭدىن،
ھاجەت ئەمەس يۈدۈپ ئاپارماق.

ئەركەك بولۇپ يارالغاچ مەغرۇر،
تۆكەلمەيسەن چىڭقالسىمۇ ياش.
جۇدالىقنىڭ دەردىدە ئۈنسىز،
ھەسرىتىڭگە بېرىسەن بەرداش.

ئەل غېمىدە ئازارلار يېسەڭ،
بەرھەم بولار ئەلنىڭ دۇئاسى.
تونۇۋالغىن ئۆزۈڭنى قايتا،
ئايالارنىڭ بولدۇڭ خۇداسى.

(ئاپتور: چىرا ناھىيىلىك يارتكوم يارتىيە مەكتىپىدە)

بۇ شېئىرلارنىڭ تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت داۋۇت ئادىل**



# مىللىي ئەنئەنىمىزدىكى يىگىتلىك سۈپىتى ۋە نۆۋەتتىكى يىگىتلىك كىرزىسى

مەتسېلىم مەتقاسىم

قانۇنىيەتنىڭ ئىسپاتى بويىچە بانى دۇنيادا يا- شاۋاتقان ھەر بىر شەيئىنىڭ بەۋەللۇتى، ئابادى ۋە رە- بۇنلىقى بولىدۇ. بۇ خىل دەۋرلىك ئايلىنىش شەيئىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئەسلىگە قايتىشى بىلەن خۇلاسىلە- نىدۇ. ئەڭ ئالىي مەخلۇق ھېسابلىنىدىغان ئىنسان بولسا، مانا مۇشۇ دەۋرلىك جەريان ئىچىدە ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ باشقا شەيئىلەرگە ئوخشىمايدىغان ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ئىپادىلەيدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ روھىغا مەنسۇپ بولغان ۋىجدان، غۇرۇر، ئە- قىدە، ئىخلاس سۈپەتلىرىدىن باشلاپ، ئىنسان جىسما- نىيىتىگە تەئەللۇق بولغان كۈچتۈڭگۈرلۈك، باھادىرلىق سۈپەتلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ھەر ۋاقىت سايە تاشلاپ تۇ- رىدىغان باللىق، يىگىتلىك، قېرىلىق مەنزىللىرىمۇ بىر ـ بىرى بىلەن زەنجىرسىمان باغلانغان بولۇپ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىنساندىن ئىبارەت ئاڭلىق مەخلۇقنىڭ باشقا شەيئىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مۇ- رەككەپلىكىنى شەكىللەندۇرگەن. بۇ مۇرەككەپلىكنىڭ چېكى ئەلۋەتتە، چەكسىزلىككە سوزۇلغان بولىدۇ. بىز بۇ يازمىدا ئىنسانغا خاس خۇسۇسىيەتلەرنىڭ مۇھاكىمە- سىنى ئىنسانشۇناس ۋە پايلاسوپلارغا قالدۇرۇپ، پەقەت ئىنسان ھاياتىنىڭ روھى سۈپىتى بولغان يىگىتلىك نۇسرىتى بىلەن نۆۋەتتىكى يىگىتلىك كىرزىسى ئۈس- تىدە توختىلىمىز.

مەلۇمكى، يىگىتلىك نۇسرىتى ئىنسان ھاياتىنىڭ ئابادى بولۇپ، ئۇنىڭ قىممىتى ۋە ھېكمىتى ئۈستىدە مەدھىيىلەر ساناقسىزدۇر. قىسقىسى ھاياتلىق ئالىمىدە يىگىتلىك نۇسرىتىنى ئۇلۇغلىماي ياكى ئۇنىڭ بىلەن ماختانماي باقىيغا رەھلەت قىلغانلار يوق دېيەرلىك. ھەر بىر ئىنساننىڭ بۇ ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى ھەر قانداق قىممەتلىك قەدەم نەپەسلىرىدىن باشلاپ تۇرلۇك پىغان ۋە ئەلەم، رەنجىشلىرى كۆپ ھاللاردا ئاشۇ قىممەتلىك يىگىتلىك نۇسرىتىنىڭ ئالتۇن پەسلىگە مۇجەسسەمە- لەنگەن بولىدۇ ۋە ئىنسان ھەققىدىكى ئاجايىپ ـ غارا- يىپ ھېكايىلەر مانا مۇشۇ دوقالدىن باشلىنىدۇ. دەرۋەقە يىگىتلىك نۇسرىتىنى ھاياتنىڭ گۈلتاجى دەپ بىلە- دىغان بىز ئۇيغۇرلاردا بولسا يۇقىرىقى ئۇدۇم يىراق تا- رىختىن باشلاپ ۋايىغا يېتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس بولغان مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزنىڭ قات ـ قېتىغىچە سىڭىپ كەتكەن. قىسقىسى، بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ھاياتنىڭ بارلىق لەززىتى، شەۋكىتى، خاسىيىتى يىگىتلىك نۇس- رىتىگە جەملەنگەن بولۇپ، بىز گۈزەللىكنى، قۇدرەتنى ۋە كامالەتنى يىگىتلىك نۇسرىتىدىنلا ئىزدەيمىز. ئا- لىيجانابلىقنى، مەردانىلىقنى بولسا يۇقىرىقى خاسى- يەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان مۇقەددەسلىك دەپ بى- لىمىز ھەمدە ئىنساننىڭ يىگىتلىك نۇسرىتىنىڭ قۇد- رىتى، پاساھىتى ئىنساننىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ پانى دۇنيادىكى ھاياتلىق پائالىيى- تىنىڭ خۇلاسىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، دەپ قارايمىز. يىگىتلىك گەرچە ئىنساننىڭ ياشلىق مەزگىلىگە تە- ئەللۇق قىسقا پەسىل بولسىمۇ، بىزدە ئۇنىڭ بۇ خىل پەسىل پاسىلى ئاللىقاچان بۇزۇپ تاشلانغان بولۇپ، بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان ھەر بىر كىشى ئۆز ۋۇجۇدىدا يىگىتلىكنىڭ شەرتلىرىنى ھازىرلىيالىسا ئۇ باللىق ۋە

قىرىلىق مەزگىللىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ يىگىتلىك نۇسرىتىنى نامايان قىلالايدۇ. قىسقىسى، يىگىتلىك بىزدە ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنىڭ ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى جۇلاسى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەن. بۇ يەردە بىز مۇنداق بىر ھېسابنى قىلىپ كۆرسەك، مەسىلە تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. يەنى بىز بىر ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئوتتۇرىچە 70 يىل دەپ پەرەز قىلساق، بۇ 70 يىلنى ئۇ كىشىنىڭ ھاياتىغا ئىنسانىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مۇنداق تەخسىم قىلىشقا بولىدۇ: ئالدىنقى 20 يىل ئۇنىڭ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدۇر. ئۇ ئەقىل ـ ئىدراك ۋە جىسمانىيەت جەھەتتىن يېتىلىش دەۋرى بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبى غۇبارسىز بولىدۇ، يەنى يىگىتلىكنىڭ خىسلەتلىرى ئۇنىڭ قەلبىدە بىخلىنىشقا باشلايدۇ. كېيىنكى 25 يىل ئۇنىڭ ئەقىل ـ ئىدراك ۋە جىسمانىيەت جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەن قىرانلىق ـــ يىگىتلىك دەۋرى بولۇپ، ئۇ بۇ دەۋرگە پەقەت يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئالىيجاناب خىسلەتلىرىنى بەدەل قىلىش ئارقىلىقلا ئېرىشەلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ دەۋردىكى ھەر بىر قەدەم، نەپەسلىرى كېيىنكى ھاياتىنىڭ دەسمايىسى بولۇپ قالىدۇ. ئاخىردىكى 25 يىل بولسا، گەرچە جىسمانىيىتى تەدرىجى زەئىپلەشسىمۇ، ئەمما، ئەقلىي ئىقتىدارى تاكامۇللىشىپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى خۇلاسىلايدىغان، مۇبادا تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىدىن ئالىيجانابلىقنى جۇلالىتىشقا نېسىپ بولالىسا، يىگىتلىك نۇسرەتلىرى ۋايىغا يېتىپ ئاداققىچە چاقنايدىغان دەۋرى بولىدۇ. بىز بۇ ئۈچ باسقۇچنى ئەقىل كۆزىمىز بىلەن كۆزەتسەك، ئۇنىڭ ھەر بىرىدە يىگىتلىك نۇسرەتلىرىنىڭ پارلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز ھەمدە باشقا ئىككى باسقۇچنىڭمۇ جىسمانىيەت بىلەن ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ قۇدرىتى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئوتتۇرىدىكى 25 يىللىق يىگىتلىك ھاياتىغا ئوخشاش، بەئەينى قىزىل گۈلنىڭ كامالچىسىدەك كىشىنى جەلپ قىلىدىغان گۈزەل لاتاپەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. دېمەك، يىگىتلىك پەسىللا ئەمەس، يىگىتلىك نۇسرىتىمۇ بىزدە كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان خىسلەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىزنىڭ مىللىي ئىپتىخارلىقىمىزنى بېيىتىدىغان سىمۋوللۇق خۇسۇسىيەتلەرگىمۇ ئىگە. جۈملىدىن بىزنىڭ ئەجدادىمىزدىن باشلاپ داۋام قىلىپ كەلگەن يىگىتلىك شەرتىمىز نەسلىمىزنىڭ جىنسىي جەھەتتىن ئەركەك بولۇش، ياش ۋە قاۋۇل بولۇش دېگەن ئۆلچەملەردىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىنسانىيەتنىڭ روھىيىتىگە مەنسۇپ بولغان ۋىجدان، غۇرۇر، ئەقىدە، ئېتىقاد ۋە ساپادىن ئىبارەت ئىنتايىن قىممەتلىك نازۇك سۈپەتلەرمۇ سىڭدۈرۈلگەن. كونكرېت ئېيتقاندا، بىزدە جىنسى جەھەتتىن ئەركەك بولغانلارنىڭ ھەممىسى يىگىت ھېسابلانماستىن، بەلكى يۇقىرىقىغا ئوخشاش روھىي جەھەتتىكى يىگىتلىك شەرتلىرىنى تولۇق ھازىر قىلغانلارلا يىگىت سانىلىدۇ. يىگىتلىك پەسلى بۇ دۇنياغا تەۋەللۇت بولغان ھەر قانداق ئىنسانغا نېسىپ بولغان بىلەن، يىگىتلىك نۇسرىتى ۋۇجۇدىدا يىگىتلىكنىڭ روھى ئامىللىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بىر قىسىم باھادىر كىشىلەرگىلا نېسىپ بولىدۇ. دەرۋەقە تارىخىمىزدىلا ئەمەس، بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزدىمۇ گەرچە ئەركەك تۇغۇلۇپ يىگىتلىك پەسلىگە يەتكەن بىلەن، يىگىتلىك نۇسرىتىگە مۇشەررەپ بولالماي يۈرگەنلەر ساناقسىز بولغانغا ئوخشاش، ياش جەھەتتىن كىچىكلەر ھەم ياشانغانلارنىڭ ئىچىدە ھەتتا ئايال زاتلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ يىگىتلەر ساناقسىزدۇر. بۇ يەردە بىزنى چوڭقۇر ئويغا چۆكتۈرىدىغىنى: بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزدا يىگىتلىك پەسلىدە تۇرۇپ يىگىتلىك نۇسرىتىگە ئېرىشەلمىگەن كىشىلىرىمىزنىڭ ھەسسىلەپ كۆپىيىۋاتقانلىقىدۇر. بىز نۆۋەتتە تۇرمۇشىمىزدا مەيدىسىگە مەن يىگىت دەپ ئۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە نامەردلىك قىلىۋاتقان كىشىلەرنى ماڭدامدا كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز. ھادىسىنىڭ ماھىيىتىگە نەزەر سالساق، بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلۇپ پۇل ۋە ئىمتىياز كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇنغا ئۆتكەندىن بۇيان، چىن ئىنسان تەبىئىتىگە يات بولغان بىر قىسىم ھادىسىلەر ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، كىشىلەرنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتى بىلەن يىگىتلىك نۇسرىتىگە بەرھەم يەتكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن بىزدە يىگىتلىكنىڭ تارىختىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان مۇقەددەسلىك سۈپىتىگە شەك يېتىپ، يىگىتلىككە يات بولغان نامەردلىك، ئالا كۆڭۈللۈك، پەسكەشلىك، ئاچ كۆزلۈك، خۇمسىلىق، چۇپەيلىك قاتارلىق ناچار ھادىسىلەر ئۇچۇن كەڭ بازار ئېچىلدى، بۇ يەردە بىزنىڭ ئەنئەنىمىزدە يېقىنغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن يىگىتلىك سۈپىتى توغرىسىدا توختىلىش تولىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر. مەلۇمكى، تارىخىمىزدا ئىنسانشۇناسلىقنىڭ تەركىبى قىسمى بولغان ئېغىز ۋە يازما ئەدەبىيات ۋەسىقىلىرىمىزدىن باشلاپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا ئۇدۇملىشىپ داۋام قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزدە يىگىتلىك سۈپىتىنىڭ ئۆلچەملىرى ئۆز ئىپادىسىنى تولۇق تاپقان بولۇپ، ئۇ مەردانە كىشىلەرنىڭ نۇسرىتى بولۇپ شەكىللەنگەن. يەنى

بىزدە يىگىتلىك سۈپىتىگە يەتكەنلەر ئالدى بىلەن ياش
ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قىرانىغا يېتىپلا قالماستىن،
بەلكى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش كۆرەلەيدىغان، ئاتا ـ
ئانىسىغا يۆلەنمەي مۇستەقىل تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش قا-
بىلىيىتىنى ھازىرلىغان، پەزىلەت جەھەتتە ۋىجدانلىق،
دۇرۇس، ئەقىدىلىك، راستچىل، ئېتىقادلىق بولۇشتىن
باشقا، مۇھىمى ئادالەت ۋە ھەقىقەتنى ياقلايدىغان، جا-
ھالەتنىڭ كۆكسىگە تىغ ئۇرۇپ توسقۇنلار ئالدىدا با-
تۇرلۇق، قەيسەرلىك كۆرسىتەلەيدىغان باھادىرلىق، مەر-
دانىلىق سۈپىتىنى نامايان قىلىدۇ. مانا بۇ يىراق تا-
رىختىن بۇيان ئاۋامنىڭ قەلبىدە قەدىرلىنىپ كېلىۋات-
قان يىگىتلىكنىڭ بىباھا نۇسرىتىدۇر. تارىخىي مەنبە-
لەرگە قارىغاندا ئەجدادلىرىمىز ئوغلانلىرىنى ھەقىقىي
يىگىتلىك نۇسرىتىگە ئىگە قىلىشنى پەرزەنتىگە بول-
غان ئاتا ـ ئانىلىق مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي يوسۇندا ئادا
قىلىشنىڭ ئەڭ مۇقەددەس نىشانى دەپ بىلگەن، شۇڭا
ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ پەقەت ئەركەك بولۇشىنىلا ئەمەس،
بەلكى يىگىتلىك نۇسرىتىگە ئىگە بولۇشىنى ئارمان
قىلىشقان ھەمدە بۇ يولدا رىيازەت چېكىشنى كەلگۈسى
بەختىگە ئۇل سېلىش دەپ بىلگەن. بۈگۈنكى رىقابەت-
لىك دۇنيادا مىللىتىمىزنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى ئالدى-
دىكى شان ـ شەرىپىنى قوغداش، ئاشۇرۇش ئۈچۈن يۈ-
رەك قېنىنى سەرپ قىلىۋاتقان ساناقلىق ئوت يۈرەك
يىگىتلىرىمىزدىن پەخىرلىنىش بىلەن بىللە، يەنە ئا-
رىمىزدا كۈندىن ـ كۈنگە ۋابا خاراكتېرلىك يامراۋاتقان
بىر قىسىم كىشىلىرىمىزدىكى پەزىلەتسىزلىك قىل-
مىشلىرىنىڭ كەلگۈسى زالالىتىدىن ئەپغان چەكمەي
تۇرالمايمىز. بۇ يەردە مۇنداق بىر ئىشنى ئالاھىدە تىلغا
ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ بىر قىسىم ئە-
دىبلىرىمىز، بولۇپمۇ شائىرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىجا-
دىيەتلىرىدە ئىنسانىنىڭ جىنس ئايرىمىسىنىلا بىلدۈ-
رىدىغان «ئەركەك» دېگەن ئاتالغۇنى ئىنسانىنىڭ جى-
نىس ئايرىمىسىدىن باشقا ئىنسانىي پەزىلىتىنىڭ
جەۋھىرى ھېسابلىنىدىغان «يىگىتلىك» بىلەن ئال-
ماشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىپ، ئارىدا ئۇقۇمدىكى مۇج-
مەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. دەرۋەقە ئىنسانىنىڭ جى-
نىس جەھەتتىن ئەركەك ياكى چىشى بولۇشى ئۇنىڭ
ئىنسانىي سۈپىتىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ. كونكرېت ئېيت-
ساق، ئەركەكلەرنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرىۋاتقانلار باشقا
بىر تائىپە ئەمەس، بەلكى ئاياللار، يەنى بىزنىڭ ئانىلى-
رىمىزدۇر. بۇ مۇقەددەسلىك تەختىنىڭ سۇلتانلىرىنى
قانداقمۇ جىنس جەھەتتىن ئەركەك بولغانلىقى ئۈچۈنلا
قارىغۇلارچە ماختىلىپ كېلىۋاتقان ئەرلەرنىڭ ئەكسىدە
قويغىلى بولسۇن!؟ ئاشۇ ئاتالمىش ئەرلەرنىڭ ئىچىدە
يىگىتلىك نۇسرىتىگە يېتەلمىگەن نۇرغۇنلىغان نامەرد،
ۋاپاسىز، ئەقىدىسىز، ۋىجدانسىز كىشىلەرنىڭ مەۋجۇت-
لىقىغا كۆز يۇمغىلى بولمىغانىغا ئوخشاشلا، ئاياللارنىڭ
(چىشى جىنىستىكىلەر)نىڭ ئىچىدىمۇ يىگىتلىك
نۇسرىتىگە ئىگە ساناقسىز باھادىرلارنىڭ بارلىقىغا كۆز
يۇمغىلى بولمايدۇ. بىز پەخىرلىنىدىغان، سۆيۈنىدىغان
باھادىر يىگىتلەرنى ئەنە شۇ ئانىلار پەرۋىشلەپ قاتارغا
قوشقان، ئەلۋەتتە. دېمەك، ئەركەكلىك جىنسىي ئايرى-
مىدىن باشقا ھېچنەرسىگە تەڭ ئەمەس. چۈنكى، تا-
رىختىلا ئەمەس، نۆۋەتتىمۇ مىللىتىمىزنىڭ شان ـ
شەرىپىنى يەرگە ئۇرىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە يىگىتلەر ئە-
مەس، جىنسىي جەھەتتىن ئەركەك بولغانلارنىڭمۇ
مەۋجۇتلۇقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ.

پەزىلەتسىزلىك ئەلۋەتتە يىگىتلىككە تەڭ ئەمەس،
ئۇنىڭ ئەكسى بولغان خۇمسىلىققا تەڭدۇر. شۇڭا،
خۇمسىلىق بار يەردە يىگىتلىك ئۈستىدە سۆز ئېچىش
مۇمكىن ئەمەس، خۇمسىلىق ئىچىگە جەملەنگەن ھەر
بىر مىكروپ خاراكتېرلىك غەيرىلىك بولسا، بۇ دۇنياغا
يارالمىش ھەر بىر پاك ئىنسانىنىڭ ئەسلى تەبىئىتىگە
يات بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنسانىغا پەقەت ئەخلاق زەئىپلىك-
دىنلا يۇقىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئاياندۇر. خۇمسىلىق-
نىڭ ئىچىنى تەپسىلىي كۆرۈشنىڭ ھاجىتى يوق.
چۈنكى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ۋىجدانسىزلىق، ۋاپاسىزلىق،
نامەردلىك، ئالا كۆڭۈللۈكتىن تارقىلىدىغان بەدبۇيچى-
لىق تەبىئەت كۆكسىدىكى ساپ مۇھىتنى بۇلغايدۇ. بىز
بۇ يەردە ئەركەك تۇغۇلۇپ يىگىت بولالماي تەبىئەتتىن
كۆرە ئۆز ـ ئۆزىنى بۇلغاۋاتقان پەزىلەتسىز ئادەملەرنىڭ
بەختسىزلىكىگە يەتكۈچە ئېچىنىۋاتقان ۋاقتىمىزدا،
قەلب تۆرىمىزدە ئۇلار ئەۋلىدە ئۆز ۋۇجۇدىدىن زادى
نېمىنى يوقىتىش بەدىلىگە بۇ خىل قىسمەتكە دۇچار
بولغاندۇر، دېگەن سوئال غەليان كۆتۈرىدۇ ـ دە، نەزىرى-
مىز يىگىتلىك نۇسرىتىنىڭ يىراق تارىخىمىزدىن
باشلاپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۆلچەملىرىگە تىكى-
لىدۇ. جۈملىدىن بىزنىڭ مىللىي خاسلىقىمىزدا داۋام
قىلىپ كېلىۋاتقان يىگىتلىك نۇسرىتىنىڭ ئۆلچەملى-
رى تۆۋەندىكىدەك بولغان، يەنى يىگىت بولغۇچى قى-
رانلىق يېشىغا تولغاندىن باشقا ئەقىل ۋە جىسمانىي
جەھەتتىن تەندۇرۇس، قاۋۇل، بېجىرىم، كۈچتۈڭگۈر
بولۇشى، ئات مىنىش، ئوق يا ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە
بولۇشتىن باشقا ئۇۋچىلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق،
باغۋەنچىلىك قاتارلىق ئەجداد مىراس كەسىپلەرنىڭ ۋە
كەم بولغاندا يەتتە خىلدىن ئارتۇق ھۈنەر ـ كەسىپنىڭ

رىسالىسىنى پۇختا بىلىشى، ھەم ئۇنى قوللىنىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا يۆلىنىمەي مۇستەقىل تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاندىن باشقا، روھىي جەھەتتىن پەزىلەتلىك، ۋىجدانلىق، ئەقىدىلىك، راستچىل، مېھنەت سۆيەر بولۇشى، ئادالەتنى ياقىلايدىغان باتۇرلۇققا، ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىپ ئۆزگىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان خالىس نىيەتكە، ھەر ۋاقىت ياخشىلىق ئەمەللىرىنى بويلايدىغان ئالىي پەزىلەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك، دەپ قارالغان ھەممە بۇ شەرتلەرنى ئۆز ۋۇجۇدىدا يېتىلدۈرگەنلەر ئەل ـ ئاۋامنىڭ نەزىرىدە يىگىت سانىلىپ ئەتىۋارلىنىپ كەلگەن. قىزلار بولسا، مانا مۇشۇ ئۆلچەملەر بويىچە يىگىتلەر ئارىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك جۈپتىلىرىنى ئىزدەشكەن بولسا، ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىگە كۈيئوغۇل بولىدىغان يىگىتنى تاللاشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارنى ھەقىقىي يىگىتلىك ئۆلچىمى بويىچە تاللاپ چىققان. بۇ ھەقتە يىراق تارىخىمىزنىڭ ئەينىكى بولغان ئەپسانە، رىۋايەت ۋە چۆچەكلەردە مىساللار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۆيلەنمەكچى بولغان يىگىت، قىز ۋە قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تەرىپىدىن ئەينى دەۋردە مۈشكۈل ھېسابلىنىدىغان بىر نەچچە شەرتنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. مەسىلەن، پەرھادقا ئوخشاش بىستۇن تېغىنى تېشىپ سۇ باشلاپ كېلىش، ئەل ـ ئاۋامغا زۇلۇم سېلىۋاتقان بىرەر مەلئۇننى يوقىتىش، دۆلەتكە تاجاۋۇز قىلغان دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ، خەلقنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش، جانغا زامىن بولىۋاتقان بىرەر يىرتقۇچ ھايۋاننى يوقىتىشتىن باشلاپ، نوغۇچتا ئوت پۈۋلەش، لاتا پالتىدا شېرىشىم كۆتەكنى يېرىش دېگەندەك ھەجۋى شەرتلەرمۇ قويۇلاتتى. بۇ خىل شەرتلەر ئەلۋەتتە يىگىتلەرنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا ئۇنىۋېرسال سابا يېتىشتۈرۈشتە ئەجايىپ رول ئوينىغان بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە يىگىتلەرنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ باھادىر بولۇپ تەربىيىلىنىشكە ئاساس سالغان بولسا، يەنە بىر نەچچە ئات، قېچىرغا يۈكلەنگەن مال ـ مۈلۈكنى نەچچە ئون كۈنلۈك مۇساپىنى بېسىپ كۆزلىگەن مەنزىلگە ساق ـ سالامەت يەتكۈزۈش، ھەققەت ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىش، ۋاپادارلىق، ئالىيجانابلىق كۆرسىتىش قاتارلىق شەرتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتىنى، جۈملىدىن ۋىجدان ئەقىدىسى ۋە باھادىرلىقى يېتىلدۈرۈلگەن. تەگلەپ كۆرسەك، بۇ بىزنىڭ نۆۋەتتە ئەخلاق ـ پەزىلىتىمىزدە كەڭ تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش، ھەممىدە ئومۇمنى كۆزلەش، ھەق ـ نەھەق مەسىلىسىدە مەيدانى ئېنىق، مۇستەھكەم بولۇش دېگەندەك بىر قاتار ئىنسانىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىمىزنىڭ ۋارىيانتى بولۇپ، پەقەت مۇئەييەن دەرىجىدىكى دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۇرگەن، خالاس.

خوش، بىز ئەمدى يىراق ئەپسانىۋى دۇنيادىن ئۆزىمىز ياشاۋاتقان رېئال دۇنياغا قايتىپ كېلىپ، يىگىتلىرىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى روھىيەت ھالىتىگە نەزەر سالساق، تەنگىرقىماي تۇرالمايمىز. جۈملىدىن بىزنى ئەڭ بۇرۇن جەلپ قىلىدىغىنى بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يىگىتلەرگە قويىۋاتقان يىگىتلىك شەرتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاددىي ھەم كوتىلىقى ئەقلىمىزنى لال قىلىدۇ، يەنى ئۇلار يىگىت بولۇش (يارامىلىق ئادەم بولۇش) ئۈچۈن چوقۇم ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر دەپتىرىگە كىرىش كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت تولىمۇ ئاددىي شەرتنى ئەڭ يۈكسەك ئارمانى قىلغان. بۇ مۇمكىن بولمىغاندا سودا ـ سېتىق قىلىشنى بىلىش قوشۇمچە قىلىنىپ، ئوغۇللىرىمىزنىڭ نەزەر دائىرىسى تار قېلىپ ئىچىدە بۇرۇقتۇم قىلىنىۋاتىدۇ. دەرۋەقە ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىر ئادەمنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارى، ئىنسانىي پەزىلىتى، پەقەت ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر دەپتىرىگە كىرىش بىلەنلا ئۆز كامالىنى تاپىدۇ، دەپ قارالغان بولۇپ، بۇ خىل ئەخمىقانە ئۆلچەم جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش شارائىتىغا ئېرىشەلمىگەن، ئېرىشكەن بولسىمۇ تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئىش ئورنىغا چىقالمىغان ياشلىرىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا بولغان ئۈمىدلىرىنى خازان قىلماقتا. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە بېرىدىغان ئەخلاق ـ پەزىلەت تەربىيىسى بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغانغا ئوخشاش كونكرېت، ھەرىكەتچان، تەسىرچان ۋە ئوبرازلىق بولماستىن، ئابستراكت، دوگما، قاراتمىلىقى، ئوبرازچانلىقى يوق ھالدا ئېلىپ بېرىلغاچقا، ئۇ پەرزەنتلەرگە بەئەينى ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك تەسىر قىلالمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىزنىڭ بىر قىسىم ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىز بازار ئىگىلىكىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، تەدرىجىي ئۆزگىرىپ باردى. يەنى ئىلگىرى بىز پەرزەنتلىرىمىزگە ياۋاش، مۆلايىم بولۇش توغرىلىق نەسىھەت قىلساق، ھازىر كۆپ ھاللاردا ياۋاش بولماي يامان بولۇشنى، ھەر ئامالارنى قىلىپ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇپ، ئۆز نېسىۋىسىنى تېپىپ يېيىشنى تەشەببۇس قىلىمىز، بۇ خىل ئۇسۇل بۇگۈنكى رىقابەتلىك دۇنيادا دەرھال كارغا كەلگەن بىلەن، ئەزەلدىنلا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق «ئ-

كۆيۈمچانلىقى»دا ئۇگدەپ يۈرۈشكەن پەرزەنتلىرىمىزگە غەيرى تەسىرلەرنى بېرىپ، ئاقىۋەتتە بەئەينى «مانتا يېمىگەن تاز قاسقانغا دۇم چۈشتى» دېگەندەك ئىشلار يۈز بېرىشى بەرھەق. هازىر قىزلىرىمىزنىڭ ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يىگىت تاللاش شەرتلىرى پەزىلەت، نۇسرەت جەھەتتىكى سۈپەتلەردىن هالقىپ، بىر نۇقتىغا، يەنى پۇل ـ پىچەك، مال ـ دۇنيانى ئاساس قىلغان ئىقتىسادىي نۇقتىغىلا مەركەزلەشتى. قىز يىگىتنىڭ يىگىتلىك نۇسرىتىنىڭ بار ـ يوقلىقىغا ئەمەس، پەقەت مۇئەييەن دەرىجىدىكى مال ـ بىساتىنىڭ، ھەم ئىمتىيازىنىڭ بار ـ يوقلىقىغا؛ ئاتا ـ ئانىلار ئىلگىرىكىدەك يىگىت جەمەتىنىڭ پەزىلىتىگە ئەمەس، هازىرقى نەخ بايلىقىغا قارايدىغان بولدى. گەرچە بىز بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنى بازار ئىگىلىكىنىڭ يامان تەسىرى، دەپ قارىساقمۇ ماهىيەت جەھەتتىن، ئۇ ئومۇمىي ئەخلاقىمىزنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدىكى كىرزىسقا يولۇققانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. نۆۋەتتە بىر قىسىم كىشىلەردىكى يىگىتلىك نۇسرىتىنىڭ زەئىپلىشىشكە يۈزلىنىش سەۋەبىدىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا ھەدەپ باش كۆتۈرىۋاتقان ئەخلاقىي بۇلغىنىش مەسىلىلىرى ئۈستىدە كونكرېت توختىلىمىز.

بىر قىسىم ئەرلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا يىگىتلىك نۇسرىتىنىڭ زەئىپلىشىشى دەسلەپكى قەدەمدە شۇ ئەرلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىر قىسىم ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق بىلەن بولغان روھىيەت مۇۋازىنىتىنى بۇزۇپ، ئۇلارنىڭ يېتىمسىراش ئىلكىدىكى غېرىبلىقى بىلەن كىشىلىك تۇرمۇشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتىنى شەكىللەندۈردى.

يىگىتلىك نۇسرىتىنىڭ قارشى تەرىپى ئەقىدىسىزلىك ئىچىدىكى خۇمسىلىقتا، كونكرېت ئېيتقاندا، نامەردلىككە تەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئىنساننىڭ ئەسلى يارىلىشىدىكى ئالىيجانابلىق ماهىيىتىگە تۈپتىن قارمۇ قارشى بولغان ۋىجدانسىزلىق، غۇرۇرسىزلىق، ۋاپاسىزلىق، ئالا كۆڭۈللۈك، ئەقىدىسىزلىك قاتارلىق يامان ئىللەتلەر جەم بولغان بولىدۇ. بۇ خىل ئىللەتلەر ئۆز نۆۋىتىدە ئاچ كۆزلۈك ۋە شەخسىيەتچىلىكنىڭ قولى بولۇش سەۋەبى بىلەن نامەردلىككە يۈز تۇتقان كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆپ ھاللاردا ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ۋىجدانسىزلىق، ۋاپاسىزلىق، ئالا كۆڭۈللۈك، ئەقىدىسىزلىك، غۇرۇرسىزلىق روهى هالەتلىرى بىر ـ بىرىگە ئۇڭ تاناسىپ بولۇپ، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى يەنە بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قىسقىسى، ئەقىدىسىز ئادەمنىڭ قولىدىن باشقا ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى كېلىدۇ، يىگىتلىك نۇسرىتىدىكى ۋاپادارلىقتىن ياتلاشقان ئەرلىرىمىز ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ ماهىيىتىنى تۇرمۇشتىكى ئاددىي ئىشلاردا، يەنى ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى تەڭ ـ باراۋەرلىك هوقۇقىدا چاندۇرۇشقا باشلايدۇ. ئاياللىرىنى مەڭگۇ ئۆزلىرىگە قۇلچىلىق قىلىشى كېرەك، دەپ قاراپ، ئۇلارغا بولغان كۆيۈنۈش ۋە مېھرىۋانلىقتىن چەتلىشىدۇ. گەۋدىلىك تەرىپى شۇكى، ئۇلار شەخسىيەتچى بولۇپ، بايلىق ۋە ئىمتىيازنى ناهايىتى چوڭ بىلىپ، ئۇنى خىسلەتلىك كوزىر دەپ قارايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى، مىجەز ـ خۇلقى تۇراقسىز بولۇپ، شامالنىڭ هاۋاسىدەك تېز ئۆزگىرىدۇ. بايلىقتا، ئىمتىيازغا ئېرىشكەندە غادىيىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندا بەئەينى تەگسىز هاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك ئۆزىنى پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ. ئۇلار دەسلەپتە ئۆز ئائىلىسىدىن سىرتقا يۈزلىنىپ، كۆپ ۋاقتىنى باشقىلارنىڭ هۇزۇرىدا ئۆتكۈزىدۇ. بارا ـ بارا ئائىلىسىدە ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى يالغۇز كۆتۈرۈپ جۈدەپ، ئەسلىدىكى نازاكەتلىك چىرايىنى يوقاتقان ئايالىدىن ياتلىشىپ، سىرتلاردىكى ئەخلاقىغا ئالللىقاچان مىتە چۈشكەن ئازغۇن ئاياللارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشىدۇ، يىگىتلىك نۇسرىتى خاراپلاشقان ئەرلەردىكى ۋاپاسىزلىق مانا مۇشۇ يەردە ئەۋجىگە چىقىدۇ. نۆۋەتتە بۇ خىل هادىسە جەمئىيىتىمىزدە كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ، ئەرلىرىمىزنىڭ ئارىسىدىكى يىگىتلىك-نۇسرىتىنى يوقاتقۇچىلارنىڭ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ھەسسىلەپ ئېشىۋاتقانلىقىدىن بىشارەت بەرمەكتە. مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ سانلىق كۆرسەتكۈچلىرىمۇ يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر بىلەن ئارىدا ئىختىلاپ كۆرۈلۈپ نىكاھتىن ئاجرىشىۋاتقان ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. دېمىسىمۇ بىز ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان تۈرلۈك ـ تۈمەن ۋەقە ـ هادىسىلەرنىڭ ئىچىدە ئائىلىۋى تۇرمۇشقا بىۋاسىتە چېتىلىدىغان ئىشلارنىڭ كۆپلىكىدىن ھەيران بولىمىز. دەرۋەقە، ساپالىق كىشىلەرنىڭمۇ بۇ قىڭغىر يولدا قىلچە ئويلىماي مېڭىشىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا سىرتلاردا ئاشنا ئويناشنى، قانچىلىك قىز، چوكاننى «ئۇندەككە» كەلتۈرۈپ، ئۇلار بىلەن غەيرىي مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇل باللىقىنى، ئەركەكلىكىنى ئىسپاتلاشنىڭ بەلگىسى قىلىۋالغانلىقى كىشىنى تولىمۇ نەپرەتلەندۈرىدۇ. بىز بۇ هادىسىدىن نۆۋەتتىكى يىگىتلىك نۇسرىتىنى يوقىتىۋاتقان ئەرلىرىمىزنىڭ ئەقىل ئازغۇنلىقى جەھەتتىن قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ئېنىق بىلىۋالالايمىز. دېمەك، ئەرلەرنىڭ نامەردلىك

تۇرمۇشىدا ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئاياللىرى خورلۇققا
ئۇچرايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاياللىرىمىزدىكى ئەنئەنىۋى
ئىتائەتمەنلىك پسىخىكىسى ئۇلارنى باشتا روھى غې-
رىبلىققا، تاقىتى توشقاندىن كېيىن قارشىلىق كۆرسە-
تىش باسقۇچىغا ئېلىپ كېلىدۇ، بۇ خىل روھىي ھالەت
ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلىۋەرسە، ئەرلىرىنىڭ ۋاپاسىزلىقى
سەۋەبىدىن بۇ خىل مۇھىتقا تۇتقۇن بولۇپ قالغان ئا-
ياللارنىڭ بۇرۇختۇملۇق ئىچىدىكى ئەخلاقىي يىمىرى-
لىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ تۈردىكى بەختسىز-
لىككە دۇچار بولۇپ قالغان بىتەلەي ئاياللارنىڭ ئىچى-
دىكى پسىخىكا جەھەتتىن ئاجىزراق بولغان بىر قى-
سىملار بېشىغا يەتكەن بۇ كۆلپەتلەرگە مەجنۇنلارچە
باش ئېگىپ تۇرمۇشتا ئۆزىنى تاشلىۋېتىشكە يۈزلەنسە،
يەنە بىر قىسمى ئەرلىرىدىن ئۆچ ئېلىشنىڭ ئىستى-
خىيىلىك يولىنى تاللىۋېلىپ، «سەن قىلغاننى مەن
قىلالمامدىم» دەپ يامان يوللارغا كىرىپ كېتىدۇ، پسى-
خىكا جەھەتتىن ئۆزلۈك كۈچى كۈچلۈك، ئەقلىي ساپا-
سى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئاياللار بۇ تەڭسىزلىككە
قارشى جەڭ ئېلان قىلىپ، ھېسابسىز مۇشكىلاتلارنى
تارتىشقا يۈزلىنىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، ئۇلار ئالدى
بىلەن تۇرمۇشى پارچىلانغاندا ئارىدا قالغان پەرزەنتىنىڭ
كەلگۈسىدە ئاتىسىدەك نامەرد ئادەم بولۇپ قالماسلىقى
ئۈچۈن، ئۇنى ئۆزى بېقىپ قاتارغا قوشۇشقا بەل باغلايدۇ،
بۇ ئېيتىلىشى ئاددىي مەسىلە بولسىمۇ، ئاياللاردىن
ۋەزنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان مۇشكىلات تەلەپ
قىلىدىغان ئىشتۇر. گەرچە بۇ بەختسىز ئاياللارنىڭ با-
تۇرلۇق بىلەن ئۆزلىرى خالاپ بېرىدىغان قۇربانلىقى
بولسىمۇ، يەنە ئۆزلىرى خالىمايمۇ مەھكۇم بولۇپ قال-
دىغان مۇنداق بىر تەڭسىزلىك نۆۋەتتە كۆپ كۆرۈلۈۋا-
تىدۇ، يەنى يىگىتلىك نۇسرىتى يوقالغان نامەرد ئەرلەر
ئائىلىسىدىكى ئىقتىسادنى سىرتتىكى نورمالسىز تۇر-
مۇشقا سەرپ قىلىپ تۈگىتىۋەتكەندىن كېيىن ھەرخىل
ۋاستىلەر بىلەن، يەنى تۇرمۇش پۇلى بېرىش، ھالىدىن
خەۋەر ئېلىش دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن كۆز بوياپچى-
لىق قىلىپ پەرزەنتلىرىنى ئاجىز ئايالغا تاشلاپ بېرىپلا،
نىكاھتىن ئاجرىشىدىغان ئەھۋاللار كىشىنى قاتتىق
نەپرەتلەندۈرىدۇ. گەرچە ئانا - بالىلارنىڭ قانۇنىي ھو-
قۇق - مەنپەئەتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىۋاتسىمۇ،
بىر قىسىم يوچۇقلاردىن پايدىلىنىپ، ئاياللار ۋە بالىلارنى
خورلاۋاتقانلار يەنىلا مەۋجۇت. بۇ مەۋجۇتلۇق جەمئى-
يەتتە يۇقىرىقىدەك بەختسىزلىككە دۇچار بولۇپ، ئاتى-
سىز قالغان نارسىدە پەرزەنتلىرىنى بېقىش، ئوقۇتۇش
ئۈچۈن ئېتىز - قىرلاردا قوللىرى چاك - چاك يېرىلغان
ھالدا مېھنەت جاپاسىنى تارتىۋاتقان، پەرزەنتلىرىنىڭ
كەلگۈسى بەخت - سائادىتى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ
تۈنلىرى ئۇيقىدىن بىدار بولىۋاتقان، پەرزەنتلىرىنىڭ
جاراھەتلىك قەلبىنى ئازراق بولسىمۇ ئاۋۇندۇرۇش نى-
يىتىدە ھەر ئامالالارنى قىلىۋاتقان، يۆلەنچۈكى يوق نام-
رات ئائىلىنىڭ ئەڭ ئاددىي ئېھتىياجىنى قامداش ئۈ-
چۈن ئېتىز - قىرلاردىن باشلاپ ئاشخانا، ناۋايخانىلار-
غىچە ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك قىلىۋاتقان ئاياللارنىڭ
مەۋجۇت بولىۋاتقانلىقىنى كۈچلۈك ئىسپاتلايدۇ. ھالبۇ-
كى بىر قىسىم ئاياللارنىڭ پسىخىكا جەھەتتىكى قار-
شىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارى بىلەن، بولۇپمۇ ئار-
نومۇسى ئالدىدا باتۇرلۇق كۆرسىتىش ئىقتىدارى ئەر-
لەردىن ھەرگىزمۇ تۆۋەن بولماستىن، بەلكى ئەرلەردىن
ئۈستۈن بولىدۇ. شۇڭا، ئەرلىرى تەرىپىدىن ۋاپاسىزلىققا
دۇچار بولغان ئاياللارنىڭ پىغانىنىڭ ۋەزنى ناھايىتىمۇ
ئېغىر بولىدۇ، گەرچە ئۇلار بۇ خىل روھى ھالەت ئىچىدە
غەمكىن، سولغۇن، جىمجىت تۇرسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ
قەلبىدە بەئەينى يانار تاغنىڭ ئاستىدا ماگما قايناۋاتقان-
دەك ئىسيانكارلىق ۋە قىساس ئوتلىرى كۆيۈپ گۈلخان
ياسايدۇ. بىز بۇ يەردە ئىختىيارسىز ھالدا جىبران خەلىل
جىبراننىڭ «بىر نەچچە ئايال ئۆزئارا پاراڭلاشسا ھېچ-
قانداق مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلالمايدۇ، ئەمما، بىر ئايال
جىمجىت ھالدا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىسا دۇنيانى تىت-
رىتىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئېسىمىزگە ئالماي تۇرالمايمىز،
ئاياللاردىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك دەسلەپتە ۋاپاسىزلىققا
يۈزلەنگەن ئەرلەرنىڭ نەزىرىگە ئېلىنمىغان بىلەن ئا-
خىرىدا ئۇنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىدا زور بۆھرانغا ئايلى-
نىپ، توسۇپ قالغىلى مۇمكىن بولمايدىغان ئائىلە پار-
چىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمدى بىر قىسىم
ئەرلىرىمىزنىڭ يىگىتلىك نۇسرىتىدىكى ۋاپادارلىقنى
يوقىتىش سەۋەبلىرىگە كەلسەك، ئۇ ناھايىتى كۆپ مەن-
بەلىك بولۇپ، كونكرېت ئېيتقاندا، ئەرلىرىمىزنىڭ
ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلىشى بىلەن، ئىنسان ھاياتىنىڭ
ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىگە بولغان بىلىشىنىڭ يېتەرسىز
ئىكەنلىكىگە جەملىنىدۇ. بۇ يەردىكى ئۆز - ئۆزىنى
تەربىيىلەش دېگىنىمىز، نوقۇل ھالدىكى تەربىيە ۋە
تەربىيىلىنىش بولماستىن، بەلكى ھاياتتىكى بىۋاستە
تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش بىلەن ياخشىلىقتىن ئاڭلىق
ھالدا ئۈلگە ئېلىش دېگەنلىكتۇر. جۈملىدىن بىر ئا-
دەمنىڭ ياخشى پەزىلىتى ئۇنىڭ ھۈنەر، كەسپىگە
ئوخشاش مۇئەييەن مەزگىلدە، مەلۇم دائىرىدە بارلىققا
كەلمەيدۇ، بەلكى ئۇ شۇ كىشىنىڭ ھاياتقا بولغان ئو-
مۇمىي تونۇشى، ياخشىلىق ۋە يامانلىق مەنزىللىرىدىن

ھاسىل قىلغان تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنىڭ جەۋھىرى
سۈپىتىدە تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ. ئىنچىكە تەھلىل
قىلغاندا، بۇ بىر قىسىم ئەخلاقى زەئىپلەشكەن ئەرلە-
رىمىزنىڭ ئاق جەھەتتىن بۇ دۇنيادا يامانلىقنىڭ ھامان
مەغلۇپ بولۇپ، ياخشىلىقنىڭ ئاخىرىدا ھامان غەلىبە
قىلىشىدەك قانۇنىيەتنى تونۇپ يېتەلمىگەنلىكىنىڭ
نەتىجىسىدۇر. ئۇنى يىگىتلىك نۇسرىتىنىڭ يوقۇلۇشى
كەلتۈرۈپ چىقارغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تۇرمۇشتا ھە-
قىقىي يۈز بەرگەن مۇنۇ ۋەقە بىزنىڭ يۇقىرىقى قاراش-
لىرىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، يەنى مەلۇم ئو-
رۇندا ئىشلەيدىغان A ئەسلىدە ئالىي مەكتەپ تەربىيە-
سى ئالغان، ئەخلاق ـ پەزىلىتىمۇ دۇرۇس، سۇمباتلىق
يىگىت بولۇپ، خىزمەتكە چىقىپ ئىككى يىلدىن كې-
يىن ئۆزى بىلەن بىر ئىدارىدا ئىشلەيدىغان خۇش پې-
چىم گۈزەل قىز G نى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، يىگىت A
قىز Gغا ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ بىر قانچە قېتىم
توي تەكلىپىنى قويغان بولسىمۇ، بىراق قىز G ئۇنىڭ
تۇرمۇش ئەھۋالىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى بى-
لىپ، ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىدۇ، ئارىدىن ئۇزاق
ئۆتمەي قىز G ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىنىڭ شەرتىگە
تولۇق چۈشىدىغان يىگىت R بىلەن توي قىلىدۇ، يى-
گىت A بىر نەچچە ئاي ھەسرەت يۇتۇپ يۈرگەندىن
كېيىن، قىز G گە ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى ئويلاپ
ناھايىتى كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ساھىپجامال
قىز Fبىلەن توي قىلىدۇ، ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپ، بۇ
ئىككى ئائىلىدە كۈتۈلمىگەن پارچىلىنىش يۈز بېرىدۇ،
يەنى تۇنجى بولۇپ يىگىت R بىلەن قىز G نىڭ تۇر-
مۇشى، يىگىت R نىڭ جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي
ئورنى بىلەن ئىمتىيازىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگى-
نى كۆزگە ئىلماسلىقى بىلەن زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ، يەنى
يىگىت R كۆپ ھاللاردا سىرتلاردا بولۇپ، ئائىلىسىگە
يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلمىگەنىنىڭ سىرتىدا بارا ـ بارا
سىرتتىكى ئاياللار بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ يۈ-
رۈيدۇ، بۇ جەريان ئۇزاققا سوزۇلغانسېرى G نىڭ ۋۇجۇ-
دىنى بىر خىل غېرىبلىق چىرماپ ئېلىپ، بىر مەزگىل
بۇرۇقتۇم بولىدۇ، كۆڭۈلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ
قەلبىدىكى بۇرۇقتۇملۇق تەدرىجىي ھالدا نەپرەتتىن
ھالقىپ قىساسقا ئايلىنىدۇ، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ تاسادىپىي
ھالدا يىگىت A بىلەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بىر
ئورۇندا بولۇپ قالىدۇ، G بىر كۈنى خالىس پۇرسەتتە
يىگىت Aغا دەرد تۆكۈپ ئائىلىۋى تۇرمۇشىنىڭ ياخشى
ئەمەسلىكىنى، ھازىر ئۆزىنىڭ ئۆتكەن ئىشلار ئۈچۈن
پۇشايمان قىلىپ ھەسرەتلىنىۋاتقانلىقىنى ئىزھار قى-
لىدۇ، بۇنىڭ بىلەن A نىڭ قەلبىنىڭ تېگىدىكى كونا
ئوت يالقۇنجاشقا باشلايدۇ، كېيىنكى كۈنلەردە ئىككە-
يىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىنورمال بولغان مۇناسىۋەت شە-
كىللىنىپ، شۇنچە يوچۇن ھالدا داۋاملىشىشقا باشلىغان
بولسىمۇ، تامنىڭمۇ كۆزى بار دېگەندەك ئۇلارنىڭ بۇ
نورمالسىز مۇناسىۋىتىدىن F خەۋەر تېپىپ، بىر مەزگىل
يوشۇرۇن ھالدا ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشۈپ، بۇ خىل مۇ-
ناسىۋەتنىڭ ھەقىقەتەنمۇ نورمالسىز مۇناسىۋەت ئىكەن-
لىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىدۇ. دەسلەپتە ئۇ سوغۇققان
بولۇپ، Aنى بۇ يامان يولدىن چەكلەپ قېلىشقا ئورۇ-
نىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ بۇ يولدىكى ئەجرى ئاخىرقى ھې-
سابتا بىكار كېتىدۇ، ساداقەتنى بىلەن ئىشەنچىسى ئې-
چىنىشلىق ھالدا دەپسەندە قىلىنغان F نىڭ ئاخىرى
سەۋر قاچىسى يېرىلىدۇ ـ دە، A دىن ئۆچ ئېلىش نى-
يىتىگە كېلىپ ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزىنىڭ كەينىدىن
سايە تاشلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىگە
بولغان ساداقىتىنىڭ كۈچلۈك چەكلىشى بىلەن رەت
قىلىنىپ كېلىۋاتقان ئەر O بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بو-
لۇشقا باشلايدۇ، شۇنداق قىلىپ ئىككى جۈپ ئائىلە ئا-
خىر ۋەيران بولۇپ، ئۈچ نەپەر بىگۇناھ بالا ئۆمۈرلۈك
ئازابقا ئەسىرار بولىدۇ. بىز بۇ ئاددىي مىسالدىن بىر ئەر-
نىڭ يىگىتلىك نۇسرىتىنىڭ يوقۇلىشىنىڭ ئۆز نۆۋى-
تىدە شۇنچە كۆپ ئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنىلا
ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بۇ ئىككى جۈپ قىز ـ يىگىتنىڭ
ۋۇجۇدىدا ئەسلىدە مەۋجۇت بولمىغان پەزىلەتسىزلىكنى
ئاپىرىدە قىلغانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز. چۈنكى، يۇقى-
رىقىدەك ئۆچمەنلىككە ئەقىدە بىلەن غورۇر ئەمەس،
پەقەت باشتىن ـ ئاخىر پەزىلەتسىزلىككە مەنسۇپ بول-
غان ئازغۇنلۇق يېتەكچىلىك قىلىدۇ. دېمەك، يىگىت-
لىك نۇسرىتىنىڭ يوقۇلۇشى بىر ئەر زاتى ئۈچۈنلا ئە-
مەس، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئايال تائىپىسىگىمۇ مۆل-
چەرلىگۈسىز يوقۇتۇش ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ يەردە مۇنداق
بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى: 2002 ـ يىلى بولسا
كېرەك، ئاپتونوم رايونلۇق سىرك ئۆمىكىنىڭ خادىمى،
ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىسى قۇربانجان تۇرەك خوتەندە
بولىۋاتقان مەزگىلدە مەن بىر دوستۇم بىلەن ئۇنىڭ
ئالاھىدە ئىقتىدارىغا مەستخۇش بولۇپ كەينىدىن ئە-
گىشىپ يۈرگەنىدىم، بىر كۈنى قۇربانجان چۈشكەن
مېھمانخانىغا ئېگىز بوي، ئورۇق كەلگەن بىر چوكان
كىرىپ كېلىپ، قۇربانجانغا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى تو-
نۇشتۇرۇپ، بېشىنىڭ بەك ئاغرىيدىغىنىنى، ئۇيقۇسى-
نىڭ ئىنتايىن كەملىكىنى، بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار
بولغىلى ئىككى يىلدىن ئاشقانلىقىنى ئېيتتى. قۇرباز-

جان بۇ چوكاننىڭ سۆزلىرىنى تەپسىلىي ئاڭلىغاندىن
كېيىن، چوكاننىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆردى، كېيىن
كۆز جىيەكلىرىنى تەكشۈردى، ئاخىرىدا چوكاننىڭ تى-
لىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن: «سىڭلىم، كې-
سىلىڭىزنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاپ چىقتىم، يوشۇرماي
ئېيتسام سىز بولمايدىغان بىر ئىشنى قىلىپ كېلىۋې-
تىپسىز، ئەسلىدە يۈزىڭىزنى ئاۋايلاپ بۇ ئىشنى ئاشكارا
قىلمىسام بولاتتى، بىراق، بۇنداق قىلسام سىز ئۇ ئىش-
نى يەنە داۋاملاشتۇرىسىز، ئۇ چاغدا سىزنىڭ بۇ ئاجىز
جىسمىڭىز كېسەلگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، شۇڭا بۇ
ئىشنى مۇشۇ جاراستاندا ئاشكارىلاي، مۇشۇنداق قىلسام
سىز ئۇ ئىشنى تاشلايسىز، شۇنىڭ بىلەن كېسىلىڭىز
ساقىيىدۇ، ئەگەر يوشۇرسام سىزگە قەست قىلغان بولۇپ
قالىمەن، قانداق، قوشۇلامسىز» دېگەنىدى، ھېلىقى
چوكان بىر پەس مەڭدەپ تۇرغاندىن كېيىن، كۆزىگە
لىققىدە ياش ئېلىپ: «دېمەكچى بولغانلىرىنى چۈشەن-
دىم قۇربانجان ئاكا، كونىلار كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم
ئاشكارا دەپتىكەن. بوپتۇ، يوشۇرماي دەۋەرسىلە، بۇ يەر-
دىكىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بولسۇن» دېدى تەمكىن ھالدا.
ئەمما، ئۇنىڭ خۇنۇك كۆزلىرىدىن نېمىشقىدۇر تاراملاپ
ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. قۇربانجان ئۇنىڭغا قاراپ:
«قېنىپ بىر قېتىم يىغلىۋالسىڭىز يېنىكلەپ قالىسىز
سىڭلىم، ئاق ھاراقنى بەك كۆپ ئىچىۋېتىپسىز، ھاراق
ئىچىشنى دەرھال چەكلىسىڭىز ئۇزۇل ـ كېسىل ساقى-
يىشىڭىزدىن چوقۇم ئۈمىد بار، مۇبادا يەنە ئىچىشنى
داۋاملاشتۇرسىڭىز ئۇزاق ئۆمۈر كۆرەلمەيسىز، چۈنكى،
جىگىرىڭىز قېتىشقا يۈزلىنىپتۇ» دېدى. بىز بىر ـ بى-
رىمىزگە قارىشىپ ئىندىمەي تۇرۇشتۇق، ھەممىمىزنىڭ
چىرايىدا تەربىيە كۆرگەن، ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئورگى-
نىدا خىزمەت قىلىدىغان بۇ چوكاننىڭ قانداق بولۇپ
ھاراق ئىچىشنى ئۆگىنىۋالغانلىقىغا بولغان ھەيرانلى-
قىمىز گەۋدىلىنەتتى، چوكان بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكىنى
بىلگەندەكلا قۇربانجانغا ھال ئېيتىپ: «ھەقىقەتەن
ئەۋلىيادەك ئادەمكەنلا قۇربانجانكا، مېنىڭ بۇ ئەيىبىمنى
بىر خۇدادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى، سىلى نەق
بىلىۋالدىلا، ئايال بولغاندىكىن بۇ ئىشنى قىلمىسام
بولاتتى، نېمىشقا قىلدىڭ دېمەملا، يولدىشىمنىڭ خا-
پىلىقى بولمامدۇ، بىز ئۆي تۇتۇپ ئىككى بالىمىز بول-
غاندىمۇ ئۇ سىرتقا قاراشتىن قالمىدى ئەمەسمۇ، كۆتۈ-
رەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك، كۈندە مەست ـ
ئەلەس يۈرۈشچۇ تېخى! مانا مۇشۇنداق ۋاپاسىز ئەرنىڭ
خاپىچىلىقى بىلەن بۇ يولغا كىرىپ قالدىم، دەسلەپتە
يولدىشىمغا تەكرار نەسىھەت قىلىپ ئۇنى يامان يولدىن

چەكلىمەكچى بولدۇم. ئەپسۇس، ئۇ مېنى نەزەر قىلىد-
غىمۇ ئالمىدى، يامان بولغىنى ئۇ سىرتتا بۇزۇقچىلىق
قىلىپ يۈرگەننى ئاز دەپ مەست ـ ئەلەس ھالەتتە ئۆيگە
كېلىپ مېنى ئۇرىدىغان بولىۋالدى، ئاجرىشىپ كېتەي
دېسەم ئىككى بالامغا ئۇۋال بولىشىدىن ئەنسىرەپ لې-
ۋىمنى چىشلەپ، ئىككى يىلنى ئۆتكۈزدۈم، بىر كۈنى
ئۇ مېنى يەنە ئۇرۇپ بولۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى، ئۇ-
زاق مۇددەتلىك دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە مېڭەم قۇرۇقدىلىپ
قالغان چېغى، كۆڭلۈمدە: «سەن ھاراق ئىچىۋېلىپ مې-
نىڭ خاپىچىلىقىمدىن بىخەۋەر يۈرۈيسەن، سەن ئىچ-
كەننى مانا مەنمۇ ئىچەي»، دەپ ئۇنىڭ ئۆيدىكى ھارد-
قىدىن پىيالىغا قۇيۇپ بىر ئاز ئىچىپتىمەن، ئۇنى ئە-
چىپ كۆڭلۈم باشقىچە بولۇپ قالدى. قىسقىسى، ئۇ-
زاقتىن بۇيانقى دەرد ـ ھەسرەتلىرىم يوقالغاندەك بولدى،
كېيىن ئۇخلاپ قاپتىمەن، راستىنى دېسەم شۇ كۈنكىچە
مېنىڭ ئۇيقۇم كەم ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىن يولدىشىم
بىلەن ئازارلىشىپ قالغان كۈنلىرىمدە ئۇيقۇمنى كەل-
تۈرۈشنى ئويلاپ ھاراق ئىچىشنى داۋاملاشتۇردۇم، كې-
يىن ئاستا ـ ئاستا ھاراققا خۇمار بولۇپ قېلىپ ئىچىشكە
ئادەتلىنىپ قالدىم»، دېدى ھەسرەتلىك ياشلىرىنى
سۈرتۈپ ئۈلگۈرمىگەن ھالدا. دېمەك، ۋاپاسىز ئەرلەرنىڭ
قىلمىشلىرى ئۆز نۆۋىتىدە بىگۇناھ، ساق ـ سالامەت
ئاياللارنىڭ جىسمانىيىتى بىلەن روھىيىتىنىمۇ بۇلغاپ،
ئاخىرىدا پاجىئەلىك قىسمەتلەرگە باشلاپ بارىدۇ.

بىر قىسىم ئەرلىرىمىزدىكى يېگىتلىك نۇسرىتى-
نىڭ يوقۇلۇشى جەمئىيىتىمىزدە ۋە كىشىلىك مۇناسى-
ۋىتىمىزدە ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، ئالا كۆڭۈللۈك
قىلمىشلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە سەۋەبچى بولدى.

مەلۇمكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھى-
دىلىكى بولغان پائالىيەتچانلىقى بىلەن جەمئىيەتنىڭ
تۈپ ھۆجەيرىسى بولۇپ، ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا پەيدا
بولغان كىچىككىنە ئۆزگىرىشمۇ ئۆز نۆۋىتىدە جەمئى-
يەتنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىغا مۇئەييەن تەسىرلەرنى
كۆرسىتىپ، مەلۇم دەرىجىدىكى بۇلغىنىشنى كەلتۈرۈپ
چىقىرىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ھۆجەيرىسى بولغان ئىنسان-
لارنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتقا كەل-
تۈرىدىغان بۇ خىل تەسىرلىرى تەبىئەتنىڭ جەمئىيەت-
كە، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت تۈپىغا
كەلتۈرىدىغان تەسىرىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ بولىدۇ.
گەرچە بىز ھازىر پەزىلەت، ئادالەت، ھەققانىيەت جەھەت-
لەردە كۆرۈلگەن ھەر قانداق مەسىلىلەرنى بىۋاستە بازار
ئىگىلىكىنىڭ پاسسىپ تەسىرى دەپ قاراشقا ئادەتلە-
نىپ كەتكەن بولساقمۇ، مەسىلىنى بىرىنىڭ ئىككىگە

بۆلۈنۈش نۇقتىسىنەزىرى بويىچە چوڭقۇر تەھلىل
قىلساق، بىر قىسىم ھادىسىلەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تۇرۇل-
مىدىلا ئەمەس، بەلكى ئادەملەرنىڭ ئۆزىدىمۇ مەۋجۇت
ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. مەسىلەن، ئەخ-
لاقىمىزدا ھازىر كۆرۈلۈۋاتقان ئالدامچىلىق، نامەردلىك،
ئالا كۆڭۈللۈك، ۋىجدانسىزلىق قاتارلىق ناچار ھادىسىلەر
بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەر-
دىمۇ ھازىرقىدەك كۆلەملەشمىگەن بولسىمۇ، مۇئەييەن
دەرىجىدە مەۋجۇت ئىدى. نۆۋەتتە بىزنى بۇ مەسىلىدە
ئەجەبلەندۇرىۋاتقىنى پەقەت ماھىيەت جەھەتتىن مىل-
لىي ئەخلاقىمىزغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان يېگىلىق
ھېسابىدىكى ناچار ئادەتلەرنىڭ جەمئىيىتىمىزدە بىمالال
ھالدا كۆلەملىشىشى، ھەتتا ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن
ئۇنىڭغا يان تاياق بولۇپ، مۇئەييەنلەشتۈرگۈچىلەرنىڭ
كۆپ بولۇشىدۇر. جۈملىدىن سەنئىتىمىزدە ساقلىنى-
ۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەرنى كونكرېت ئېيتقاندا،
غەربنىڭ چىرىك سەنئەت تۈرلىرى بولغان يېرىم يالىڭاچ
ئۇسسۇل ئويناش، مەزمۇنى ئىنتايىن لاۋزا بولغان ناخ-
شىلارنى ئالاتاغىل ئاھاڭدا ئېيتىش دېگەندەك بىر تۈر-
لۈك ھادىسىلەر ئومۇمىي ئەخلاقىمىزغا زىت كېلىشتەك
ئالاھىدىلىكى بىلەن بىر قىسىم ئەقلى ئويغاق كىشى-
لىرىمىز تەرىپىدىن خېلى بۇرۇنلا تەنقىد قىلىنغان
بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھازىر ئۇزۇل - كېسىل يوقالماستىن،
يەنە مەلۇم دائىرىدە ساقلىنىپ كەلگەنلىكى، ھەتتا مەلۇم
دائىرىدە يېڭىلىنىۋاتقانلىقى يۇقىرىقى قارىشىمىزنىڭ
توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. دېمەك، بىر قىسىم ئەرلىرى-
مىزنىڭ ۋۇجۇدىدا يىگىتلىك نۇسرىتىنىڭ يوقۇلۇشى
تۇزۇلمىدىكىلا ئەمەس، مۇھىمى ئۇلارنىڭ روھىيىتىدى-
كى مەسىلە بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەل قىلغۇچ ئامىل يەنىلا
ئادەمنىڭ دەل ئۆزىدۇر. بىز خېلى ئۇزاق تارىخىمىزدىن
باشلاپ ئۆزىمىزنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىغا، يەنى مۇستە-
قىل بولغان دۇنيا ۋە كىشىلىك قاراش، جەمئىيەت قا-
رىشىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرەلمەي كەلدۇق، روھ-
يىتىمىزدىكى بۇ ئاجىزلىق ئۆز نۆۋىتىدە بىزنى ساناق-
سىز كۆلپەتلەرگە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا دۇچار قىلماي قال-
مىدى. ئېغىر بولغىنى بۇ خىل ئاجىزلىقىمىزدىن پاي-
دىلانغانلارغا، بولۇپمۇ بىزگە قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋات-
قان پەزىلەتسىزلىكلەرنىڭ بىزنى شۇنچە ئوڭاي ئەل
قىلىپ ئۆزلىشىشكە قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى. شۇ-
ڭا، بىزدە ناچار پەزىلەتلەرنىڭ ئۆزلىشىشى ئاسان، ئۇنى
يوقاتماق قىيىن، ياخشى پەزىلەتلەرنىڭ يوقۇلۇشى ئا-
سان، ئۆزلىشىشى قىيىن بولۇشتەك ئالاھىدىلىك مەۋ-
جۇت بولدى. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئەرلىرىمىزنىڭ
يىگىتلىك نۇسرىتىنىڭ يوقۇلىشىغا بىردىن - بىر سە-
ۋەبكار بولىۋاتقان نامەردلىك، ساختىپەزلىك، ئالا كۆ-
ڭۈللۈك، ۋىجدانسىزلىق قىلمىشلىرى ئۆزلىرىنىڭ
ئەسلى ماھىيىتى بولغان ئىپلاسلىقى بىلەن بىر قىسىم
كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە رەت قىلىنىش ئورنىغا نۆۋەتتى-
كى تۈرلۈك رىقابەتلەردىكى «غالىبلىقى» بىلەن پەرداز-
لىنىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدىغان بولدى. بۇ خىل ئەھ-
ۋاللار سودا - تىجارەت دائىرىسىدە كۆپ بولۇپ، ھەرخىل
نەيرەڭۋازلىقلار بىلەن بىر - بىرىنى ئالداش، قارا قو-
يۇش، ۋەيران قىلىش، زىيانغا ئۇچرىتىش، بۇ ئارقىلىق
ئۆزى پايدا ئېلىش مەقسىتىگە يېتىش دېگەنلەر كىشى-
گە ماڭدامدا بىر ئۇچرايدىغان بولدى. مانا بۇ قىلمىش-
لارنىڭ ماھىيىتىگە ئالدامچىلىقلا ئەمەس، بەلكى ۋىج-
دانسىزلىق، ئالا كۆڭۈللۈك، ساختىپەزلىك، ئەڭ مۇھىمى
ئىپلاسلىق بىلەن نامەردلىك سىڭگەندۇر. يەنە بىز
مەلۇم جايلاردا پالانى قارىچى، پوكۇنى قارا يۈز، پالانى
جەزىخور، پوكۇنى ساختىپەز دېگەندىن باشقا يەنە ئۇ-
لارنىڭ نورمال ئادەملەرگە ئوخشىمايدىغان پەزىلەتسىز-
لىكىنى ئىسپاتلايدىغان لەقەملەر بىلەن ئاتىلىپ يەنە
بىمالال دو سۇرۇپ يۈرۈۋاتقان كىشىلەرنى كۆرۈپ تۇر-
ۋاتىمىز. كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان يېرى شۇ-
كى، بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ بىز ھېلى تىلغا ئالغان
ئىنتايىن بىمەنە لەقەملەر بىلەن ئاتىلىۋاتقانلىقلىرىغا
قىلچە ئۇيالماستىن، بەلكى ئاشۇ بولمىغۇر لەقەملىرى
بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرۈشىۋاتقانلىقى، ھەتتا ئۇنى
ئۆزلىرىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان نۇسرەتلىرى
دەپ بىلىشلىرى بىلەن يەنە ئەقلى - ھوشى نورمال
كىشىلەرنىڭ ئۇلاردىن چەك - چېگرىسىنى ئايرىپ ئە-
يىپلىمەستىن، يەنە تېخى ئېيقىن ئۇلپەت، شېرىكلەردىن
بولۇپ يۈرۈشكەنلىكىدۇر. بۇ يەردە مۇنۇ مىسالنى كەل-
تۈرۈش كۇپايە: يېقىندا مەلۇم يېزىنىڭ دوختۇرخانىسىدا
ئىشلەيدىغان بىر دوستۇم ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن
مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى، ئۇنىڭ دېيىشىچە
«H قارىچى» ناملىق بىرى دوستۇم تۇرىۋاتقان يېزىغا
بېرىپ: «يېزىدىن شەھەرگە يۆتكىلىدىغان ئىشچى -
خىزمەتچىلەرنى ئۆزى دېگەن ئورۇنغا يۆتكەپ قويىمەن،
يەنە كادىرلىق، ئىشچىلىق شتات ھەل قىلىپ بېرى-
مەن»، دەپ ھەر بىر ئىشنىڭ ھەل قىلىپ بېرىش
ھەققىنى ئېلان قىپتۇ، دوستۇمنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان نا-
ھىيىلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەلگۈسى بولغاچقا، بۇ ئىشقا
ئىشىنىپ H تەلەپ قىلغان 10 مىڭ يۈەننى بېرىپتۇ،
ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر نەچچەيلەن كادىرلىق، ئىشچى-
لىق شتات ھەل قىلىش ۋە ئورۇن يۆتكىلىش دېگەندەك

ئىشلار ئۈچۈن H بىلەن دېيىشىپ «رەسمىيەت» ئۆ-
تەپتۇ، شۇنداق قىلىپ H ھەش ـ پەش دېگۈچە بۇ كە-
چىككىنە يىېزىدىكى ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، ھەتتا ئالىي
مەكتەپلەرنى تاماملاپ، مۇھىم ئورۇنلاردا بىر نەچچە يىل
ئىشلەپ، ئۆز باشلىرىدىن ئۆرغۈنلىغان تەجرىبە ـ سا-
ۋاقلارنى ئۆتكۈزۈشكەن بىر نەچچە كىشىدىن 100 مىڭ
يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى بىمالال قولغا چۈشۈرۈپ، يەنە بۇ
يەردە قىلچە ھودۇقماستىن ئۈچ كۈن خاتىرجەم مېھمان
بولۇپ كۈتۈلۈپ، ئاخىرىدا كىچىك ماشىنىسىنىڭ كەي-
نىگە يەتكۈدەك سوۋغا ـ سالاملارنى قاچىلاپ كېتىپ
قاپتۇ، كۈنلەر ئۆتۈپ H نىڭ ھېلىقى ھاجەتمەنلەرگە
ئىشلارنى ھەل قىلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلغان مۆھلەتتىن
ئالتە ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، H ئۆزلىرىگە ۋەدە
قىلغان ئىشنىڭ روياپقا چىقىشىدىن ئەمەس، بەلكى H
نىڭ تۇرىۋاتقان ئورنىدىنمۇ ھېچقانداق ئۇچۇر ئالالماپ-
تۇ، دوستۇم بۇ ئىشلارنى ماڭا دەپ بولۇپ، ئاخىرىدا
مەندىن Hنىڭ ئۇچىرىنى قىلىپ بېرىشمنى ئۆتۈنۈپ
ياردەم سورىدى. مەن بىر ھازا ئويغا چۆمۈپ ئولتۇرۇپ
كەتتىم، بىر تۇرۇپ جەمئىيىتىمىزدە مەۋجۇت بولىۋاتقان
Hغا ئوخشاش كىشىلەرگە نەپرەتلەنسەم، بىر تۇرۇپ
دوستۇم قاتارلىق ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، مۇكەممەل
تەربىيە كۆرگەن بۇ كىشىلەرنىڭ نام ئەھۋالى كۆپكە
ئايان بولۇپ كېلىۋاتقان بىر ئالدامچىنىڭ ھېچ كۈچە-
مەيلا قۇرغان قىلتىقىغا شۇنچە ئاددىي ھالدا چۈشۈپ
قالغانلىقىغا تولىمۇ ھەيران بولدۇم. قىسقىسى، ماھىيە-
تى شۇنچە ئېنىق بولغان بۇ ئىشتا ئۇلارنىڭ شۇنچە
نادانلىق قىلغانلىقى ھەر قانچە قىلسامۇ ئەقلىمگە
سىغمىدى، شۇڭا دوستۇمغا دوق قىلىپ: «سىلەر ئۇ قا-
رىچىنىڭ جەمئىيەتتىكى يامان نامىنى ھازىرغىچە بىل-
مەمتىڭلار؟» دەپ سورىدىم. دوستۇم بىخارامان ھالدا «ـ
ئۇنى خەقلەردىن كىشىلەرنى ئالداپ قارا قويىدۇ، دەپ
ئاڭلىغان، ئەمما بىزنى ئۇنداق قىلماس دەپتىكەنمىز»،
دەپ جاۋاب بەردى. دوستۇمنىڭ بۇ جاۋابى ئىچىلمىنى
تازا ئېلىشتۇردى. «ئۇنى نېمە سەۋەبتىن بىزنى ئالدى-
مايدۇ دەپ قارىدىڭلار؟»، دەپ قايتىلاپ سورىدىم شۇ
ھامان. دوستۇم «ئۇ تەلەپ قىلغان پۇلنى باھا تالاشماي
بەرگەچكە، ئۇنى بۇنداق ئوساللىق قىلماس دەپتىمىز
ئاداش» دېدى مەيۈس ھالدا. مانا بۇ 100 مىڭ يۈەندىن
ئارتۇق پۇلنىڭ بىر يېتىلگەن ساختىپەزنىڭ قولىغا
چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئىنتايىن ئاددىي جەريانى. بىز بۇ
يەردىكى ئالدىنىش ۋە ئالداش مۇناسىۋىتىگە ئىنچىكە-
لىك بىلەن نەزەر سالساق، ئۇنىڭ بىر قىتىملىق تاسا-
دىپىيلىق، يەنى ئالدىغۇچى ئۈچۈن تاسادىپىي تەلىيى

ئوڭدىن كېلىش، ئالدانغۇچى ئۈچۈن تاسادىپىي ئەقلە-
دىن ئېزىش بولماستىن، ئالدامچىلىقنىڭ ئىلگىرىكىگە
قارىغاندا جەمئىيەتلىشىشكە قاراپ سىلجىغانلىقىنى
ھېس قىلالايمىز. چۈنكى، ئالدامچىلىق قىلغۇچىلار تا-
رىختىن بۇيان ھەر قانداق ماكان ۋە زاماندا پەزىلەت-
سىزلىكنىڭ يارقىن ئىپادىسى ئاساسىدا قاتتىق ئەيىپ-
لەنگەن ھەمدە ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك جەمئىيەتلىشىشكە
قىلچىلىك ئىمكانىيەت قالدۇرۇلمىغان. بولۇپمۇ جەم-
ئىيەتتە ئۇلارنىڭ ئورنى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، ئەل ـ
ئاۋام ئۇلارنى ئارىغا ئالماي ھەر قانداق سورۇنلاردىن،
جۈملىدىن مېھماندارچىلىق، توي ـ تۆكۈن، سودا ـ
سېتىق قاتارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردىن چەتلەش-
تۈرگەن، ماھىيەتتە بۇ ئالدامچىلارغا بېرىلگەن مەنىۋى
جازا بولۇپ، ئۇنىڭ رولى ناھايىتى ياخشى بولغان. بە-
راق، بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزغا قارىساق يۇقىرىقى كۆرۈ-
نۈشلەرنىڭ ئەكسىنى كۆرىمىز، يەنى بىر قىسىم ساناق-
لىق ئالدامچىلار ئۆزلىرىنىڭ يۈزىنى، كىشىلىك قە-
دىر ـ قىممىتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدىغان ئال-
دامچىلىق كەسپىدىن ئۈيۈلۈشتا يوق، ئەكسىچە ئۇنى
نامىنى ئۇلۇغلايدىغان كوزىر ھېسابلاپ، بۇ يامان نامى-
دىن پەخىرلىنىپ مەيدە كېرىپ يۈرۈشمەكتە. كىشىنى
ئويغا سالىدىغىنى جەمئىيەتتىكى دىتى بار نوپۇزلۇق بىر
قىسىم كىشىلەرنىڭ بۇ خىلدىكى پەزىلەتسىز ئادەملەر
بىلەن ئارىلىق ساقلاشتا يوق، بەلكى يېقىن مۇناسىۋەتتە
بولۇپ، ھەتتا ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ يۈرۈشى بولۇپ،
بۇ ئەھۋال ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى زور
پەرق ھاسىل قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئالدامچىلار
قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى تارماقلاردىكى بىر قىسىم يو-
چۇقلاردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، باي ـ باياشات
ھالدا بىمالال يۈرگەچكە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە مۇ-
ئەييەن دەرىجىدىكى خاتا قاراشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.
كونكرېت ئېيتقاندا، بىر قىسىم كىشىلەر ئالدامچىلار
بىلەن بىر قىسىم قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ دىلى
بىر، ئۇلار ئالدامچىلارنى قوغدايدۇ، ئۇنداق قىلمىسا
ئالدامچىلار تۈرمىدە ياتماي نېمە ئۈچۈن تالا ـ تۈزدە
بىمالال ئالدامچىلىق قىلىپ يۈرۈيدۇ، تۈرمىگە سولان-
غاندىمۇ نېمە ئۈچۈن ئاسانلا بوشىنىپ چىقالايدۇ، دەپ
قارايدۇ. دەرۋەقە ئالدامچىلىق جىنايەت خاراكتېرى جە-
ھەتتىن ئىقتىسادقا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، كېسىمنىڭ
ئىجرا ۋاقتى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن باشقا تۈردىكى
جىنايى جازالارغا قارىغاندا كېيىنگە سوزۇلۇپ كېتىدۇ.
قىسقىسى، قانۇن تورىغا ئىلىنقاچان چۈشۈپ بولغان
ئالدامچى سوتنىڭ ئىجراسىنى ئادا قىلىش (ئالدامچە-

لىق قىلىپ ئېلىنىۋالغان پۇل، مالنى ئىگىسىگە قايتۇ-
رۇش) ئۇچۇن ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن، جۇملىدىن
كاپالەت بىلەن يەنە جەمئىيەتكە چىقىدۇ، يامان يېرى ئۇ
مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ يەنە ئالدامچىلىق قىلىشنى دا-
ۋاملاشتۇرىدۇ، مانا بۇ ھالەت كىشىلەردە پىسخىكا جە-
ھەتتە خاتا ئىنكاسنى پەيدا قىلىدۇ، بىز جەمئىيەتتە بىر
قىسىم ئالدامچىلارنىڭ ئېسىل ماشىنىلاردا ئولتۇرۇپ،
نادان كىشىلەرنى ئالداپ تاپقان پۇلنى غازاڭدەك خەج-
لەپ، يەنە تېخى ئىززەت ـ ئېكرامنىڭ تۆرىدىن ئورۇن
ئېلىپ يۈرۈشكەنلىكىنى ھەمدە مىللىي مەدەنىيەت-
مىزگە تەۋە بولغان قاتناشقۇچىلىرىنىڭ سايلىقى تا-
رىختىن بۇيان ئالاھىدە تەكىتلىنىپ كېلىۋاتقان
توي ـ تۆكۈن، مەشرەپ، نورۇز، ھېيت ـ ئايەم قاتارلىق
پائالىيەتلەردە ئالدامچىلارنىڭ پەزىلىتى ئەمەس، پەقەت
بايلىقىلا نەزەرگە ئېلىنىپ، تۆردىن ئورۇن ئېلىپ كې-
لىۋاتقانلىقى، قىسقىسى، نورمال كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە
ئۇلارنىڭ شۇنداق ياشىشى دۇرۇستەك، ئۇلار ئەيىپلە-
نىشكە تېگىشلىك ئەمەستەك تۇيغۇدا بولۇشۇۋاتقانلى-
قىنى كۆرۈپ ھەيران بولماي تۇرالمايمىز. بۇ يەردە
تەشۋىقاتنى پۇل تېپىشنىڭ بىردىن ـ بىر دەسمايىسى
قىلىۋالغان بىر قىسىم گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ سېسىق
نامى ئالەمگە ئاللىقاچان تارقىلىپ كەتكەن، ئالدامچى-
لىقنى كەسپلەشتۈرگىنىنى ئاز دەپ يەنە ھەرخىل ۋې-
ۋىسكىلارنى ئېسىپ كارخانىلاشتۇرۇۋالغان ئالدامچىلارنى
كۆزىنى يۇمۇپلا تەشۋىق قىلىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالمى-
غاندىمۇ، ئۇلارنىڭ قانۇن ۋە ئەل ـ ئاۋامنىڭ نەزىرىدىكى
ئورنى ھەققىدە توختىلىشنىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى كېلىپ
قالدى. پەزىلەتلىك كىشىلىرىمىزنىڭ يەنە ئالدامچىلار-
نىڭ رەستىلەردە، تۇرلۇك ئاممىۋى سورۇنلاردا، تېلېۋىزور
ئېكرانلىرىدا، ئۇلارنىڭ يەنە دو سۇرۇپ، مەيدە كېرىپ
يۈرۈشلىرىنى كۆرۈشى تولىمۇ ئازابلىق ئىشتۇر. بۇ يەردە
قانۇننىڭ ھېسسىياتنى ئەمەس، پەقەت پاكىتنىلا ئاساس
قىلىشتەك ئالاھىدىلىكىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدى-
لىنىپ، ئالدامچىلىق قىلغان تۆۋەندىكى مىسالنى تىلغا
ئېلىش كۇپايە. T ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىدە
ئىشلەيدىغان بىر دوستۇم ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى
سۆزلەپ بەردى، دوستۇم تۇرىۋاتقان ناھىيە بازىرىدا ئا-
كا ـ ئۇكا ئىككى نەپەر تېرە سودىگىرى بولۇپ، ئۇلار
بىر نەچچە يىل بىرلىشىپ تېرە تىجارىتى قىپتۇ، ئۇ-
لارنىڭ تىجارىتى كۈندىن ـ كۈنگە يۈرۈشۈپ، ئىقتى-
سادىي كىرىمى زور دەرىجىدە ئېشىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار پارچە سېتىۋېلىپ توپلىغان تېرىنى ئۆزلىرى بى-
ۋاستە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خىروم زاۋۇتلىرىغا ئا-
پىرىپ سېتىشنى مەسلىھەتلىشىپ، ئىككى يىلدىن
بېرى ئاكىسى تېرىنى پارچە سېتىۋېلىپ جەملەپ ئى-
نىسىغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ، ئىنىسى ئىچكىرى ئۆلكىدە
تۇرۇپ تېرىنى سېتىپ پۇلنى ئاكىسىغا ئەۋەتىپتۇ. بى-
راق، ئۇلار يېقىندا ھېساۋات قىلىۋېتىپ ئۆزئارا ئازارلى-
شىپ قاپتۇ، ئەسلىدە ئىنىسى ئالدىنقى يىلى ئىچكىرى
ئۆلكىدىن ئاكىسىنىڭ بانكا پۇل ئامانەت كارتىسىغا ئە-
ۋەتكەن 300 نەچچە مىڭ يۈەن پۇلنى ئاكىسى: مەن تاپ-
شۇرۇپ ئالمىدىم، دەپ تېنىپ تۇرىۋاپتۇ. يامان يېرى
ئۇكىسى ئەينى ۋاقىتتا ئاكىسىنىڭ كارتىسىغا سالغان
پۇلنىڭ ئىسپات تالونىنى ئاكىسىغا ئىشىنىپ ئۆز ۋاق-
تىدىلا تاشلىۋەتكەن بولسا، ئاكىسى ئۆزىنىڭ پۇل ئامانەت
كارتىسىنى ئالدىنقى يىلىلا يوقاپ كەتتى دېگەن سەۋەب
بىلەن بىكار قىلىۋەتكەچكە، بۇ ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇ-
ۋېلىشقا مۇمكىن بولمىغان. ئاخىرى ئىنىسى سوتقا ئا-
كىسى ئۈستىدىن ئەرز سۇنغان. ئەپسۇس، سوت پاكىت-
قىلا ھۆرمەت قىلغاچقا، يەنى ئۇكىسىنىڭ قولىدا ئاكى-
سىغا 300 نەچچە مىڭ يۈەننى ئەۋەتكەن ئىسپات بولمى-
غاچقا، ئۇنىڭ ئەرزى رەت قىلىنغان. ئىنىسى ئاكىسى-
نىڭ قانۇندىكى قىسمەن يوچۇقلاردىن پايدىلىنىپ
شۇنچە كۆپ پۇلنى بىمالال ئىگىلىۋېلىشىغا قاتتىق
ئېچىنغان، كېيىن ئۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن
بەل باغلاپ ئىچكىرى ئۆلكىگە بېرىپ ئەينى ۋاقىتتا ئا-
كىسىنىڭ ئامانەت كارتىسىغا پۇل ئەۋەتكەن بانكىنىڭ
مەسئۇللىرىغا ئىسپات چىقىرىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ
كۆپ جاپا چەككەن، بانكا مەسئۇللىرى ئۇنىڭغا ھېس-
داشلىق قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك خادىملارغا ئىمكانىيەت
يار بەرگەن ئەھۋالدا بانكا ھېساۋات ئارخىپىنى تەكشۈ-
رۈپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرغان.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆر-
سىتىپ، كومپيۇتېرنىڭ مەشغۇلات سىستېمىسىنى
ئاختۇرۇپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاپ بەرگەن، ئاخىرى
ھەقىقەت ئاشكارا بولغان.

بىر قىسىم ئەرلىرىمىزدىكى يىگىتلىك نۇسرىتى-
نىڭ يوقۇلۇشى جەمئىيىتىمىزدە ئىجتىمائىي ئەخلاق،
كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەردە
بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەسلىك، گۇمانخورلۇق قىلىش،
ئۆزئارا كۆرەلمەسلىك، ئۇزەڭگۇ سوقۇشتۇرۇش، تەكەب-
بۇرلۇق قىلىش كەيپىياتىنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە سە-
ۋەبچى بولدى.

كىشىلىك ئەخلاقنىڭ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات
تارىخىدا تەكىتلەنمىگەن دەۋرى بولمىسا كېرەك، دىيا-
رىمىزدا بۇنىڭدىن مىڭ نەچچە يىل مۇقەددەم ياشاپ

ئۆتكەن مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، كېيىنكى باسقۇچلاردا ياشاپ ئۆتكەن ھەزرىتى نەۋائىدىن باشلاپ، نۆۋىتىگىچە بولغان زاتى مۇبارەكلىرىمىزنىڭ ھاياتى پائالىيىتىگە ئائىت بولغان تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن، ئۇلار ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بىزگە مىراس قالدۇرغان تۈرلۈك ژانىرلاردىكى ئەسەرلەرگە نەزەر ئاغدۇرساق، مۇقەررەركى ھەر ئىككىلىسىدە ئىنساننىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىنىڭ ئاساسى گەۋدىسى بولغان كىشىلىك ئەخلاق ئاساسى ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرىمىز. دەرۋەقە دانىشمەنلىرىمىز تەرىپىدىن ئىنسانلارغا ئېلىپ بېرىلىدىغان پەزىلەت تەربىيىسى مەلۇم دەۋرنىڭ، زامانىنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ ئىنساننىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىدە ئەزەلدىن باشلاپ داۋاملىشىتۇرۇپ كەلگەن مۇتلەق پائالىيەتتۇر. ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، ھەر بىر ئادەم بۇ پانىي دۇنياغا پاك ۋە غۇبارسىز ھالدا تەۋەللۇت بولىدۇ. گەرچە نۆۋەتتىكى ئىرسىيەت ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى بىزگە ئىنساننىڭ روھىي ھالەتلىرىدىكى بىر قىسىم نازۇك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ گىن ئارقىلىق ئەۋلادلارغا كۆچىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئىنسان پەزىلىتىنىڭ دەۋرلىكى توغرىسىدا ئېنىق يەكۈن يوق. بەلكى پسىخولوگىيە ۋە پېداگوگىكا پەنلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىنسان پەزىلىتىنىڭ ھاسىل بولۇش جەريانىنى ئىنسانغا بولغان دەسلەپكى ئائىلە تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچلۇق تەربىيىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى. بۇ يەردىكى مەكتەپ تەربىيىسى ئىنسانلار تارىخىغا نىسبەتەن كېيىنكى ۋە يېڭى تەربىيە باسقۇچى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئالدىنقى ئىككى تۈردىن ئالاھىدە ئارتۇقتۇر. ھەر خىل مەكتەپلەردە تەربىيە قوبۇل قىلغان كىشىلەر بىلەن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەربىيە قوبۇل قىلالمىغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى غايەت زور پەرق دەل يۇقىرىقى يەكۈننىڭ روشەن دەلىلىدۇر. بىز مەزكۇر يازمىمىزدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ كېلىۋاتقان يىگىتلىك نۇسرىتى ئىنساننىڭ ئەسلى يارالمىشىدا ۋۇجۇدىدا تەبىئىي مەۋجۇت بولغان روھىي ھاسىلات بولماستىن، ئۇ يۇقىرىقى ئۈچ باسقۇچلۇق تەربىيە ئامىلىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر. دەرۋەقە مەلۇم ئورۇندا بىر تۈرلۈك ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يىگىتلىك نۇسرىتى كىرزىسقا يولۇقسا، ئۇ دەرھال ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا ساغلام كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتىپ، پەزىلەتسىزلىكنىڭ كۆلەملىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مۇنۇ ئەمەلىي مىسال مەسىلىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. تېلېفون ئالاقىسى بەرپا بولۇپ، بۈگۈنكىدەك كۆلەملىشىشتىن ئىلگىرى، كىشىلەر ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەردە بىر - بىرىنى ئالداشنى ئانچە راۋا كۆرمەيتتى. بىراق، بۈگۈنكى كۈندە بىز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تېلېفوندا قارشى تەرەپنى ئوپئوچۇق ھالدا ئالداۋاتقانلىقىنى، يەنى ئۆزى شەھەردە تۇرۇۋاتسىمۇ قارشى تەرەپكە ئۆزىنى سەھرادا تۇرۇۋاتىمەن دەۋاتقانلىقىنى، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئالدامچىلىقىدىن ئازراق بولسىمۇ ئۇيۇلۇشتا يوق، ئەكسىچە پەخىرلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. يەنە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك ۋەدە ۋە ئەھدىلەرنىڭ يالغان بولۇپ چىقىشى، گەرچە بۇ تۇرمۇشتىكى ئاددىي ئىشلاردەك كۆرۈنگەن بىلەن ئۇنىڭ ماھىيىتىگە جەمئىيەتلىشىش خاراكتېرىنى ئېلىۋاتقان بىر خىل پەزىلەتسىزلىكنىڭ جامائەت نازارىتىنىڭ سىرتىدا قېلىۋاتقانلىقىدەك غەيرىلىك سىڭگەندۇر. مەلۇمكى ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئىنسانلار مۇناسىۋىتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ مۇقەددەم مەجبۇرىيەت ۋە ئالىي پەزىلەت بولۇپ، ئۇ، بۇ دۇنياغا ئىنسانلار يارالغاندىن باشلاپلا بارلىققا كەلگەن. كونكرېت ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ ئەۋلىدە ئۆزئارا قېرىنداش ئىكەنلىكى، تەقدىرداشلىقى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇڭا ئىنساننىڭ ئىنسانغا يار - يۆلەك بولۇش، ئۆزئارا ئىشىنىش مەجبۇرىيىتى بار دېگەن مۇقەددەس يەكۈن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدا تەكىتلىنىلىپ، ئەتىۋارلىنىپ كەلگەن، بولۇپمۇ بۇ خىل ئۆلچەم ئىسلام دىنى ئەقىدىسىدە ھەر بىر كىشى ئەمەل قىلىشى مۇقەررەر بولغان پەرز ھېسابلانغاچقا، بىزدە ئۇنىڭ روھىيەت ئاساسىي ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، كىشىلىك ئەخلاقىمىزنىڭ تۈپ ئۆلچىمى بولۇپ قالغان، بۇ ئەقىدە بويىچە بىز ئىلگىرى جەمئىيەتتە بىرەر مۈشكۈلاتقا يولۇققان ۋە ئۆزگىلەرنىڭ مەنىۋى، ئىقتىسادىي ياردىمىگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان كىشىلەرگە يار - يۆلەك بولۇشنى ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئەمەس، ئىنسانىي مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش دەپ تونۇپ كەلگەن. ئەپسۇس، بۈگۈنكى كۈندە بىز يۇقىرىقى پەزىلەتلەرنى كۆرۈشنى ئارمان قىلىدىغان، سېغىنىدىغان بولۇپ قالدۇق. بىر قىسىم كىشىلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا يىگىتلىك نۇسرىتىنىڭ يوقۇلۇشى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى روھىي ساغلام، مەردانە كىشىلىرىمىزنىمۇ بۇلغىماي قويمىدى. تۇرمۇشىمىزدا پۇل غالىب ئورۇنغا قاراپ


www.uyghurkitap.com

سىلجىغانسېرى كىشلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا ياردەم، ئۆزئارا كۆيۈنۈش پەزىلىتىنىڭ چېھرىنى توپا بېسىپ، ئىنسانى قەدىر ـ قىممىتىنىڭ نەرخى خەسىنىڭ ئورنىغا چۈشۈشكە يۈزلەندى. شۇ سەۋەبتىن، بىزنىڭ كىشلىك مۇناسىۋىتىمىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك ئىنسانى پەزىلەت بولغان ئىشىنىش ئاستا ـ ئاستا يوقلىشقا يۈزلەندى، بۇنىڭ بىلەن بىز مۇھىم ئىشلىرىمىزنى بىر ـ بىرىمىزگە ھاۋالە قىلالمايدىغان، تاپشۇرالمايدىغان بولدۇق. ئىشىنىش يوقالغان مىللەتتە گۇمانخورلۇقنىڭ باش كۆتۈرۈشى تەبىئىي ئىشتۇر. گۇمانخورلۇق ئاخىرىدا چېقىمچىلىق بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پەيدا بولىدىغان ئۆزئارا كۆرەلمەسلىك، ئۆزئارا ئۆزەڭگۈ سوقۇشتۇرۇش، تەكەببۇرلۇق قىلىش قاتارلىق چىن ئىنسانغا يات بولغان ناچار كەيپىياتلارنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى مۆلچەرلەش بەسى مۈشكۈلدۇر.

بۇ يەردە دىنىي قىسسىلىرىمىزدىكى مۇنۇ مىسالنى ئەسكە ئېلىش ئەھمىيەتلىكتۇر. يەنى داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە قىرىق نەچچە كۈن يامغۇر يېغىپ، كىشلەر چوڭ بالايىئاپەت ئىچىدە قېلىپ، ئاخىرى داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا: «ئى داۋۇت، سەن بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز بولغاندىكىن، بۇ يامغۇرنى توختىتىشنىڭ ئامالىنى قىلغىن، ئۇنداق قىلمىساڭ بىز سېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭدىن گۇمانلىنىمىز ھەمدە سېنىڭ دىنىڭدىن يېنىۋالىمىز»، دەپتۇ. داۋۇت ئەلەيھىسسالام ئۈممەتلىرىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ دەرھال ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ: «ئى ئاللاھ، ئۈممەتلىرىم مېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى، سەن بىزگە رەھمەت قىلىپ يامغۇرنى توختىتىپ بەرسەڭ»، دەپتۇ. بىراق، ئاللاھ داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا: «ئى داۋۇت، سېنىڭ ئۈممەتلىرىڭنىڭ ئىچىدە چېقىمچى بار، چېقىمچىلىق ئەۋج ئالغان ئۈممەتكە مەن رەھمەت قىلمايمەن، سەن قاچان ئۈممەتلىرىڭنىڭ ئىچىدىكى چېقىمچىلارنى تۇتۇپ جازالىساڭ، شۇ چاغدا يامغۇر يېغىشتىن توختايدۇ» دەپتۇ. داۋۇت ئەلەيھىسسالام ئۈممەتلىرىگە نەزەر سېلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چېقىمچىلارنى تېپىپ چىقماقچى بولۇپتۇ. بىراق، چېقىمچىلارنىڭ بىرەر يېرىدە نىشان بولمىغاچقا، ئۇلارنى ھەر قانچە قىلىپ تېپىپ چىقالماپتۇ. ئاخىرى ئۇ ئاللاھقا مۇناجات قىلىپ: «ئى ئاللاھ، مەن شۇنچە قىلىپمۇ ئۈممەتلىرىمنىڭ ئارىسىدىكى چېقىمچىلارنى تاپالمىدىم، سەن ئىلتىپات قىلىپ ئۇلارنىڭ بىرەر نىشانىنى ماڭا دەپ بەرسەڭ، مەن ئۇلارنى تۇتۇپ جازالىسام» دېگەنىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا: «ئى داۋۇت، مەن چېقىمچىلىقتىن شۇنچە بىزار تۇرسام يەنە سېنىڭ ئۇممىتىڭنى ساڭا چېقىپ، ئۇلارنىڭ نىشانىنى ساڭا دەپ بېرەمدىمەن؟ سەن ئىنچىكە تەكشۈرۈپ ئۇلارنى ئۆزۈڭ تېپىپ چىق»، دەپتۇ. ئاخىرىدا داۋۇت ئەلەيھىسسالام بىر مەزگىل تىرىشىش ئارقىلىق چېقىمچىلارنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنى جازالىغاندىن كېيىن، يامغۇر توختاپ، تىنچلىق ئەسلىگە كەپتۇ.

دېمەك، چېقىمچىلىق تولىمۇ نىجىس قىلمىش بولۇپ، مۇبادا ئۇ ئەۋج ئالسا جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ كىشلىك مۇناسىۋەتلەردە زور قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ، ئۇنىڭسىزمۇ بىز چېقىمچىلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ كېلىۋاتىمىز. ئارىمىزدا ھازىرغىچە بىر ـ بىرىنىڭ پېيىغا چۈشۈپ يارغا ئىتتىرىش كويىدا يۈرىۋاتقانلار، باشلىقتا ياخشى كۆرۈنۈش تەمەسىدە بىر ـ بىرىنى چېقىۋاتقانلار، يامان بولغىنى بىزنىڭ بىر قىسىم ھەرخىل ۋاسىتىلەر بىلەن ئۆزئارا تالىشىپ ئەمەلدارلىق تونىنى كىيىۋالغان لاياقەتسىز ئادەملىرىمىزنىڭ ئۆز دائىرىسىدە چېقىمچىلىققا داغدام يول ئېچىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھامىيچىلىرى ھېسابلاپ، ئۇلارغا باش پاناھ بولۇپ بېرىشىدۇر. چېقىمچىلىق ئۆز يولىدا نامەردلىككە ھامىلدار بولۇپ، ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئادالەتكە تىغ كۆتۈرىدۇ ھەمدە كىرزىسقا پاتۇرىدۇ. بەلكىم مېنىڭ بۇ قارىشىمنى بەزىلەر مۇبالىغە دەپ ئۇنىڭغا قوشۇلماسلىقى مۇمكىن. بىراق، جەمئىيىتىمىزدە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا چېقىمچىلىق تۈپەيلىدىن ئېغىر كۈنلەرگە مۇپتىلا بولۇۋاتقانلىقىنى، بەزىلەرنىڭ ئادەتتىكى ياردەملەرگە پۇل تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى، كۆز ئالدىدا بىر كىشى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراۋاتسا، ئۇنى قۇتقۇزۇش ياكى ياردەم بېرىشتە يوق، ئازراق ئاۋارىچىلىقتىن قېچىپ كۆرمەسكە سېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەردە باشقىلارنىڭ زىيىنىنى ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنىلا كۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز. مانا بۇ ھادىسىلەرنىڭ كۆپىيىشى، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ رەت قىلىنماي، مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى كۆز ئالدىمىزدىكى مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىدۇر. ئەمدى چېقىمچىلىقنىڭ تۇغۇندىسى بولغان شەخسىيەتچىلىككە كەلسەك، نۆۋەتتە كەڭ تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش چاقىرىقى بىلەن ئىلگىرى جەمئىيىتىمىزدە تەبىئىي مەۋجۇت بولىۋاتقان ئادالەتنى ياقلىغۇچىلارنىڭ نىسبىتىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئەھمىيەتلىكتۇر. دەرۋەقە بىز ئىلگىرى ئادالەت ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىققۇچىلارنى، جۇملىدىن ياۋاش كىشلەرنى بوزەك ئېتىۋاتقانلارنى، ساددا كىشلەرنى ئالداپ يېنىدىكى پۇل ـ مېلىنى ئېلىۋالغۇچىلارنى ئادالەت ئىسكەنجى

www.uyghurkitap.com

سىگە ئېلىپ، پىداكارلىق كۆرسىتىۋاتقانلارنى ئايرىلاپ كۆرۈپ تۇراتتۇق. قىسقىسى بۇ خىل ئىشلار بىزگە نورمال، تەبىئىي ئىشلار قاتارىدا كۆرۈنەتتى. بىراق، ھازىر بىز ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن كىشىلەرنى ناھايىتى ئاز كۆرىدىغان ھەم كۆرگەن ۋاقتىمىزدا ئەجەبلىنىدىغان بولدۇق. بەلكى جەمئىيىتىمىزدە ئۇنىڭغا قارشى ھالدا بىر قىسىم لۆكچەك، ئالدامچى، ئىپلاس ئادەملەرنىڭ ياۋاش، مۇلايىم، ساددا كىشىلەرگە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ، ئۇلارنى خالىغانچە ئانىي تېپىۋاتقانلىقلىرىنى ماڭدامدا بىر كۆرۈۋاتىمىز. ئېچىنىشلىق يېرى ئارىمىزدا مۇشۇنداق ھالقىلىق ۋاقىتتا ئادالەت ئۈچۈن كۆكرەك كىرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلار يوق دېيەرلىك، ئەلۋەتتە. بۇ يەردە بىز جەمئىيەتتە ئۆزىمىزگە بىۋاستە ئۇچرىغان، يەنى ئاممىۋى ئاپتوبۇسلاردا يانچۇقچىلىق قىلىۋاتقانلارنى، ئۈچ قەرت بىلەن ساددا كىشىلەرنى ئالداۋاتقانلارنى يەنە ئاللىقانداق جىنايى قىلمىشلار بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقانلارنى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا دەرھال ئادالەتنى ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئويلاپ جىم تۇرىۋالغانلىقىمىزنى، بولۇپمۇ رەستىلەردە ئۇرۇش ـ ماجىرا قىلىشىۋاتقانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، ماجىرانى بېسىقتۇرۇش ئورنىغا ئۇنى كۆرمەسكە سېلىپ كېتىپ قالغانلىرىمىزنى ئېسىمىزگە ئالساقلا، مەسىلە تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. جەمئىيەتتە بىزنىڭ مانا مۇشۇ خىل روھىي ھالىتىمىزدىن پايدىلىنىپ بىمالال ھالدا ئالدامچىلىق قىلىۋاتقانلار، ياۋاش، مۇلايىم كىشىلەرنى ئانىي تېپىۋاتقانلار كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ. «ئامانلىق» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئۈزۈلمەي ئېلان قىلىنىۋاتقان تۈرلۈك دىلو ئاخباراتلىرىدا زور دەرىجىدىكى زەخمىلەندۈرۈش، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق، ئالدامچىلىق قاتارلىق جىنايى قىلمىشلارنىڭ ئاز بىر قىسمىنىڭ ئەل جامائەتنىڭ نازارىتىنىڭ سىرتىدىكى پىنھانلاردا يۈز بەرگەن بولسىمۇ، كۆپ قىسمىنىڭ ئەل جامائەت توپلاشقان شەھەرلەردە، رەستىلەردە ئوپئوچۇق ھالدا يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مانا بۇ ئەھۋال بىزنى ئادالەتكە، ھەقىقەتكە، مۇھىمى ئىنسانىي بۇرۇچقا بولغان مايىللىقىمىزدىن ئۆزىمىزنىڭ شەخسىيىتىگە بولغان مايىللىقىمىزنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ يەردە يۇقىرىقى سۆزىمىزنىڭ رېئاللىقتىكى ئىپادىسىدىن نۇرغۇنلىغان مىساللارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن. بىراق، مەن كىتابخانلىرىمىزنىڭ مۇشۇ يازمىنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى يول ئۈستىدە، رەستىلەردە ياكى ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا، ھەتتا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدا كۆرۈلگەن ئۆزئارا ئىشەنمەسلىك، ئۆزئارا كۆرەلمەسلىك، ئۆزئارا چېقىمچىلىق، ئۆزئارا ئۆزەڭگۈ سوقۇشتۇرۇشقا تەئەللۇق ئىشلارنى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى سوغۇققانلىق بىلەن بىر قېتىم تەھلىل قىلىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن، خالاس.

خوش، مىللىي خاسلىقىمىزدا يىگىتلىك نۇسرىتىنىڭ خىرەلىشىشى، ھەتتا بىر قىسىم كىشىلىرىمىزدە ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ھالدا يوقۇلىشى ئىنسانىي پەزىلىتىمىز ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولۇپلا قالماستىن، بىزنىڭ زىيىنىنى مۆلچەرلىگۈسىز بولغان بەختسىزلىكىمىزدۇر. خەتەرلىك بولغىنى بۇ خىل پەزىلەتسىزلىكلەر ئۆزئارا زەنجىرسىمان باغلانغان بولۇپ، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ، يەنە سەن يىگىت بولالمىغان ياكى يىگىتلىك نۇسرىتىڭنى يوقاتقان ئىكەنسەن، مۇقەررەركى سەن ئۇنىڭ ئەكسى بولغان نامەردكە تىمسال بولىسەن. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، نامەردلىك ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى بارلىق ناپاكلىقنى، جۈملىدىن ئەقىدىسىزلىكنى، ۋاپاسىزلىقنى، ئالدامچىلىقنى، گۇمانخورلۇقنى، چېقىمچىلىقنى، ۋىجدانسىزلىقنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان بىردىن ـ بىر مەنبەدۇر. ئەمدى بىز ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىن يۇقىرىقى پەزىلەتلەرنى يوقاتقان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، يىگىتلىك نۇسرىتىنى يوقاتقان ئىنساننىڭ سىيماسىنى ھەم ۋۇجۇدىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك مانا مۇنداق كۆرۈنۈش ھاسىل بولىدۇ. يەنى سەن ئالدامچىلىق قىلغان ئىكەنسەن، دۇنيانى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان كۆزۈڭنىڭ بىرى ئويۇۋېتىلگەن بولىدۇ. مۇبادا سەن ۋەتىنىڭگە، ئاتا ـ ئانا، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلغان ئىكەنسەن، يەنە بىر كۆزۈڭ بىلەن مۇبارەك يۈزۈڭنىڭ بىر قىسمى يالقۇنلۇق ئوتتا كۆيۈپ، كۈلى كۆككە سورۇلغان بولىدۇ. مۇبادا سەن گۇمانخورلۇق، چېقىمچىلىق قىلىپ ئۆز قېرىنداشلىرىڭغا زۇلۇم قىلغان ئىكەنسەن، يۈزۈڭنىڭ يەنە بىر قىسمى بىلەن تىلىڭ كېسىۋېتىلگەن بولىدۇ. مۇبادا سەن ۋىجدانسىزلىق قىلغان ئىكەنسەن، ئىككى قولۇڭ ئۈزۈلگەن بولىدۇ. مانا يىگىتلىك نۇسرىتىنى يوقاتقان ئىنسانغا ئاخىرىدا ئېشىپ قالىدىغىنى ئىنسان ئەمەس، ھايۋانغىمۇ ئوخشىمايدىغان ئىنتايىن يىرگىنىشلىك، بەتبەشىرە گەۋدە، خالاس. چۈنكى، پەزىلىتى بولمىغان ھايۋاننىڭ ھەر ھالدا دۇنيانى كۆرىدىغان كۆزى ۋە ئۆز سىياقىدا يۈزى بولىدۇ... ئىنساننىڭ يىگىتلىك نۇسرىتى بىلەن مەردانىلىق خاسىيىتىگە بېغىشلانغان بۇ ئاددىي يازمام ئارقىلىق كىتابخانلىرىمغا، قەدىرلىك زامانداشلىرىمنىڭ ئىنسابىغا يىگىتلىك نۇسرىتى ۋە مەردانىلىق تىلەيمەن.

(ئاپتور: خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

تەھرىرى: **داۋۇت ئادىل**

ئەنۋەر ھوشۇر

# ھاياتقا مۇھەببەت

ئەدەبىي ئاخبارات — ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ۋەقەلەرنى ئوبيېكت قىلىپ، رېئال تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن جىددىي ئۆزگىرىشلەرنى ۋە دەۋرنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىنى تېز ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەپ بېرىدىغان، ھەم ئاخباراتلىق، ھەم ئەدەبىيلىك، ھەم مۇھاكىمىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ياش ئەدەبىي ژانىر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەدەبىياتىمىزدا پەيدا بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، بىلىمى مول، ئىنكاسى تېز، قەلىمى پىشقان بىر بۆلۈك يازغۇچىلارنىڭ بۇ ساھەگە دادىل بۆسۈپ كىرىشى، «شىنجاڭ گېزىتى»، «تارىم»، «تەڭرىتاغ» قاتارلىق بىر قىسىم گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ مەخسۇس سەھىپىلەرنى تەسىس قىلىپ كەڭ قۇچاق ئېچىشى نەتىجىسىدە، تېزلا يۈكسىلىش مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، بىر بۆلۈك قىزغىن كىتابخانلار قوشۇنىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. بىراق، ئىجادىيەت قەدىمىگە ماسلاشقان مەخسۇس تېمىدىكى ئوبزورچىلىق ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتىنىڭ بولماسلىقى، كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە، بىر قىسىم يازغۇچىلاردىكى بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ سۇسلاپ، بۇ ياش ژانىرنىڭ ئىجادىيەت مەقسىتى ۋە ئالاھىدىلىكىدىن چەتنەپ، تېما ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە تار كېچىككە كىرىۋېلىشى، ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، مۇشۇ ساھەدە قەلەم تەۋرەتكەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ خۇددى بىرەر نوپۇزلۇق ئورگان تەرىپىدىن قاتتىق ۋەزىپە كۆرسەتكۈچى بەلگىلەپ بېرىلگەندەك، ئىسلاھات شارائىتىدە ئىگىلىك تىكلەپ، ئاز ـ تولا پۇل ۋە يۈز تاپقان ساناقلىق بىر نەچچە باي ۋە ئىقتىسادىي گەۋدە مەسئۇللىرىنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ، بىر ئادەم ھەققىدە ھەجمى بىر ـ بىرىدىن چوڭ، ماۋزۇلىرى بىر ـ بىرىدىن ھەيۋەتلىك ئەدەبىي ئاخباراتلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن، تەكرار ئوتتۇرىغا چىقىرىشى، سودا خاراكتېرىنىڭ كۈچىيىشى، ئەڭ مۇھىمى، بۇ خىلدىكى يازغۇچىلارنىڭ يازماقچى بولغان ئوبيېكت ھەققىدە ئەمەلىي تەسىراتى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، تەمىنلىگەن يازما دوكلاتلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتىپلا ئالدىراپ قەلەم تەۋرىتىشى، ئەسەر مەزمۇنىنى نوقۇل ھالدىكى سان ـ سىفىرلار دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئەدەبىيلىكىگە، ئوقۇشچانلىقىغا سەل قارىشى قاتارلىق بىر قاتار ناچار يۈزلىنىشلىرى تۈپەيلىدىن قانداق تېز كۆتۈرۈلگەن بولسا، شۇنداق تېز ئوقۇرمەنلەر نەزىرىدىن يىراقلاشتى.

ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى مەندىمۇ: «ئەدەبىي ئاخبارات دېگەن پۇلدارلار ھەققىدىلا يېزىلىدۇ»، دېگەن قاراشنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان، ئەڭ مۇھىمى ئەدەبىي ئاخباراتلىرىمىزدا داڭلىنىپ ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بىر قىسىم «چولپان»لىرىمىزنىڭ يىللار سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي چۇۋۇلغان مازلىرى، ئالەمنى بىر ئالغان رەزىللىكلىرىگە شاھىد بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، بىر قانچە يىلدىن بۇيان مۇشۇ ژانىردىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇشنى تەرك ئەتكەنىدىم. شۇ سەۋەبلىك «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 3 ـ 4 ـ ـ سانلىرىدا ئىقتىدارلىق ياش يازغۇچى مۇھەممەدسالىھ مەتروزىنىڭ «مەن بۇ شەھەردە مۇھەببەت ئۈچۈنلا ياشاپ قالدىم» سەرلەۋھىلىك ئەدەبىي ئاخباراتى ئېلان قىلىنغاندا، ئىچىمدە نارازى بولغانىدىم. ژۇرنال تارقالغاندىن كېيىن بىر نەچچە پىكىرداشىم بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنى ئوقۇغان ـ ئوقۇمىغانلىقىم ھەققىدە سوراشتى ھەمدە مېنىڭ «ئوقۇمىدىم» دېگەن سوغۇق جاۋابىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋاقىت چىقىرىپ بىر ئوقۇپ قويۇشۇمنى تاپىلاشتى. كۈنلەر ئۆتتى، بۇنداق سوراق ۋە تەۋسىيەلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. تور بەتلىرىدىمۇ بۇ ئەسەر ھەققىدىكى ياخشى ئىنكاس ۋە تىلەكلەر كۆزۈمگە چېلىقىپ تۇردى. دوستلارنىڭ سەممىي تەۋسىيەلىرى ئاخىرى ئادىتىمنى بۇزدۇرۇپ، بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنى قولۇمغا ئېلىشىمغا تۈرتكە بولدى. دېگەندەك، ئەسەرنى بىر ئولتۇرۇشتىلا ئوقۇپ تۈگەتتىم، ئەسەر مەندە ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسىچە چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇردى ۋە ئېڭىمدا يېڭىدىن ـ يېڭى پىكىرلەرنى ئويغاتتى.

ئەسەردە جاپالىق تۇرمۇش مۇھىتىدا چوڭ بولغان نامرات دېھقان پەرزەنتى ئىمىنجاننىڭ ھاياتلىق مۇھىتىنى ئۆزگەرتىپ، قەدىر ـ قىممەتلىك ياشاشقا ئىنتىلىشىنى مەقسەت قىلغان 12 يىللىق سەرگەردانلىق ھاياتىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئىسلاھات سىياسىتىدە كۆزى ئېچىلغان، ھاياتنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئۆزىنى ۋە شارائىتىنى ياخشىلاش يولىدا جاپا ـ مۇشەققەتتىن، ھېرىپ ـ چارچاشتىن قورقماي ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىۋاتقان، لېكىن، جەمئىيەتنىڭ ۋە ئاۋامنىڭ دىققىتىگە ئېرىشەلمىگەن بىر ئەۋلاد دېھقان ياشلىرىنىڭ جاپالىق ئىگىلىك تىكلەش مۇساپىسىنى جانلىق، ئوبرازلىق ۋە تەسىرلىك يورۇتۇپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەسەردىكى ئىمىنجان رېئال شەخس. ئۇ نـامـرات
دېھقان ئائىلىسىدىكى ئون بالىنىڭ بىرى بولۇش سۈ-
پىتى بىلەن، قاتتىقچىلىق، قىسىلچىلىق ئىچىدە چوڭ
بولىدۇ. ئائىلىسى ۋە يۇرتىدىكى جاپالىق تۇرمۇش مۇ-
ھىتى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، ئېتىقاد-
لىق، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپادار، ھەر قانداق ئىشنى ساختىلىق
ئىشلەتمەي ۋىجدانى بىلەن قىلىدىغان، ھەر ۋاقىت ھا-
لاللىقنى كۆزلەيدىغان، جاپادىن، ھېرىپ ـ چارچاشتىن
قورقمايدىغان، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىنتىلىدىغان قەيــسەر
خاراكتېرنى يېتىلدۇرگەن. كونىلاردا: «نامراتنىڭ بالـ-
سى ئاسان ئىشقا يارايدۇ» دەيدىغان گەپ بار. ئىمىنجان
شەھەرنىڭ ئەركە باللىرى ئەمدىلەتتىن ئايىغىنىڭ بۇ-
غۇچىنى ئېتىشنى ئۆگىنىۋاتقان 13، 14 ياشلىق مەزگىل-
لىرىدىلا ياشاش مۇھىتىنى ئۆزگەرتىشنى كۆڭلىگە پۈ-
كۈپ، مۇستەقىل تىرىكچىلىك يولىغا قەدەم تاشلايدۇ: ئۇ
ئالدى بىلەن ناھىيە تەۋەسىدە ئۇششاق تىجارەت بىلەن
شۇغۇللىنىدۇ، سەل كۆزى ئېچىلغاندىن كېيىن، تاپقان 10
يۈەن پۇلنى كىرا ۋە خىراجەت قىلىپ مۇساپىرلىق ھايا-
تىنى باشلايدۇ؛ تۇنجى بېكىتى چىرىدا بىر قورۇلۇشچىغا
كۈنلۈكىگە بىر يېرىم يۈەندىن ياللىنىپ، ئۆزىدىن چوڭ
چىلەكتە سۇ توشۇيدۇ، كۈنلىكىگە بىر يۈەندىن ھەق
ئېلىش بەدىلىگە ئانار كۆمىدۇ. بىر ئاي جاپالىق ئىشلەپ،
30 يۈەنگە ئېرىشكەن ئىمىنجان كۆڭلىگە تېخىمۇ زور
ئۈمىدلەرنى پۈكۈپ لوپقا كېلىدۇ ۋە ئىش ئىزدەيدۇ. ئى-
مىنجاننىڭ يېشى ۋە چوغى كىچىك بولغاچقا، ھە دې-
گەندە ئىش تاپالماي، يانچۇقىدىكى پۇلنى خىراجەت قى-
لىپ تۈگىتىۋېتىدۇ. ئاخىرى بىر سامسىپەزگە شاگىرت-
لىققا كىرىپ ھاياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. بۇ يەردە
ئۈچ ئاي تۇرغاندىن كېيىن بىر مۇنچە سەرگۈزەشتىلەرنى
يۇدۇپ ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئىمىنجاننىڭ يېرىم
يىلدەك سىرتلاردا يۈرۈپ، قولدەك ئىشلەپ تۇرۇقـلـۇق
ئەسلىي نىشانى بولغان پۇلنى ئەمەس، بەلكى بىر پاتمان
قۇرۇق سەرگۈزەشتە ئېلىپ كەلگىنىنى كۆرگەن دادىسى
ئۇنى ئەيىپلىمەيدۇ، ئەكسىچە: «ئوغۇل بالا دېگەن مانا
مۇشۇنداق يۈرەكلىك بولىدىغان، ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنىغا
خىلاپ ئىشلارغا يېقىن يولىماي، ئۇنىڭدىن باشقا پۇل
تېپىشقا بولىدىغان بارلىق ئىشلارنى قىلىپ باقساڭ بو-
لىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ بىر ئوغۇل بالا ئۈچۈن ھېچ
يامىنى يوق...» دەپ ئىلھاملاندۇرىدۇ. شۇندىن كېيىن
ئىمىنجان يول كىراسى غەملەپ بىر دوستى بىلەن بىرگە
قەشقەرگە كېلىدۇ. قەشقەردە ھەر قانچە تىرىشچانـلـىق
كۆرسىتىپمۇ جان باقىدەك بىرەر ئىشقا ئورۇنلىشالماي، ئا-
تۇشقا بارىدۇ، ئاتۇشتا بىر بايغا كۈنلۈك ياللىنىپ ئەنجۈر
ئاچىدۇ، باي ئۇلارنىڭ كۈنلىكىگە 15 يۈەندىن بەرمەكچى
بولىدۇ، ئۆمرىدە بۇنداق يۇقىرى ئىش ھەققىنىڭ گېپىنى
ئاڭلاپ باقمىغان يىگىتلەر خۇشاللىقىدا «ھەر كۈنى تاڭ
يورۇشىغىلا ئىشقا چىقىپ، چۈشلۈكى قورساقنى توقلاپلا
دەم ئالماستىن ئىشقا كىرىشىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئان-
دىن باغدىن ئايرىلىپ» سەممىيلىك بىلەن جاپـالـىق
ئىشلەيدۇ. ئۇلار كۈنىگە 14، 15 سائەتتىن ئىشلەپمۇ ھە
دېگەندە ئىش ئىگىسىنى رازى قىلالماي، ئاچچىق تەن-
بىھلەردىن قۇتۇلالمايدۇ. ئىمىنجان ۋە ئۇنـىـڭ دوسـتـى
ئاتۇشتا بىر ئايدەك ئىشلىگەندىن كېيىن ئىنسانـنـىـڭ
كۆتۈرۈش كۈچىدىن ھالقىپ كەتكەن بۇنداق ئېغـىـر
جىسمانىي ئەمگەككە بەرداشلىق بېرەلمەي ئۈرۈمچىگە
كېلىدۇ. ئۈرۈمچى ئۇلارغا قاپاق ئاچمايدۇ، نەتىـجـىـدە
تۇرپانغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار تۇرپاندا كىشىلەرگە يال-
لىنىپ نەچچە ئايلاپ تال ئاچىدۇ، ياغاچ تـوشـۇيـدۇ...
ئىشقىلىپ قىلىدىغانلا ئىش بولسا ئېغىر ـ يېنىك دې-
مەي قىلىدۇ. مېھماندوست، قىزغىن تۇرپانلىقلار بۇ كى-
چىك بالىدەك ئاق كۆڭۈل، چۈمۈلىدەك ئىشچان باللارنى
قېرىندىشى قاتارىدا كۆرۈپ ھۆرمىتىنى قىلىـدۇ، ئـىـش
ھەققىنى ۋاقتىدا بېرىدۇ. نەتىجىدە، ئاش ۋە ھۆرمەت ئاتا
قىلغان بۇ ئاتەش يۇرتىغا باللارنىڭ مېھرى چۈشۈپ قا-
لىدۇ... تۇرپاندا ياشاش جەريانىدا كۆزى ئېچىلغان، نوقۇل
ھالدىكى قارا كۈچىنى سېتىش، كىشىلەرگە ياللـىـنـىـپ
ئىشلەش ئارقىلىق كۆڭۈلدىكىدەك پۇل تاپقىلى بولماي-
دىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن باللار پۇللىرىنى ئايرىشىپ،
ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىش قارارىغا كېلىشىدۇ. ئىمىن-
جان دەسلەپ 350 يۈەنگە بىر هارۋا سېتىۋېلىپ، تاۋۇز-
چىلىق قىلىدۇ، سودىغا كىرىشكەنسېرى كۆزى ئېچى-
لىپ، ئۈرۈمچىگە ئۈزۈم يۆتكەپ ساتـقـۇدەك يـۈرەك ۋە
ئىقتىدارنى ھازىرلايدۇ. لېكىن، ئۇ بازارنى چوڭقۇر تەت-
قىق قىلمىغان، دەسمىيىسى ئاز، يۆلەنچۈكسىز بولغاچقا،
ئاز ساندىكى بازار قورۇقچىلىرىنىڭ زەربىسىگە بەرداش-
لىق بېرەلمەي، سودىدا زىيان تارتىپ، بارلىق دەسمىي-
دىن ئايرىلىپ، يەنە بىر قېتىم نامراتلىق كوچىسـىـغـا
تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەدىكارلىق ھاياتى يەنە باشلىنىدۇ: ئۇ
باشقىلارغا ياللىنىپ بىر ئاي تال كۆمۈپ، يەنە بىر ئاي
كېسەك توشۇپ ئازراق پۇل غەملىگەندىن كېيىن، يەنە
بىر قېتىم تەلەي سىناپ بېقىش مەقسىتىدە ئۈرۈمچىگە
كېلىدۇ. بىراق، ئۈرۈمچى بۇ قېتىممۇ ئىمىنجاننى ئۆز
قوينىغا ئالمايدۇ. ئىمىنجان ئۈرۈمچىنىڭ ئويداڭ ـ چۇ-
قۇرنى بىلىپ بولغىچە، تاپقان ـ تەرگىنىدىن بىـراقـلا
ئايرىلىپ، يەنە بىر قېتىم يوقسۇزلۇق كوچىسىغا تاشلى-
نىدۇ؛ نەتىجىدە، ئۇ دوستلىرىنىڭ كىرا غەملەپ بېرىشى
بىلەن يەنە تۇرپانغا قايتىپ كېلىپ، مەدىكارچىلىق ھا-
ياتىنى باشلايدۇ. ئەپسۇسكى، مىڭ بىر جاپادا تـاپـقـان

ئىككى يۈز يۈەن پۇلنى ياتىقىدا قوندۇرۇۋالغان بىر مۇساپىر ئېلىپ قاچىدۇ... بىر كۈنى تۇرمۇش قاتتىقچىلىقىدىن دىلى رەنجىگەن ئۇچەيلەن تەڭلا تاۋان تاشلاپ، پىچاندىن پىيادە يولغا چىقىدۇ، كېچە يېرىم بولغاندا، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، سوغۇق ۋە يول ئازابىدا ھالسىزلانغان سەپەرداشلار بىرەر ماشىنىنىڭ سوقۇۋېتىپ رەھىمسىز ھاياتتىن ئادا قىلىپ قويۇشىنى كۈتۈپ، يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا غۇژمەكلىشىپ ئولتۇرىشىدۇ... ئەسەرنىڭ مۇشۇ يېرىگە كەلگەندە، ئوقۇرمەننىڭ يۈرىكى ئېغىپ، بۇ جاپاكەش يىگىتلەرگە ئىختىيارسىز ئىچ ئاغرىتىدۇ ھەمدە ياراتقۇچىدىن ئەڭ سەمىمىي ھېسسىياتى بىلەن بۇ بىتەلەي يىگىتلەرگە ئامانلىق تىلەيدۇ. قاراڭ، ئىمىنجان ۋە ئۇنىڭ تەقدىرداشلىرى ئوغرىلىق ياكى بۇلاڭچىلىق قىلمىدى ياكى پۇت ـ قولىنى قەستەن زەخىملەندۇرۇپ، يۈز ـ كۆزىگە قارا سۈركەپ بىچارە قىياپەتكە كىرىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمىدى... بەلكى ھالال كۈچىگە تايىنىپ، قەدىر ـ قىممەتلىك ياشاش ئۈچۈن تىرىشتى. بىر يۈەن ئۈچۈن بىر كۈن ئانار ئاچتى، بىر يېرىم يۈەنلىك تۆۋەن ئىش ھەققى بىلەن قۇرۇلۇشتا سۇ توشىدى، كۈنىگە دەم ئالماي 15 سائەتلەپ ئىشلەپمۇ ۋايسىمىدى، ئۆي ئىجارىسىنى تېجەش ئۈچۈن كېچىسى ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا قىلىپ سىرتلاردا ياتتى، تاماق تاللىمىدى... لېكىن، تۇرمۇشنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرەلمىدى — ھەر ۋاقىت ھىماتچىسىز قېلىش، نامراتلىق ـ يوقسۇزلۇق كوچىسىغا تاشلىنىش، مەدىكار بازىرىدا سازايى قىلىنىش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمىدى. بۇ ھال بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

ئوقۇرمەنلەر ئارزۇ قىلغاندەك ئىمىنجان قاتارلىقلار ئەجەل دوقمۇشىدىن ئادەملەر ئارىسىغا قايتىپ كېلىدۇ، ئۇلار ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ياردىمىدە ھاياتقا قايتىدىن مۇھەببەت باغلاپ، تۇرمۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا جاپالىق ئىزدىنىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ... ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتىدۇ. ئىمىنجان ھايات جەڭگاھلىرىغا دادىل يۈزلىنىپ، تۇرمۇشنىڭ قىسلچاقلىرىدا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن كۈنسېرى پىشىپ يېتىلىدۇ، ئەقىل تاپىدۇ ھەمدە ئۇدا ئىككى قېتىم رەت قىلىنغان ئۈرۈمچىدە جاپالىق ئىگىلىك تىكلەش مۇساپىسىغا ئاتلىنىپ ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، مۇستەھكەم بولغان پۇت تىرەش نۇقتىسىغا ئېرىشىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، جاپالىق مېھنىتى ئارقىلىق ئورنىنى يوللۇقلاشتۇرۇپ، قەدىر ـ قىممىتىنى تونىغان ۋە تونۇتقان ئىمىنجان ئۈرۈمچىلىك قىز قەمبەرگۈلگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغاندا، ئارىسالدى بولماي، ئىككىلەنمەي سۆيگۈ سوراپ، مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىدۇ...

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئەسەردە تەسۋىرلەنگىنى ئادەتتىكى بىر ئىشلەمچىنىڭ ئۆزىدەك ئاددىي تۇرمۇش مۇساپىسى. ئۇنىڭدا كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك ئۇلۇغۋار تەپسىلاتلار ۋە كۆزنى ئالا ـ چەكمەن قىلىۋەتكىدەك سان ـ سىفىرلار يوق. پېرسوناژلىرىمۇ جېنىنى ئاران جان ئېتىپ كېلىۋاتقان، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردىكى جىن كەپىلىرىنى، ھەتتا تونۇر باشلىرىنى ماكان تۇتۇپ، تۇرمۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ تىركىشىۋاتقان، كۆرگەنلەر دەماللىققا ئىچ ئاغرىتىدىغان، لېكىن يازدا سالقىن، قىشتا ئىللىق ياسىداق ئۆيىگە كىرگىنىدە ئاسانلا ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان بىقۇۋۇل كىشىلەر... شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن بۇ ئەسەر يەنىلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، مۇئەييەن تەسىر پەيدا قىلالىدى؟ بۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن ئىزاھلاش مۇمكىن:

ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئالدى بىلەن ئاپتورنىڭ ئادەتتە كۆزگە ئانچە چېلىقىپ كەتمەيدىغان، ئارتۇقچە تەلەپلەردىن خالىي ئاددىي ئادەملەر تۇرمۇشىدىن تېما تاللاپ، ئۇنى زور ئىشتىياق ۋە مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلىگەنلىكىدە، ئەڭ مۇھىمى «يارالغاندا تەڭ يارالغان»، لېكىن ياشاش مۇھىتى، ئائىلە كېلىپ چىقىشى، تەربىيىلىنىشى، شۇنداقلا ئىش ۋە كۆڭۈل تەقسىماتىدىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ئېغىر، مەينەت، لېكىن ئىش ھەققى تۆۋەن ئەمگەكلەرنى قىلىپ، شەھەر ئاھالىلىرى ئۈچۈن قولاي، گۈزەل تۇرمۇش مۇھىتى بەرپا قىلىۋاتقان «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»نىڭ جاپالىق تۇرمۇش مۇساپىسىنى پەردازلىماستىن، ئوچۇق تەسۋىرلەپ، ئۇلارغا شەھەرنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىنلا ئەمەس، ئەڭ زۆرۈرى قەلبىمىزدىنمۇ بىر كىشىلىك ئورۇن بېرىپ، بىز ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان ئەقىدىسىگە جاۋاب قايتۇرۇش؛ چەكلەش ۋە گۇمانىي نەزەردە قاراشنى كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى تېپىۋېلىشىغا يېتەكلەشتىن ئىبارەت جىددىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. مەلۇمكى، ئىمىنجاندەك تۇنجى تۈركۈمدىكى يېزا ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ جاھانكەزدىلىك كېچىكىگە كىرىپ، يول ئىزدەۋاتقىنىغا، ئەڭ ئاخىرىدا چوڭ شەھەرلەرنى تاللاپ، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردىن ماكان تۇتۇپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقىنىغا 20 يىلدىن ئاشتى. ئۇلار بۇ ئۇزاق مۇساپىلىق ئىزدىنىشلەر جەريانىدا، ياتاق، تاماق تاللىماي، ئىش تېپىلغىنىغا خۇش بولۇپ، دوم يېتىپ، دوم قوپۇپ، ئەڭ ئېغىر، ئەڭ مەينەت ئىشلارنى قىلىپ، شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتى، ئەڭ مۇھىمى شەھەر خەلقىنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، نورمال تۇرمۇش

www.yourkitap.com

تەرتىپكە كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم روللارنى ئوينىدى.
هازىرقى كۈنگە كەلگەندە، شەھەرلەردىكى قۇرۇلۇش ۋە
مۇلازىمەت كەسىپلىرىدە قول سېلىپ ئىشلەۋاتقانلارنىڭ
مۇتلەق كۆپ قىسمى سىرتتىن كەلگەن ئىشلەمچىلەر
بولۇپ، ئۇلار شەھەرنىڭ نورمال ئايلىنىشى ۋە تەرەققى-
ياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان، بەلكى ھەر قانداق ساھە ۋە
تارماق ئورنىنى باسالمايدىغان مۇھىم كۈچكە ئايلاندى.
لېكىن، ئۇلار تۆھپىسىگە يارىشا تېگىشلىك ئورۇن ۋە
مۇئامىلىگە ئېرىشەلمىدى. يەكلەش ۋە گۇمانىي كۆزلەر-
نىڭ نەزىرىدىن خالىي بولالماي، دەردىگىمۇ، خۇشاللى-
قىغىمۇ مۇڭداش تاپالماي، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ،
ئۈن ـ تىنىسىز ياشاش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمىدى. خۇددى
دېڭىزدا تۇرۇپ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كەتكەندەك، نەچ-
چە يىل شەھەردە ياشاپ، شەھەر ۋە شەھەرلىكلەر ئۈچۈن
مۇلازىمەت قىلىپمۇ شەھەرلىك بولالمىدى. مېنىڭچە،
ئەدەبىي ئاخباراتتا تەسۋىرلەنگەن ئىمىنجاننىڭ ئورۇم-
چىلىك قىز قەمبەرگۈل بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويۇ-
شىنى، ئۇرۇمچىنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىللىق تارى-
خىدىكى تۇنجى ئۆزگىچە نىكاھ دېسەك، ھەرگىزمۇ خا-
تالاشقان بولمايمىز... ئاپتور بۇ ئەسىردە يۇقىرىدىن
تارتىپ تۆۋەنگىچە «ئادەمنى ئاساس قىلىش، ئىناق
جەمئىيەت بەرپا قىلىش» تەكىتلىنىۋاتقان ئالاھىدە تا-
رىخىي شارائىتتىكى شەھەر ئىشلەمچىلىرىنىڭ ئىجتى-
مائىي ئورنى مەسىلىسىدە دادىل پىكىر يۈرگۈزۈپ، تە-
سىرلىك كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرى-
نى جەلپ قىلىدۇ ۋە ئويلىنىشقا يېتەكلەيدۇ. بۇ ئەلۋەتتە،
قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئۇلۇغ روھ. ئىككىنچىدىن، ئاپ-
تور نېمىنى يېزىش مەسىلىسىدە باش قاتۇرۇش بىلەن
بىرگە، قانداق يېزىش مەسىلىسىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمى-
يەت بېرىپ، ئەسەرنىڭ ئوقۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇش يو-
لىدا دادىل ئىزدىنىپ، كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە
ئىگە قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئاپتورنىڭ باش قەھرىمان ئى-
مىنجاننىڭ خاراكتېرىنى يارىتىش ۋە يورۇتۇش جەھەت-
تىكى ئىزدىنىشلىرى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى
كىشىنى قايىل قىلىدۇ. ئوقۇغانلارغا ئايانكى، ئەسەر ۋە-
قەلىكى بىرىنچى شەخس تىلى، يەنى باش قەھرىمان
ئىمىنجاننىڭ ئېغىزى ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ. پۈتكۈل
بايان جەريانىدا، ئاپتور ئىستائەتچان كاتىپ سۈپىتىدە
ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىمىنجاننىڭ قىسمەتلەرگە تولغان
جاپالىق سەرگۈزەشتىلىرىنى رايىشلىق بىلەن خاتىرى-
لەيدۇ. بىرىنچى شەخس باياننىڭ ئۆزگىچىلىكى شۇ-
كى، ۋەقەلىك «مەن»نىڭ بايانى ئارقىلىق بېرىلىدىغان
بولغاچقا، چىنلىق تۇسى قويۇق، ئوقۇرمەندە ئىشىنىش،
تەسىرلىنىش، پىكىر قاتناشتۇرۇش تۇيغۇسى ۋە قىزغىن-
لىقى يۇقىرى بولىدۇ. بۇ ئەسەردە ئاپتور بىرىنچى شەخس
تىلىدا بايان قىلىشنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئەڭ زور
دەرىجىدە جارى قىلدۇرغان بولۇپ، باش پېرسوناژنىڭ
ئېغىزىدىن بېرىلگەن، ئۆزىنىڭ ياشاش ۋە ئۆسۈپ ـ يې-
تىلىش مۇھىتىدىن ئېلىنغان، قىلچىلىك ساختىلىق
ئارىلاشمىغان سەممىي بايانلار خۇددى تاغ كۆيىدەك
كىتابخانلارنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدۇ. كىتابخانلار ئۆ-
زىمۇ سەزمىگەن هالدا ئەسەر مۇھىتى ئىچىگە بېشىچە-
لاپ كىرىشىپ، ئىمىنجان بىلەن بىر تەن، بىر گەۋدىگە
ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ھەر ۋاقىت هالال ياشاشنى
ئىستەيدىغان، ئۆز غايىسى ئۈچۈن ھەر قانداق جاپا، خې-
يىمخەتەردىن باش تارتمايدىغان جەسۇرانە روھىدىن
سۆيۈنسە، جاپاسىغا ئىچى ئېچىشىدۇ، ۋىسال دەقىقىلى-
رىگە ئورتاقلىشىپ، ئەڭ سەممىي تىلەكلىرىنى بىلدۈ-
رىدۇ... نۆۋەتتە كەلگەندە شۇنى دەپ ئۆتۈش زۆرۈركى،
ئالدىنقى بىر مەزگىللىك ئەدەبىي ئاخباراتلىرىمىزدا،
ۋەقەلىكنى قانات يايدۇرۇشتا، ھە دېگەندە ئاپتور بايانىنى
ئاساس قىلىپ، ئەسەر پېرسوناژىنى ئاپتور قەلىمى ئاس-
تىدىكى قورچاققا ئايلاندۇرۇپ قويۇش خاھىشى گەۋدى-
لىك ئورۇنغا قويۇلغان بولۇپ، بۇنداق زىيادە «باشقۇرۇش
ۋە بويسۇنۇشلار» ئەسەرنىڭ چىنلىق تۈسىنى زور دەرى-
جىدە سۇسلاشتۇرۇپ، ئوقۇشچانلىقىنى تۆۋەنلىتىۋەتكە-
نىدى. مۇھەممەدسالىھ مەتروزى مۇشۇ جەھەتتە يېڭىچە
يول تۇتۇپ، ئەدەبىي ئاخباراتچىلىقىمىزنى قانداق يې-
زىش مەسىلىسىدە قىممەتلىك تەجرىبە ۋە ئىجادىيەت
روھى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۈچىنچىدىن، بۇ ئەدەبىي
ئاخباراتنى ئاددىيلىق بىلەن چىنلىقتىن پۈتكەن ئالتۇن
ئۈزۈككە ئوخشاتساق، سەممىيلىك ئۇنىڭ ياقۇت كۆزى-
دۇر. ئەسەردىن باشتىن ـ ئاخىر چاكىنىلىق ۋە پاسىق-
لىقتىن، ساختا ئالىيجانابلىقتىن خالىي بولغان، چىراي-
لىق كۆلكىسى ۋە ئۇماق قىلىقلىرى بىلەن ئانىسىغا
مۇھەببەت ئىزهار قىلىۋاتقان بوۋاقنىڭ چېھرىدەك سە-
ممىيلىك بالقىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل سەممىيلىك روھى
ئەسەر قۇرۇلمىسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بايان، تەسۋىر،
مۇهاكىمە، ھەتتا ئەسەر خاتىمىسىگىچە ئۇستىلىق بىلەن
سىڭدۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، ئوقۇغان كىشىنىڭ قەلبىدە
بىر خىل ئىززگۇ تۇيغۇلارنى ئويغىتىدۇ، زۆرۈر مۇهاكى-
مىلەر مۇھەببەت ـ نەپرىتىنى سىنايدۇ ۋە تاۋلايدۇ.

ئەسەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بەزىبىر نۇقسانلاردىنمۇ
خالىي ئەمەس: ئاساسلىقى، پېرسوناژلار تىلى كۆپ هال-
لاردا مۇۋاپىق بېرىلگەن بولسىمۇ، قىسمەن ئەھۋالدا تازا
ئىندىۋىدۇاللىشالماي، ئاخبارات تىلى كېچىكىگە ياندى-
شىپ قالغان. مەسىلەن: «مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەك-
تەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، دا-

ۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇشتىن ۋاز كېچىپ، بۇ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق يۈكىنى بالدۇرراق يەڭگىللىتىشكە كۆچ قوشۇش مەقسىتىدە، سودا ـ تىجارەت يولىنى تاللاش نىيىتىگە كەلدىم ۋە دەسلەپكى قەدەمدە مەھەللىمىز ۋە يېزىمىز تەۋەسىدىلا ھالال ئەمگىكىمگە تايىنىپ پۇل تېپىشنىڭ ھەر خىل يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندىم...». ئېنىقكى، «داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇش»، «ھالال ئەمگىكىمگە تايىنىپ پۇل تېپىش»، «ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق يۈكىنى بالدۇرراق يەڭگىللىتىشكە كۆچ قوشۇش» دېگەندەك ئۇقۇملاشقان، پەقەت ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىرىنىڭ ئېغىزى بىلەن يەرلىك گېزىتلەرنىڭ خاس ستونلىرىدىلا ئۇچراتقىلى بولىدىغان بۇنداق مۇجمەل سىياسىي ئىبارىلەرنى ئاران 6 ـ سىنىپلىق مەلۇماتقا ئىگە، ئۆمرىنى پروفېسسور دادىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئەمەس، بەلكى تونۇر بېشىدا، ئاللىكىمەلەرنىڭ تاللىق، ئەنجۈرلىكلىرىدە، جاپالىق قۇرۇلۇش مەيدانلىرىدا قارا ئىش بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر ئىشلەمچىنىڭ تىلى دېسە كىممۇ ئىشىنىدۇ؟ يەنە بىرى، ئەسەرنىڭ بېشىغا ئېپىگراف شەكلىدە بېرىلگەن ئالتە ئابزاسلىق «مۇھىم مەزمۇن» (بۇلار ئەسەر ئارىسىدىن تاللاپ ئېلىنغان بولغاچقا، شۇنداق دەپ ئاتىدىم) قىسمى ئارتۇقچە بېرىلگەندەك، خاتىمە قىسمى سەل تەپسىلىي يېزىلىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

ئومۇملاشتۇرغاندا، بۇ ئەدەبىي ئاخبارات مەيلى تېما تاللاش جەھەتتە ياكى ئۇنى لايىقىدا ئىپادىلەش جەھەتتە بولسۇن ۋە ياكى ئۇچۇرلۇق قىممىتى، ئىجتىمائىي، ئېستېتىك تەسىرى جەھەتتىن بولسۇن ئۆزگىچە يول تۇتۇلۇپ، بەدىئىي مەقسەت سەنئەتلىك، تارتىملىق ئىپادىلەنگەن، جەمئىيەتتە مۇئەييەن تەسىر پەيدا قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنى قايتىدىن ئەدەبىي ئاخبارات رېمىنىغا باشلاپ كىرگەن مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ، ئۇنى مۇشۇ كۈنلەردە ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەدەبىي ئاخباراتلارنىڭ ئۈلگىسى دېيىشكە بولىدۇ. بىز بۇ ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتۇقكى، ئەدەبىي ئاخباراتچىلىقتا تېما تاللاش، ئەڭ مۇھىمى تېمىنىڭ ھەر خىل بولۇشى تولىمۇ مۇھىم بولۇپ، ئەدەبىي ئاخباراتنى نوقۇل ھالدىكى بايلارنىڭ بەدىئىي ئارخىپىغا ئايلاندۇرۇۋېتىش مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇ بىر تەرەپتىن، ئەدەبىي ئاخبارات ئىجادىيىتىنى ئەسلى مەنىسىدىن، ئوقۇرمەنلەر نەزىرىدىن يىراقلاشتۇرىۋەتسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇرمەنلەرنى «يازغۇچى دېگەن، سانىماي سەككىز دەيدىغان، ئەتىدىن كەچكىچە بايلارنىڭ كەينىدىن سوكۇلدايدىغان قورساق باقتىلاركەن» دېگەن خۇلاسىگە كەلتۈرۈپ، يازغۇچىلارنىڭ ئەل قەلبىدىكى ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرىۋېتىدۇ. يەنە بىرى، ئەدەبىي ئاخباراتچىلىقتا، تەسۋىرلەنمەكچى بولغان ئوبيېكتنىڭ ئاخبارات ـ ئۇچۇرلۇق قىممىتىگە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئەدەبىيلىكىگىمۇ ئالاھىدە كۆچ چىقىرىش، ئەدەبىياتتىكى ھەر خىل ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ۋە مەجازىي ۋاستىلەرنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش بىلەن بىرگە، ئىجادچانلىق، پائالىيەتچانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەھمىيەتلىك مەزمۇننى ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا جىلۋە قىلدۇرۇپ، ئوقۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇشى، ئوقۇشچانلىقى ئارقىلىق ئىجتىمائىي، ئېستېتىك ئۈنۈمى، جۈملىدىن ئەدەبىيلىكى ئارقىلىق ئاخبارات قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، ئاخباراتنىڭ قىممىتى چىنلىقتا. پەقەت چىن نەرسىلا ئادەمنى تەسىرلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە. شۇڭا، ئەدەبىي ئاخباراتچىلىقتا چوقۇم چىنلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش، تەپسىلاتلار چىن بولۇپلا قالماستىن، ھېسسىياتىمۇ چىن بولۇشى، ئۇسلۇبى يەڭگىل ۋە سەممىي بولۇشى، چېكىدىن ئاشقان توقۇلما ۋە قۇرۇق مەدھىيىۋازلىققا يول قويماسلىقى، بولۇپمۇ شەخسلەر ھەققىدە يېزىلغان ئەدەبىي ئاخباراتلاردا ھادىسىنىلا كۆرۈپ ئالدىراپ قەلەم تەۋرىتىپ، «مۇز ھەيكەل»لەرنى ياساپ كۈلكىگە قالىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق لازىم...

بىر يازغۇچى (بولۇپمۇ ئەدەبىي ئاخبارات يازغۇچىسى) ئالدى بىلەن چىن ئىنسانپەرۋەر بولۇشى — ئىنسانى قىزغىن سۆيۈشى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا، تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنىڭ نەق مەۋجۇدىيىتىنى پەردازلىماستىن، ئاۋامنىڭ، ئىش باشلىرىنىڭ نەزىرىگە سۇنۇش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى تارتىشى، ھەقىقەت ئۈستىدە ئىلىپتەك تىك تۇرۇپ، ھەقىقىي مەنىدىكى «دەۋرنىڭ ۋىجدانى» بولۇشى زۆرۈر. مۇھەممەدسالىھ مەتروزى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي ئىزدىنىشلەردىن كېيىن، ھەقىقىي يازغۇچى، بولۇپمۇ ئەدەبىي ئاخبارات يازغۇچىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئىقتىدار ۋە پەزىلەتنى ھازىرلاپ، ئۆزلۈكسىز ئىزىنىغا سەكرەۋاتقان ئەدەبىي ئاخباراتچىلىقىمىزغا يېڭى قان ۋە روھ ئاتا قىلدى. مەن ئاپتورنىڭ ئۆزى جاپالىق ئاچقان بۇ يولدىن تېيىپ كەتمەي، تۇرمۇشقا چۆكۈش، تۇرمۇشقا ئارىلىشىش جەھەتتىكى ئۆزگىچە ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، مول ئىجادىي مېۋىلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەر قەلبىدىكى ئوبرازىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمەن.

(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تەشۋىقات بۆلۈمىدە)

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

داۋۇت ئادىل

# مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت ھەققىدە ئويلىنىش

ھۆرمەتلىك ئەنۋەر ھوشۇر ئەپەندى:

ئەسلىدە مەن سىزدىن نەچچە ئايلىق چوڭ بولغاندىن كېيىن، سىزگە خېلى بۇرۇنلا سالام بېرىشىم كېرەك ئىدى. ئەمما، سالام بېرىشىمنىڭ سەۋەبى بۇنىڭ ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يېشىڭىزنىڭ مەندىن كىچىك بولۇشىغا قارىماي، خوتەندە، جۇملىدىن پۈتكۈل ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە خېلى كۆزگە كۆرۈنۈپ، مەن قاتارلىق تەڭ دېمەتلىكلەر ئارىسىدا مۇناسىپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقىڭىز، شۇنداقلا ئەدەبىي تەنقىد ۋە جەمئىيەتتىكى قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىگە نىسبەتەن كىشىنى قايىل قىلغۇدەك كۆزىتىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىڭىزنىڭ بولغانلىقى سەۋەبلىك ئىدى. مەن ئىستىداتىڭىزغا خېلىدىن بېرى قايىل ئىدىم.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىكى «ھازىرچە سالام چوڭلاردىن كەلگەي» ناملىق ماقالىڭىزنى ئوقۇپ، مەندە بىر خىل خىجىللىق ۋە ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئەيىپلەش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. چۈنكى، سىز ئوتتۇرىغا قويغان نۇرغۇن مەسىلىلەردە سىز بىلەن ئورتاق ھېسسىياتتا بولساممۇ، كونكرېت ئەمەلىيىتىمدە بۇنى راستىنلا تولۇق ئەمەلىيلەشتۈردۈم دېيەلمەيتتىم. ماقالىڭىزنى قايتا ـ قايتا ئوقۇغاندىن كېيىن، بىزدىكى سالام ـ سەھەت مەسىلىسىدە ئويلىنىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى، بۇنىڭدا سالامنى پەقەت كىچىكلەر چوڭلارغىلا بېرىشتەك ئادىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى جەمئىيەت كىرىزىسى ئالدىدا بارغانسېرى كۈچىدىن قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

سالام ـ سەھەت ئەسلىدە بىر مىللەتنىڭ ئۇزاق ئىجتىمائىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئۈزلۈكسىز شەكىللەنگەن، شۇ جەمئىيەت تۈپىنى تەشكىل قىلغۇچى بارلىق ئەزا ئورتاق رىئايە قىلىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىمىزنىڭ بىرى. شۇنداقلا، ئەجدادلىرىمىز ئۆز ـ ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش جەريانىدا شەكىللەنگەن، مۇنتىزىملاشقان ئىجتىمائىي ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ئىدى. چوڭلار ئارقىلىق كىچىكلەرگە، ئەجدادلار ئارقىلىق ئەۋلادلارغا سىڭدۈرۈلەتتى. خەلقىمىز بۇ مىزانلارنى دەل شۇ خىل يوسۇندا شەكىللەندۈرۈپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ، مىللەتنىڭ مەۋجۇدىيىتىدىكى مەنىۋى مىزان ۋە مىراس سۈپىتىدە ساقلاپ، قوغداپ كەلگەن. بۇ ئاۋۋال ئائىلىدە، ئاندىن مەكتەپتە، كېيىن جەمئىيەتتە ئۈزلۈكسىز تاكامۇللىشىپ، ئادەملەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ ـ ئەخلاق يوسۇنىغا ئايلانغانىدى.

بىراق، جەمئىيەت ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، زامان ئۈزلۈكسىز ئۆزگەردى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى، ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادىتى، ئېسىل ئەخلاقىي مىزانلىرى باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ تەرەققىيات جەھەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مىللەتلەرنىڭ كۆپ قىرلاشقان، مولېكۇلا فورمىلاسى بۇزۇلغان، مىزانسىزلاشقان مەدەنىيەت داش قايناقلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىدى. نۇرغۇن ئەخلاقىي مىزانلار مىزانسىزلىققا، پرىنسىپسىزلىققا قاراپ يۈزلەندى. ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى كۆپىنچە تۈزەشتىن كۆرە بۇزۇشقا ئىنتىلىشچان بولغانلىقتىن، ئۆزىمىز بۇزۇۋاتقان مىزانلارغا قارىتا باشقىلارنى تۈزەشكە دەۋەت قىلالمايدىغان بولدۇق. قىسقىسى، مەسئۇلىيەتسىزلىكنىڭ بىخلىرى ھەر قەدەمدە يولۇقىدىغان بولۇپ قالدى. مىسال ئالىدىغان بولساق، ئىلگىرى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تاماكا چەككىنىنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلار بىلەن ھاجەتكە بىللە بارمايتتى، ئايال ئوقۇتقۇچىلار زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىمايتتى، ئۈزۈك سالمايتتى، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيمەيتتى، گىرىم ـ پەرداز قىلمايتتى. بەزىدە كۆڭلىمىزدە، «مۇئەللىملەرمۇ تاماق يەمدىغاندۇ، يەيدىغان تامىقى بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدىغاندۇ» دېگەندەك خىياللاردىمۇ بولۇپ قالاتتۇق. ئائىلىدە بولسا، ئەتىگەندە چوڭلاردىن ھال سوراپ سالام بېرىلەتتى. سىرتلارغا چىقماقچى بولغاندا چوڭلاردىن سوراپ، ئۇلار «يول بولسۇن» دېگەندە ئاندىن بوسۇغىدىن قەدەم ئالاتتۇق... ھازىر كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىدا ئاسمان ـ زېمىن ئۆزگىرىش بولدى، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى بىللە تاماكا چېكىدىغان، بىللە ھاراق ئىچىدىغان، تانسا ـ دېسكوخانىلارغا بىللە بارىدىغان، نېمىلەرنىڭ مودا بولغانلىقىنى ئايانماي سۆزلىشىدىغان، بولۇمسىز چاقچاقلارنى قىلىشىدىغان ئىشلار ئەتراپىمىزدا ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. سەھەردە چوڭلارغا سالام بېرىش ئەمەس، بەلكى چوڭلار ناشتىلىقنى تەييارلاپ، بېشىمىزغا ئەكەلگەندىمۇ ئورنىمىزدىن تۇرۇش ئېغىر كېلىدۇ. باشقىلارغا سالام بېرىشكە ھەپىلىمىز

يوق تۇرۇقلۇق، يەنە سائەت ـ سائەتلەپ قۇرۇق پاراڭ
سوقۇشقا، تانسا ـ دىسكو ئويناشقا، هاراق ـ شاراب ئى-
چىشكە، كوچا ـ كويلاردا قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق لاغايلاشقا
ۋاقتىمىز شۇنچە كۆپ. هېيت ـ ئايەملەردە دوستلىرىمىز
بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆيدىكى ياشانغان ئاتا ـ ئانى-
مىزنى ئۇنتۇپ كەتكىلى تاس قالىمىز، كەچقۇرۇنلىرى
تالا ـ تۈزگە چىقماقچى بولساق چوڭلاردىن سوراش
قىلچە هاجەتسىز. چۈنكى، ئۇلار يول قويمىسىمۇ، ئاق
يول تىلىمىسىمۇ بارىدىغان يەرگە بەرىبىر بارماسلىق
بولمايدۇ... قىسقىسى، سەلبىي ئىشلار ۋە تىپلارغا قارىتا
تەنبىھ بېرىدىغان، ئەيىپلەيدىغان ۋىجدانىي تۇيغۇمىز
ئومۇميۈزلۈك سۇسلىششقا، چىرىشكە قاراپ يۈزلىنىۋا-
تىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، چوڭلىرىمىز كىچىكلەردىن سالام
تەمە قىلىدىغان، كىچىكلىرىمىز گويا قوتاندا چوڭ
بولغاندەك ئەدەپ ـ قائىدە ئۇقمايدىغان، چوڭلارغا پەرۋا
قىلمايدىغان، بىهۆرمەتلىك قىلىدىغان ناچار كەيپىيات
تەدرىجىي يىلتىز تارتىپ ئايىندى. «ئاتىغا بېقىپ بالا»
دېگەندەك، مانا هازىر بىز ئاللىقاچان ئۇنىڭ ئاچچىق
مېۋىسىگە داخىل بولىۋاتىمىز. هەتتا بەزى ئائىلىلەردە
ئەنئەنىۋى ئەدەپ ـ ئەخلاق مىزانلىرىنى ئەمەس، بەلكى،
ئۇنىڭ ئىزنالىرىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق
ئىللەتلەرگە يول قويۇپ، بېشىمىزنى ئىچىمىزگە تىقىپ
يۈرىۋېرىدىغان بولساق، خۇددى سىز ئېيتقاندەك كېلە-
چەكتە ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىدىغان جانلىقلارنىڭ بىر
تۈركۈمى دەل بىز بولۇپ قالىمىز. چۈنكى، مىللەتنىڭ
ئۆرپ ـ ئادىتى ئۇنىڭ مەۋجۇدىيىتىدىكى ئەڭ توپ ئا-
لاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئەڭ نېگىزلىك ئا-
لاھىدىلىكىدۇر. شۇڭا، ئەخلاق مىزانلىرىمىزنىڭ «ـ
خەلقئارا»لىشىپ كېتىشىگە يول قويۇۋېرىدىغان بولساق،
بىز كېلەچەكتە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ جىنايەتكارلىرىغا،
ئەۋلادلارنىڭ قەرزدارلىرىغا ئايلىنىپ قالىمىز. دېمەك، بۇ
جەھەتتە بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز تولىمۇ ئېغىر.
چوڭلارنىڭ مەسئۇلىيىتى كىچىكلەردىن تېخىمۇ ئې-
غىر. ئەمما، بۇ مەجبۇرىيەتلەر ئاللىكىملەرنىڭ ئاللىقان-
داق ئېغىر بەدەل تۆلىشىنى تەلەپ قىلىدىغان، ئادا
قىلىش مۇشكۇل بولغان مەجبۇرىيەتلەرمۇ ئەمەس. پە-
قەت چوڭلار (بۇ هەرگىزمۇ ياشلارنى ئۆز ئىچىگە ئال-
مايدىغان چوڭلار ئەمەس، بەلكى پىشقەدەملەر، ئاتا ـ ئا-
نىلار، ئاكا ـ هەدىلەر، ئوقۇتقۇچى ئۇستازلار، قىسقىسى
نىسبەتەن ئالغاندا باشقىلاردىن چوڭ بولغانلار) مۇشۇ
مەسئۇلىيەتنى هەقىقىي تونۇپ، ئەمەلىي هەرىكىتىدە
ئىختىيارى ئىجرا قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرسىلا،
چوڭلار كىچىكلەرگە ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۈلگە
بولسىلا، بۇ خىل مەجبۇرىيەت ئۆزلىكىدىن ئادا بولغان
بولىدۇ.

مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، سىزگە مۇنداق بىر جانلىق
ئەمەلىي مىسالنى ئېيتىپ بەرگۈم كەلدى: قولۇمغا قەلەم
ئېلىپ مۇشۇ يازمامغا تەرەددۇتلىنىۋاتقىنىمدا، مەركىزى
تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن بېرىلىۋاتقان بىر تەپسىلى
خەۋەرنى كۆرۈپ قالدىم. دېيىلىشىچە، ئىچكىرىدىكى
مەلۇم ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى مەكتەپتىكى ئوقۇ-
تۇش ۋە ئىجتىمائى كەيپىياتنىڭ ناچارلىقىدىن ئۆكۈ-
نۈپ، بۇ خىل كەيپىياتنى ياخشىلىماقچى بوپتۇ. ئۇ هەر
كۈنى ئەتىگەندە مەكتەپكە بالدۇر كېلىپ، دەرۋازا ئالدىدا
ئۆرە تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلاردىن: «ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟»
دەپ تەزىم بىلەن ئەھۋال سورايدىكەن. كېيىن، مەك-
تەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ هەممىسى ئۆزلۈكىدىن
تەشكىللىنىپ شۇنداق قىلىدىغان بوپتۇ. بۇ ئەھۋالغا
قارىتا ئوقۇغۇچىلار دەسلەپتە غەلىتىلىك هېس قىپتۇ،
كۆنەلمەپتۇ. كېيىن تەدرىجى ئادەتلىنىپتۇ. هازىر مەك-
تەپتە ئوقۇغۇچىلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن باشقىلاردىن
ئەھۋال سورايدىغان ئىللىق مەكتەپ كەيپىياتى شە-
كىللىنىپتۇ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى جېدەل ـ ماجرا-
لار كۆرۈنەرلىك ئازىيىپتۇ، باشقىلارغا تەشەببۇسكارلىق
بىلەن ياردەم بېرىدىغان ئېسىل خىسلەت ئەۋج ئاپتۇ.
ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بار-
غانسېرى ئىللىقلىشىپتۇ. مانا قاراڭ دوستۇم، مەسئۇلى-
يىتىمىزنى ئادا قىلىش ماهىيەتتە مۇشۇنداق ئاددىي
تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا سۈكۈت قىلىمىز؟ مەكتىپى-
مىزدە ئىشلەيدىغان ئادەتتىكى ئىشچى ئىمىنئاخۇنكام
ناۋاي ئېرىنمەي باشقىلاردىن ئەھۋال سوراپ سالام بې-
رىپ، مەكتەپ ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ سالاملىشىش
ئادىتىدە بەلگىلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلالاپتۇ. ئىچكى-
رىدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئوقۇغۇچىلارغا
تەشەببۇسكارلىق بىلەن سالام بېرىپ مەكتەپ كەيپىيا-
تىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلالاپتۇ. دېمەك، شەخس گەرچە
كىچىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئېنېرگىيىسى ۋە باشقىلارغا
بېرىدىغان تەسىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئەگەر ھە-
مىشە «بىز نېمە قىلالايتتۇق؟»، «بۇ بىزدىكى ئەيىپ
ئەمەس»، «باشقىلارغا سالام قەرزىمىز يوق» دەپ قېيدى-
شىپ يۈرىۋېرىدىغان بولساق، بۇنىڭ كېلەچەكتىكى
ئاقىۋىتى مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر بولىدۇ.

هۆرمەتلىك ئەنۋەر هوشۇر، كىچىككەن سالىمىمە-
نى قوبۇل قىلغايسىز. ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە ئىنساپ ـ
دىيانەت هەممىمىزگە يار بولغاي!

(ئاپتور: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



تۇنساگۇل بارات

# يۈرەكتىن تۆكۈلگەن تىلەكلەر

(نەسرلەر)

## كۆز

كۆز ــ ئۇ ھەممىنى كۆرۈشكە قادىر، شۇنداقلا كىشىنىڭ دىل سىرلىرىنى ئاشكارىلاشقا ماھىر.

كۆز ــ ئۇ ئادىل گۇۋاھچى!

مەن نۇرغۇن كۆزلەرنى كۆردۈم:

مەن چوڭقۇر مېھىر ـ ۋاپا ۋە قايناق ھېسسىيات سىڭگەن پاك كۆزلەرنى كۆردۈم.

مەن چولپاندەك نۇرلىنىپ، ئۇقچۇپ تۇرغان بۇلاق سۈيىدەك كۈلۈپ تۇرىدىغان ئويناق كۆزلەرنى كۆردۈم.

مەن دېڭىزدەك چوڭقۇر سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ۋە ئىنتىزارلىق يېنىپ تۇرىدىغان سۈزۈك كۆزلەرنى كۆردۈم.

مەن كېچە جىمجىتلىقىدەك ئېغىر خىياللار بىلەن تولغان، ئازاب ۋە نائىلاجلىق بىلەن مۆگىلانغان غەمكىن كۆزلەرنى كۆردۈم.

مەن مەردلىك، ساخاۋەت ۋە ساداقەت بىلەن چاقناپ تۇرىدىغان مەغرۇرانە كۆزلەرنى كۆردۈم.

مەن ئىمان ۋە ئېتىقاد دەپسەندە قىلىنغان ئىپلاسلىقلارغا گۇۋاھ بولغان خۇنۇك كۆزلەرنى كۆردۈم.

مەن باشقىلارنىڭ شادلىقىدىن ئۆرتىنىدىغان، ھەسەت بىلەن تويۇنغان كۆزلەرنى كۆردۈم.

مەن كۆيۈمچانلىق ۋە سەممىيلىك يېغىپ تۇرىدىغان مېھرىبان كۆزلەرنىمۇ كۆردۈم.

مەن خۇشامەت تەخسىلىرىدىكى ھارام نېمەت ئالدىدا ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئېسەنكىرىگەن كۆزلەرنىمۇ كۆردۈم.

مەن پۇشايمان ۋە ئۆكۈنۈش ھەم ئارمان بىلەن تولغان ئۈمىدسىز كۆزلەرنىمۇ كۆردۈم.

مەن خورلۇق ئىسكەنجىسىدە پۇچىلانغان، قانلىق ياش بىلەن تولغان ھەسرەتلىك كۆزلەرنىمۇ كۆردۈم.

مەن قەلبىدىكى قارىلىقنى ئىسيات بولۇپ، قارىغان كىشىنى شۈركەندۈرىدىغان سوغۇق كۆزلەرنىمۇ كۆردۈم.

مەن مىكىر بىلەن تولغان، دەممۇ دەم نىشان ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئوغرى كۆزلەرنىمۇ كۆردۈم.

مەن زالىملىقنىڭ، تۇزكورلۇقنىڭ شاھىدى بولغان غەزەپلىك كۆزلەرنىمۇ كۆردۈم.

مەن شەھۋەت بىلەن تىكىلىدىغان بىھايا كۆزلەرنىمۇ كۆردۈم،

مەن مەنمەنلىك بىلەن نەنەنە قىلىدىغان تەكەببۇرانە كۆزلەرنىمۇ كۆردۈم.

كۆز ــ ئۇ ئادىل گۇۋاھچى!

كۆز ــ ئۇ ھەممىنى كۆرۈشكە قادىر، شۇنداقلا كىشىنىڭ دىل سىرلىرىنى ئاشكارىلاشقا ماھىر.

كۆز ــ ئۇ جىنايەتكار.

كۆز ــ ئۇ خىيانەتكار.

ئەي، كۆز!

ئەي كۆز، مەن يەنە قانداق كۆزلەرنى كۆرەرمەن؟!...

## سۆيگۈ نەزمىسى

سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ساڭا دۇنيانى تونۇتىدۇ.

سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ساڭا مۇھەببەت ۋە نەپرەتنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

سۆيگۈ ـ مۇھەببەت گاھىدا سېنىڭ كۆزلىرىڭنى نۇرلاندۇرسا، گاھىدا يۈرەك سېزىملىرىڭنى خىرەلەشتۈرىدۇ.

سۆيگۈ ـ مۇھەببەت گاھىدا سېنى مەڭگۈ يېڭىلمەس كۈچكە تويۇندۇرسا، گاھىدا ساڭا ئەلەم يۇراقلىرىنى چېچىپ تۇرغان ئازاب گۈللىرىنى تەقدىم قىلىدۇ.

سۆيگۈ ـ مۇھەببەت گاھىدا سېنى كۆكتە پەرۋاز قىلدۇرسا، گاھىدا سېنى دېڭىزلارغا چۆكتۈرىدۇ ۋە ياكى

يۈرىكىمنى لەختە ـ لەختە قان قىلىدۇ.

سۆيگۈ ـ مۇھەببەت گاھىدا سېنى ئۈمىد مەنزىللىرىگە يېتەكلىسە، گاھىدا سېنى ھاڭلارغا ئىتتىرىدۇ؛ گاھىدا سېنى سۆيگۈ گۈلزارلىقىدا سەيلە قىلدۇرسا، گاھىدا ساڭا تۈرلۈك مۈشكۈلاتلاردىن سىناق سوئاللىرىنى سۇنىدۇ؛ گاھىدا سېنى شېرىن چۈش قوينىدا ئەللەيلەتسە، گاھىدا قاباھەتلىك چۈش بىلەن يۈرىكىڭنى مۇجۇيدۇ.

سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، سېنىڭ ئادىمىلىكىڭنى قايتىدىن تاۋلاپ چىقىدۇ.

ئىنسانىنىڭ چىن سۆيگۈسى ئەمگەك مېۋىسى بىلەن ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ.

### تىلەك

ئەي ھاياتنى سۆيگۈچى ئىنسان، سەن ئۇلۇغ! سېنىڭ ئۇلۇغلىقىڭ ــ ھاياتلىق يولىدا توختىماي ئىزدەنگەنلىكىڭ ۋە كۈرەش قىلغانلىقىڭدا.

ئەي سېخىي ئىنسان، سەن قەدىرلىكسەن! سېنىڭ قەدىرلىكلىكىڭ ــ مېھىر ـ مۇھەببىتىڭنى باشقىلارغا بەخت يارىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلغانلىقىڭدەك سېخىيلىقىڭدا.

ئەي بارلىق مەۋجۇدىيەتنى ئۆزگەرتكۈچى ۋە بەرپا قىلغۇچى ئىنسان، سەن قۇدرەتلىكسەن! سېنىڭ قۇدرەتلىكلىكىڭ ــ ياشاش ئۈچۈن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئىلگىرىلىگەنلىكىڭدىدۇر.

ئەي، ھاياتلىق يولىدىكى ئىزدىنىشلىرىڭنىڭ مېۋىسىنى تەقدىم ئېتەلىگەن ئىنسان، سەن بەختلىك!

سەن، ياراتقان مۆجىزىلىرىڭنىڭ چەكسىز مەنىۋى لەززىتىنى يۈكسەك ۋىجدان ساپلىقى بىلەن، مەمنۇنىيەت ۋە جىمجىت تەپەككۇر ئىچىدىكى خاتىرجەملىك تۇيغۇسىدا ھېس قىلالىغىنىڭ ئۈچۈن بەختلىكسەن.

سەن دانىشمەنلەرنىڭ تەپەككۇرىدىن، ئىنسانلارنىڭ ئەقىل يۈكسەكلىكىدىكى ئۆلمەس ئابىدىلەرنى تونۇپ، ئۆز قەدىر ـ قىممىتىڭنى بىلەلىگىنىڭ ئۈچۈن بەختلىكسەن.

سەن يۈرىكىڭنى لەرزىگە سالغان زەپەر قەسىدىلىرىنى ئەقىل جاۋاھىراتلىرى بىلەن يەكۈنلەپ، تارىخ مەدھىيىسىگە تاپشۇرالىغىنىڭ ئۈچۈن بەختلىكسەن.

سەن شېرىن سەھىپىلەر ئىچىدىن گۈزەللىكنى سېزەلىگىنىڭ ئۈچۈن بەختلىكسەن، تاقەتسىزلىك ئىچىدىن ئۆزۈڭنى قۇتۇلدۇرۇپ، قىسمەتلەر دۇنياسىدا گاڭگىرىماي ياشىيالىغىنىڭ ئۈچۈن بەختلىكسەن!

ئەي ئىنسان، يېگى ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىڭدىن تىزىلغان ئارمان گۈللىرىڭ، ئۈمۈز بېغىڭدىن ئۈمىد كەپەڭنىڭ خىلۋەت جايلىرىغىچە خۇشپۇراق چېچىپ تۇرۇپتۇ. سەن خىيالىڭدا، جىلۋىلىنىپ تۇرغان ئۈمىد شولىسىغا مىنگىشىپ، گاھ بۇلۇتلار ئۈستىدە موللاق ئېتىپ، گاھ يۇلتۇزلارغا چاقچاق قىلىپ يۈرۈۋاتىسەن.

ئەي ئىنسان، ھاياتلىق ھېكمىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىڭنىڭ ئەمگەك مېۋىسى تاڭ سەھەردىكى يورۇقلۇقتەك، قەلب ئالىمىڭنى نۇرلاندۇردى. سەن ئىنسانىنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى بىر ئۇلۇغ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى، مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولۇپ ـ تاشقان بۇ دۇنيانىڭ سەن ئۈچۈن بىر ئىللىق ماكان ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكىنىڭدە، چىرايىڭدا تەبەسسۇم پارلىدى، ھەۋەس شامىلىنى ئۆچۈرگەن روھىڭ تېتىكلەشتى، بۇرچ تۇيغۇسى باسقان يەلكەڭ ئېگىلىپ، جىسمىڭ تىترىدى.

ھايات ــ ئىزدىنىش دېمەكتۇر.

ئۈمىدسىزلىك ۋە قورقۇنچاقلىق ئىنساننى نابۇت قىلىدۇ.

غەمخانە قەلبىم پۇچىلانغان ھالدا ئېيتىمەنكى، يۈرىكىمدىن تۆكۈلگەن ھەر بىر ئىزگۈ تىلەكلەر مىسكىن قەلبلەرگە مەلھەم، ئۈمىدسىزلەرگە ئىلھام بولالىسا ئەجەب ئەمەس!

(ئاپتور: پوسكام نېفىت بازىسى سېتىش بۆلۈمىدە)

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

**ئەركىن داۋۇت ئوغۇز**

# ئاچچىق كۆلكە، ياڭراق كۈي

### گۈل گۈلنىڭ قاياشى

گۈللەرنىڭ كۈلۈمسىرىشى، مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ خۇش ھىد چېچىشى، يۇمران بەللىرىنى تولغاپ نازلىنىشى، بۇلبۇلنى مەھلىيا ئەيلەپ يۈرەك باغرىنى پارە ـ پارە قىلىشى كىشىگە تولىمۇ سىرلىق، تولىمۇ سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ئاق كېپىنەك، چار كېپىنەك، سېرىق، كۆك كېپىنەكلەر گۈللەرنىڭ لەۋلىرىگە سۆيۈپ، شېرىنلىك قاينىمىغا چۆمۈلۈپ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئىلكىدە توختىماي ئۇچۇشۇپ يۈرگىنى يۈرگەن.

سىز نەگىلا بارماڭ، ھەممە يەردە تالاي ـ تالاي گۈللەرنى كۆرەلەيسىز. قاراڭ، بۇ يەرنىڭ دالىلىرى گۈل، باغلىرى گۈل، تاغلىرى گۈل، كىشلەرنىڭ ھويلا ئارامىلىرى گۈل، چېھرى گۈل، مېھرى گۈل، قولى گۈل، قىزلارنىڭ ئىسمىمۇ گۈل، گۈللەرنىڭ سەرخىللىقىدىن كۆزلەرنىڭ قاماشقىنىنى دېمەمسىز! ئەنە چىمەنگۈل، لەيلىگۈل، باھارگۈل، ئايگۈل، ... ھاي ـ ھاي، بۇ گۈللەرنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىكەن!

گۈل ھەققىدە گەپ بولدىمۇ، ھەممە ئادەمنىڭ زوق ـ شوخ بىلەن گۈلنى مەدھىيلىگىنى مەدھىيلەگەن. شۇنداقتىمۇ «كۈلكىنىڭ يىغىسى بار، باھارنىڭ يامغۇرى» دېگەندەك، گۈلنىڭمۇ دۈشمىنى بولىدىكەن، بۇنىڭدىن ھەيران قالماڭ. گۈلنىڭ كۈشەندىلىرى خۇددى گۈلگە مەھكەم چاپلىشىپ، گۈلگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن گۈلنىڭ يوپۇرمىقىنى، يىلتىزىنى يەپ، ئۇنى سولاشتۇرۇپ قۇرۇتقان.

گۈل گەرچە زىيانلىق بولمىسىمۇ، نېمىشقىكىن بەزى ئادەملەر ھاشارەتلەر بىلەن بەسلەشكەندەك، يۈرىكىنى تاشتەك قىلىپ، گۈللەرنى ۋاقىتسىز ئۈزۈپ تاشلىۋېتىدىكەن، دەسسەپ چەيلەيدىكەن، ئۇنىڭغا تۈكۈرىدىكەن. مۇشۇلارنى كۆرگىنىمدە ياكى بۇ توغرىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغىنىمدا بىر قىسىملا بولۇپ قالىمەن. غەزىپىم ئۆرلەپ، سەپرايىم تۇتۇپ، چىشلىرىم كىرىشىپ، مۇشتۇمۇم ئۆزلۈكىدىن تۈگۈلۈشكە باشلايدۇ.

گۈلگە كۈلۈمسىرەپ قارىغانلارنىڭ ھەممىۋاسىنى گۈل شەيدالىرى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا گۈلنى ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيىدىغانلارمۇ، گۈلگە سوغۇق نەزىرى بىلەن قارايدىغانلارمۇ، گۈلنى ئەزىزلەپ سۆيىدىغانلارمۇ، گۈلگە زىيانكەشلىك قىلىدىغانلارمۇ، گۈلسىز ياشىيالمايدىغانلارمۇ، گۈلنى كۆرسە قويقا چېچى تىك تۇرۇپ، ئەرۋاھى كەربالانىڭ چۆلىگە ئۇچىدىغانلارمۇ بار، ئەلۋەتتە.

ئاھ، باھارگۈل، تاجىگۈل، شاھىگۈل، سىلەر مېنىڭ قەلبىمدىكى گۈل. گۈل گۈلنىڭ قاياشى، ئىتنىڭ گۈللۈكتىن ئۆتكىنى گۈلنى مۇھاپىزەت قىلغىنى بولماستىن، ھاجەت ئۇچۇن جاي ئىزدىگىنى، خالاس.

## سۆيگىنىم

سۆيۈلۈش ـ سۆيۈش خۇددى گۈللەرنىڭ چاڭلاشقىنىغا ئوخشايدۇ، ئۇ كىشىنى خىياللار دېڭىزىغا غەرق قىلىپ، غايىۋىلىك ئالەمدە سەيلى قىلدۇرىدۇ، ھېسسىيات پىلتىسىغا ئوت يېقىپ، يۈرەك قەلئەسىنى خۇمدانىغا ئايلاندۇرىدۇ، سۆيگۈ كەچۈرمىشلىرىنى ئەسكە سېلىپ سۆيگۈ باياۋانلىرىدا سەرسان قىلىدۇ.

ئويلاپ باقسام، سۆيگۈ ئىزدەپ سۆيگۈ چۆلىگە راۋان بولغانىدىم، سۆيگۈ چۆلىدە شىردەك ھۆركىرەپ، ئىلھام بۇلىقىدا بېلىقتەك ئۈزۈپ سۆيگۈ تاپقانىدىم، مانا بۇ مېنىڭ سۆيگىنىم ئىدى. سۆيگىنىملا ئەمەس، ئىچ ـ ئىچىمدىن كۆيگىنىم ئىدى. نېمە بولدىكىن تاڭ، ئېسىمدە يوق، سۆيگىنىم مېنى تاشلاپ كېتىپتۇ، شۇنچە قىلىپمۇ خەۋىرىنى ئالالمىدىم. كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، سۆيگىنىمنى گويا قىش كۈنى بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىنى سېغىنغاندەك سېغىنىپ كەتتىم، يۈرىكىم ئوتتا كۆيگەندەك ئېچىشىپ، بىئارامىلىق جىسمىمنى ھەردەك چېقىپ بىزار قىلىۋەتتى. تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن بولساممۇ، سۆيگىنىمنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى، ئاھ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

تاقىتىم تاق بولدى، غەزىپىم سەۋرى قاچامغا لىق تولدى، ئاخىرى سۆيگىنىمنى ئىزلەشكە باشلىدىم، تەرەپ ـ تەرەپكە نەزەر تاشلىدىم، قوي كۆزۈمنى ياشلىدىم، ئۆستەڭ بويلىرىدىن، باغچىلاردىن، ئۈزۈمزارلىقتىن تاپالمىدىم. چىشىمنى چىشىمغا چىشلەپ ياستۇققا باش قويغان بولسامىمۇ، بەئەينى ئىچىمنى مۈشۈك تاتىلىغاندەك تولغىنىپ ياتالمىدىم، توساتتىن چالا ـ پۇلا چۈش كۆرۈپتىمەن. «سۆيگىنىمنى ئېزىتقۇ شەيتان يۇلتۇزدەك جۇلالىنىپ، دۇلدۇلدەك كىشنەپ، تۇزدەك رەڭلىنىپ ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاپتۇ ـ دە، قول، پۇتىنى ھېيلە زەنجىرى بىلەن كىشەنلەپ، ئەيش ـ ئىشرەت كوچىسىدا لەيلىتىپ، ھاماقەتلەر كوچىسىدا سەيلىتىپ، ھېيلىگەرلىك كوچىسىغا تاشلاپ قويۇپتۇ.

ئۇنىڭ خۇلق ـ مىجەزى ئىلگىرىكىگە ئوخشىماي قالغانىدى. ئۇنىڭ كۈلۈشلىرىگە ھەممە ئادەم ھەيرانۇ ھەس بولۇپ ئىشلىرىدىن قالاتتى، ئۆتكۈر چىشلىرىنى كۆرگەندە يولۋاسنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قۇتقۇزالماي قالغان توشقاندەك دىر ـ دىر تىترەيتتى، ئۇنىڭ چولپاندەك كۆزى يەكچەشمىنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ قالغانىدى، بۇ ئورا كۆزدىن ھەممە قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. سەن مېنىڭ پالان نەرسەمنى كۆرمىدى دېگىنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ كۆزى كۆرمەيدىغان نەرسە تولىمۇ ئاز ئىدى، يەتتە قات يەرنىڭ ئاستىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلەيتتى. ئۇنىڭ ئاغزىنى دېمەمسىز تېخى، ئۇنىڭ تۈگمىدەك ئاغزى بالادەك يوغىناپ، بىر كالپۇكى ئاسماننى، بىر كالپۇكى يەرنى سۈپۈرۈپ ماڭاتتى. بۇ خۇددى ئەپسانىلەردە ئېيتىلغاندەك، زامانە ئاخىر بولغاندا دەججال ئاسمانۇ يەرنى يالماپ ماڭارمىش، مانا بۇنىڭ ئۆزى قىيامەت قايىم دېگەندەك ئىش ـ دە. قىسمەتلەر مۇئەككىلى ئۇنىڭغا راستىنلا كارامەت ئاتا قىپتۇ، ئۇنىڭ كارامەتلىرىگە

ئەقلىم يەتمەي، نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتىمەن، ئۇ بىر پىرقىراپ غايىپ بولۇپ كەتتى.

ساغلىقتىن ئايرىلغان قوچقاردەك چىداپ تۇرالماي سۆيگىنىمنى قايناق بازاردىن ئىزدىدىم. ئۇ دۆۋە ـ دۆۋە پۇللار ئارىسىدا مىتە قۇرۇتتەك ئۈمىلەپ، ئاغزىنى كوپىقاپنىڭ ئېغىزىدەك ئېچىپ، غىل ـ پال كۆرۈنگەندەك قىلدى، خۇشاللىقىمدىن تېنىم يايراپ «سۆيگىنىم مانا مەن، سۆيگىنىم مانا مەن» دەپ چاقىردىم. ئەمما ئۇ مېنىڭ چاقىرىشلىرىمغا قۇلاق سالمىدى، قۇلاق سېلىشقىمۇ ۋاقتى يەتمەيتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ قۇلىقى سېمونت، خىش ۋە باشقا ماتېرىياللار بىلەن چىڭداپ ئېتىۋېتىلگەنىدى. بۇ هال ئۇنىڭ قۇلىقىنى ئاڭلىماس، كۆزىنى كۆرمەس قىلىپ قويغان.

مېنى قورقۇنۇچ باستى، چاچلىرىم تىك تۇرۇپ، بەدەنلىرىم شۈركىنىپ كەتتى. سۆيگىنىم نادانلىق تورىغا چىرمىلىپ قۇم ئۈستىگە قوپۇرۇلغان شۆھرەت بىناسىدا قورسىقىنى گلوبۇستەك چىقىرىپ نازۇ ـ نېمەتلەر ئارىسىغا چۆكۈپ كەتتى. ئىشلار كۆڭلۈمدىكىدەك بولماي چىقتى، كەشمىنى توغرىلاپ كەلگەن يولۇمغا راۋان بولدۇم. خىيال ئېكرانىمدا نەچچە يۈز مىڭلىغان قوللار سۆيگىنىمنىڭ گېلىنى سىقىپ، ئۇنى قوسۇشقا مەجبۇرلاۋاتقاندەك، بىر خىل كۆرۈنۈش ئەكس ئەتكەندەك بولدى، چۆچۈپ كەتتىم.

## ناخشا

هەر كىمنىڭ قەلبىدە ئۆزىگە خاس ناخشا بولىدۇ، ئۇ ناخشىغا هەر كىمنىڭ شادلىقى، قايغۇ ـ هەسرىتى سىڭىپ كەتكەن، خۇددى باهار يامغۇرى تاغلارغا، باغلارغا، پايانسىز دالا، قىشلاقلارغا سىڭىپ كەتكەندەك. شۇڭا، لىرىك تۇيغۇلارنىڭ كۆرۈنمەس زەمزەم سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغان گۈزەل، سىرلىق ناخشىلارنى گۈللەرنىڭ قېتىدىن، دەريا شاۋقۇنىنىڭ ئەۋجىدىن، شەبنەمدە يۇزىنى يۇيۇپ كۈلگەن بېدىلىكتىن، بۇك ـ باراقسان سۇۋادانلىقتىن، ئاپئاق نۇر چېچىپ يالتىرىغان پاختىزارلىقتىن، ئالتۇنرەڭ چەشلەرنىڭ ئارىسىدىن تاپقىلى بولىدۇ. بۇ زېمىن ئاشۇ ئۈمىد، ئارزۇ ـ ئارمانلار يېلىنجاپ تۇرغان تالاي ـ تالاي ناخشىلارنى تارىختىن ـ تارىخقا هەدىيە ئەيلەپ، ئەجدادنى ئەۋلادقا تونۇتقان.

«ئېلىپ كەتكىن ناخشامنى، مەهەللەڭگە، ئۆيۈڭگە» دېگەندەك، كىشىلەر چىن سۆيگۈسىنى، ساداقىتىنى، ئىلتىجا، تەلپۈنۈشىنى يۈرەكنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قېتىدىن خۇددى فونتاندەك ئېتىلىپ چىققان ناخشىسى ئارقىلىق ئىزهار قىلىدۇ. بۇلاق سۈيى دەريا، ئېقىنلارغا قېتىلغاندەك ناخشىلارغا ناخشىلار قوشۇلۇپ، غايەت زور كۈيلەر بەلۋېغىنى هاسىل قىلىدۇ.

ناخشا مەدهىيىلىگۈچى بىلەن مەدهىيىلەنگۈچىنىڭ قەلب زېمىنىدا ئۈنۈپ چىققان چوغلۇق. ئۇ چوغلۇق سېنى، مېنى، هەممىنى ئۆزىگە مەهلىيا ئەيلەپ، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق سوغۇقىنى، مۇهەببەت ـ نەپرىتىنى، ياخشى بىلەن يامانىنى گويا تەبىئەتنىڭ ئەركە شاملى بۇغداي بىلەن سامانىنى ئايرىغاندەك ئايرىپ، ئىنسان بالىسىنىڭ ئادەملىك غۇرۇرىنى ئۇلغايتىپ، ئۇنى هەققانىيەت مۇنبىرىنىڭ رىقابەت سەهنىسىگە باشلاپ كىرىپ، دادلىشىپ قالغان ئەقىل پىچىقىنى پارقىرىتىپ ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ.

ناخشا چەكسىز سۆيۈنۈش، قەتئىي ئىشەنچ، كۆچكۈك ئەقىدىنىڭ دەريا دولقۇنىدەك تاشقىنلىشى، ۋولقاندەك پارتلىشى بولۇپ، ئۇ ئادەمگە قانداق ياشاشنى، كۆتۈلمىگەن بالا ـ قازادىن ساقلىنىشنى، زالىم قارا نىيەتلەردىن هەزەر ئەيلەپ، سەگەك تۇرۇشنى ئاگاهلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. هەر بىر ناخشىدىن قىزلارنىڭكىدەك نازۇك كۆلۈمسىرەشنى، بۇۋاقنىڭ كۆزىدىن تارقالغان نۇر ئېقىمىنى، يارا ئېغىزىدىن ئېتىلىپ چىققان زەرداپ قانلارنى، قەهرىمانىنىڭ جاسارىتىنى، خۇشاللىقتا يانداشقان دەرد ـ ئەلەملەرنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ناخشا بەزىدە شۇنچە نازۇك، شۇنچە لىرىك، شۇنچە قايناق بولغىنى بىلەن، بەزىدە ئۇ بوراندەك قوپال ۋە كۈچلۈك، قىلىچتەك ئۆتكۈر هەم سۇرلۇك. شۇڭا، ناخشا بەزىلەرنى ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال قىلىپ ئۇمىدلەندۈرسە، بەزىلەرنى هۆر ـ هۆر يىغلىتىپ، يۈرىكىگە خەنجەردەك سانچىلىدۇ، غالچىلارنى ياپراقتەك غال ـ غال تىترىتىپ، ئۇنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇيدۇ، پارىخورلارنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ، كۆڭلىنى ساراسىمىگە سالىدۇ. قارا نىيەتلەرنىڭ ئىچىنى قىزىلمۇچتەك ئېچىشتۇرۇپ، قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىگە پۇشايمان قىلدۇرىدۇ.

ناخشا ئىچىدە ناخشا بولىدۇ، ناخشىنىڭ ياخشىسى مەڭگۇ قېرىمايدۇ، خۇددىي توغراقنىڭ يىلتىزى قېرىمىغاندەك. شۇڭىمۇ ناخشىلاردىن ناخشىلار تۆرىلىپ ئىنساننىڭ قەلب زېمىنىدا كۆكلىگىنى كۆكلىگەن.

ناخشا هەقىقەتكە ئايلىنىپ كەتكەن تارىخ. بۇ تارىخنى سۇپۇرگە بىلەن سۇپۇرۇپ تاشلىغىلى، ئوتتا كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرغىلى، دەرەختەك كېسىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ بېدىدەك ئورۇپ تاشلانسىمۇ، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي كۆكلىگەندەك كۆكلەۋېرىدۇ.

(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا)

تەهرىرى: **تۇرسۇنجان مۇهەممەت**

ئادالەت ئابدۇرېھىم

# نەسرلەر

## كۈتۈش

سەن مېنى ئىزلەۋاتامسەن؟

مەن سېنى كۈتىۋاتقىلى ئازكەم بىر ئەسىر بولغان مۇشۇ پەيتتە، سېنىڭ مېنى ئىزلەپ يۈرگەنلىكىڭ نەقەدەر كۈلكـلىك ـ ھە؟ ئىچ ـ ئىچىمدىن تىلغىنىپ، ئۆز ـ ئۆزۈمگە بوغۇلۇپ يۈز يىل تەقەززالىق مۇساپىسىنى باستىم. قانلىرىم زەرداپ بولدى. كۈلۈش ياكى يىغلاشنى بىلمەيدىغان بۇرۇقتۇم ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم. جاراھەتلىك قەلبىمدىن سىرغىۋاتقان ناۋاتىلسىز قالدى. سېنىڭ قەدەملىرىڭ يۈز يىلدىمۇ يۆتكەلمىدى. مانا ئەمدى مەن كۈتۈشتىن يالتايغان ۋاقتىمدا، سەن مېنى ئىزلەپ يۈرەمسەن؟

كۆزلىرىم نۇرىنى يوقاتتى. ئەگرى ـ بۈگرى قورۇقلار پېشانەمگە ئىز سالدى. خۇشناۋا كۈيلەر ۋۇجۇدۇمدىن ئۇچۇپ كەتتى. پاراسەت خانەم قاراڭغۇلىشىپ، دىلرەبا ناخشىلار توختاپ قالدى. سەن ئاشۇ كونا جايدا پەقەت بىر يىل ساقلىيالىساڭ، يىللاپ كۈتۈشلەرنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىپ باقساڭ، ئىمجان قىياپىتىمگە سوئال قويمايسەن. ئېھتىمال مېنى كۆرگىنىڭدە، «سەن كىم؟» دەپ سورارسەن. سەن بىر يىل كۈتۈپ باققىنىڭدا، شامال بولۇپ دېمىقىڭغا ئۇرۇلسام، ئاچچىق ھىدىمنى تونۇۋالغۇدەك بولارسەنمۇ؟ قۇندۇزدەك چاچلىرىڭنى سىلىسام، كىمنىڭ بارماقلىرىدۇ بۇ، تونۇشلا قول، دەپ ھەيران بولارسەنمۇ؟ پەقەت بىر يىل، بىر يىللا كۈتۈپ باققىن، قانداق؟

## ھاياتلىق يولى

پۇشايماننىڭ قۇرۇقدالغان قاچىسى مېنى ھېسسىيات تىلەمچىسىگە ئايلاندۇردى. مەن بىچارىلەرچە ئاھ ئۇرۇپ، قولدىن كەتكەن ئەنگۈشتەرىم ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدىم.

ئازاب ۋە ھەسرەتنىڭ ئاچچىق نادامىتى مېنى بىخۇتلاشتۇردى. مەن ئاق ـ قارىنى ئايرىلاشتۇرىۋېتىدىغان، قارغۇلارچە ئىش بېجىرىدىغان نادانغا ئايلاندىم.

مۇھتاجلىقنىڭ ئاچچىق نىداسى مېنى جۆشكۆنلەشتۇردى. مەن ئۆز خاقانلىقىمدا باشقىلارغا يالىنىپ قالدىم.

مۇساپىرلىقنىڭ يارامسىز قوللىرى تەتۈر شاپىلاق بىلەن مېنى ئۇرىۋەتتى. مەن ناتونۇش كوچىلاردا ناتونۇش كۆزلەرگە تەلمۈردۈم.

مۇھەببەتنىڭ سىرلىق ۋەسۋەسىسى مېنى ئالجىتتى. چىن ئەقىدە بىلەن كەشتىلەنگەن كۆڭلۈم سادالاردىن يىراقلارغا تاشلاندى. سەممىيەت ۋە ۋاپادارلىققا تەقەززا بولۇپ، كۆيگەن قاناتلىرىمنى پالاقشىتىپ، ھازازۇل ئايالغا ئايلىنىپ قالدىم.

ئادەملەر مىغىلدىشىپ يۈرگەن قىستاڭچىلىق كوچىلاردا غېرىبلىق باستى. نازۇك تۇيغۇلىرىمغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى. يۈرىكىم تەكتىدىكى ناۋالىرىمغا ھېچكىم قۇلاق سالمىدى. يالغۇزلۇقنىڭ گادىرماش ئوي ـ خىياللىرى مېنى چاڭقاتتى.

مېھرىبانلىق ئارىلىدا سەدەپ ئىزلەپ سەرسان بولدۇم. سۇلارنىڭ ئاپئاق بۇژغۇنلىرى مېنى ئازدۇردى. چايكىلارنىڭ پالاقلاشلىرى ھېسسىياتىمنى داۋالغۇتىۋەتتى.

مەن سەرسانلىق كوچىسىنىڭ بۇلۇڭىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ، شۇنداق خىيالغا پاتتىم: «ئۆزىنى تونىمىغان ئادەم، ئاسانلا ھالاك بولىدۇ».

## كۆيۈمچانلىق

سەن راستىلا ئۆز پۇشتۇڭغا كۆيىنەمسەن؟ ھەقىقەتەن شۇنداق بولسا، ئۇنى كۆز قارچۇغادەسسىتىپ، مۇھتاجلىق كوچىلىرىدا دوزاخ ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ، بالا پەرۋىشى ئۈچۈن ئوتتا چۈچۈلا بولۇشنى، سۇدا ئېقىپ كېتىشتىن ئىليانماي كېچىنى ـ كۈندۈزگە ئۇلاپ ياشاۋاتقان ئايالىڭنى خەس ئورنىدا كۆرمىگەن بولاتتىڭ.

ئەگەر راستىنلا پەرزەنتىڭگە مېھرىڭ بولىدىغان بولسا، تۇرمۇشنىڭ ئېزىلقۇ تېپىشماقلىرى ئارىسىدا ئۇنى بىناۋا قىلماي، ئۇنىڭغا ھاياتلىق يولىدىكى ئەڭ ئالىيتە نۇرنى ـ مۇھەببەت نۇرىنى سۇنغان، ئۇنىڭ ھىجران قاقاسلىقىدا چاڭقىغان ۋۇجۇدىغا زەمزەم سۇنغان بولاتتىڭ.

راستىنلا پەرزەنتىڭنى ياخشى كۆرىدىغان بولساڭ، ئائىلەڭنى مالامەت كوچىسىدا سەرسان قىلمىغان. ئۆزۈڭنىڭ ئازغىنە كۆڭۈل خوشلۇقى ئۈچۈن ئەمدىلا يورۇق دۇنيانى تونۇۋاتقان يۇمران بىخلارنى، ھاياتنىڭ لەززىتىنى تېتىپ باقمىغان يانچىلغان غۇنچىلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەيرانلىق كوچىسىغا ئىتتەرمىگەن بولاتتىڭ. ئۆزۈڭنىڭ بىر ۋاخ تىلمىقى بىر كۈن كۈنۈڭنىڭ ياخشى ئۆتۈشى ئۈچۈن ئەمەس، ئائىلەڭنىڭ ئەتىسى، ئۆگۈنى ئۈچۈنمۇ باش قاتۇرغان بولاتتىڭ.

ئەگەر راستىنلا بالاڭنى ياخشى كۆرىدىغان بولساڭ، بالا يوچۇن مەقسىتىڭنىڭ ۋاستىسى ئەمەس، گۈل ئارمانلىرىڭنىڭ ئوبيېكتى بولاتتى. ئۇنىڭ بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان ھاياتلىق زەمزىمىدىن بەھرىلىنىشكە قاراپ ھۇزۇرلانغان، ئانىسى باغرىدا ئەركىلەشلىرىدىن سۆيۈنگەن، قىقىراپ يىغلاشلىرىدىن تەسىرلەنگەن، نۇر ئۇقچۇپ تۇرغان ۋۇجۇدى ئۈچۈن بارلىقىڭنى بېغىشلاشقا تەييار تۇرغان بولاتتىڭ.

(ئاپتور ئېيكشەھەر ناھىيىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدا)

تەھرىرى: **داۋۇت ئادىل**



مەمتىمىن رەجەپ نەشتەرى

# يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش

(فېليەتون)

بەزمىخانىغا ئوت كەتتى. كۆيۈپ ئۆلگەن، يارىلانغانلارنىڭ سانى تېخى ئېنىق ئەمەس. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان رەھبەرلەر بۇ ئىشقا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، دەرھال نەخ مەيداندا پەيدا بولۇپ، ئوت ئۆچۈرۈش، قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلدى. نەچچە كۈن ئالدىدا كەسپىي خادىملار كېلىپ تەكشۈرۈپ، ئوت ئۆچۈرۈش ئەسلىھەلىرى تولۇق، مەسىلە چىقىش ئېھتىمالى يوق، دېگەنىدى.

ئورمانلىققا ئوت كەتتى. كۆيگەن ئورماننىڭ كۆلىمى 400 گېكتاردىن ئاشىدۇ. لېكىن، ئۆلۈم ـ يېتىم هادىسىسى كۆرۈلمىدى. رەھبەرلەر بۇنىڭغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، دەرھال ئوت كەتكەن جايغا كېلىپ، ئوت ئۆچۈرۈشكە ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ، زىيانىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈردى. بۇنىڭدىن نەچچە ئاي بۇرۇن ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرى ئوت ئۆچۈرۈش ئەسلىھەلىرىنى سېتىۋېلىش توغرىسىدا يۇقىرىغا دوكلات يازغانىدى.

سۇ ئامبىرى يار ئېلىپ كەتتى. نەچچە مىڭ مو زىرائەت، نەچچە يۈز دېھقاننىڭ ئۆيى سۇ ئاستىدا قالدى. رەھبەرلەر بۇنىڭغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، شۇ هامان ئاپەت يۈز بەرگەن جايغا كېلىپ، ئۆلگەن ئادەم، چارۋىلارنى سۈزۈشكە، يوقاپ كەتكەنلەرنى ئىزدەشكە بىۋاستە قوماندانلىق قىلدى. تېخى ئون كۈن ئالدىدا كەسپىي تارماقتىكى مەسئۇل خادىملار ئامبارغا سېلىنىدىغان سۇ مىقدارىنى داۋاملىق كۆپەيتىشنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

سەككىز بال يەر تەۋرەپ ئېغىر تالاپەت پەيدا قىلدى. ئۆرۈلۈپ چۈشمىگەن ئۆيلەر يوق دېيەرلىك بولۇپ، ئاپەت رايونىنى ۋەھىمە، يىغا ـ زارە قاپلىغانىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان رەھبەرلەر «ئاپەت دېمەك ـــ بۇيرۇق دېمەكتۇر» دېگەن ئىدىيىنىڭ تۈرتكىسىدە، بۇنىڭغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئاپەت رايونىغا يېتىپ كېلىپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا نەخ مەيداندا قوماندانلىق قىلىپ، ئۆلگەنلەرنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، يارىلانغانلارنى دەرھال دوختۇرخانىلارغا يۆتكەپ داۋالىتىپ، تېپىلمىغانلارنى ئىزدەش سالمىقىنى ئاشۇردى. بۇ رەھبەرلەر تېخى بۇنىڭدىن بەش كۈن بۇرۇن يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا جىددىي يىغىن ئېچىپ، تۆۋەندىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرغانىدى.

كېچىچە قاتتىق بوران چىقتى. چىققاندىمۇ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سۈپۈرۈپ كېتىدىغاندەك ئەلپازدا شىددەت بىلەن چىقتى. دەرەخلەر يىقىلدى. سىم ـ تاناپلار ئۈزۈلدى. توك، خەۋەرلىشىش، قاتناش توختىدى. بوران نامراتلارنى بۇ زېمىندىن يىراقلا يوق قىلىۋەتمەكچى بولغاندەك، ئۇلارنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالغان غېرىب كەپىلىرىنى ئۇچۇرۇپ كەتتى. يۇم-



ئالىمجان سادىق نامىدىكى

مۇكاپاتلىق فېليەتون

ران زىرائەت مايسىلىرى جەڭدە بېشى كېسىلگەن لەش-
كەرلەردەك جانسىز ياتاتتى. كېلىپ چىققان زىياننى
مۆلچەرلەپ بولمايتتى. بۇ ئىش يەنىلا رەھبەرلەرنى ئارا-
مدا قويمىدى. ئۇلار بۇنىڭغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھە-
مىيەت بېرىپ، ئەتىسى ئەتىگەندىلا بوران ئاپىتى ئېغىر
بولغان جايلارغا دەرھال يېتىپ بېرىپ، ئاپەت ئەھۋالىنى
تەكشۈرۈش، ئېنىقلاشقا ئۆزى بىۋاسىتە قوماندانلىق
قىلدى ھەمدە ئومۇمىي زىياننى پۇلغا سۇندۇرۇپ، ۋاقىتنى
چىڭ تۇتۇپ، يۇقىرىغا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى تەلەپ
قىلىش توغرىسىدا دوكلات يېزىشنى ئورۇنلاشتۇردى.
تېخى ئالدىنقى كۈنى كەچتە ھاۋا رايىدىن بېرىلگەن
ئالدىن مەلۇماتتا «بۈگۈن كېچە ھاۋا ئوچۇق بولىدۇ،
غەيرىي ھاۋا رايى كۆرۈلمەيدۇ» دېيىلگەنىدى.

قاتناش ۋەقەسى يۈز بەردى. ۋەقەدە ئىككى ئادەم
ئۆلۈپ، ئۈچ ئادەم يارىلاندى. شوپۇرنىڭ يارىسى ھەممە-
دىن ئېغىر ئىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان رەھبەرلەر بۇ
ئىشقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، دەرھال ۋەقە
يۈز بەرگەن نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، ۋەقە يۈز بې-
رىشنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۆلگەنلەرنىڭ ئاخى-
رەتلىك ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يارىلانغانلارنى
قۇتقۇزۇش، داۋالاش تەدبىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ بې-
كىتتى. شوپۇر دوختۇرخانىدا قۇتقۇزۇلۇپ، ھايات قال-
سىلا، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئېغىر جازالاپ، باش-
قىلارغا ئىبرەت قىلىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. تېخى
ھەپتە ئىلگىرى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، قاتناش قا-
ئىدىسىگە رىئايە قىلىش، تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ يۈز
بېرىشىنى قەتئىي مەنئى قىلىش توغرىسىدا قاتلامۇ
قاتلام مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالانغانىدى.

جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باقمىغان
ھالدا، نۇرغۇن كۈتۈلمىگەن ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. كې-
لىشمەسلىك ئۆتكەندە رەھبەرلەرگە خەۋەر بېرىپ، ئۇ-
لارنى زىيادە چارچىتىپ يۈرگىچە، ئاۋۋال ئۆز مەسئۇلى-
يىتىمىزنى ياخشى ئادا قىلىپ، ئىشتىن بۇرۇن كۆپرەك
كېلىپ، يوشۇرۇن خەۋپنى تەكشۈرۈپ تېپىپ بېرىشكە
تەكلىپ قىلغان تۈزۈك. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئالدىنى
ئېلىشقا پايدىلىق بولىدۇ. شۇڭا، بىزمۇ ئۇلارنىڭ سالا-
مەتلىكىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، كۆ-
ڭۈل بۆلۈپ تۇرساق، نېمىشقا بولمىغۇدەك!

(ئاپتور: چىرا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ پېنسىيونېرى)

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

## «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ!

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن دوستلار، خاسىيەتلىك يېڭى يىل بىزنى يەنە ئۇچراشتۇرۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. سىز بىلەن نەچچە يىلدىن بىرى ئورنىتىپ كەلگەن دوستلۇق رىشتىمىزنىڭ يېڭى يىلدا يەنىمۇ چىڭىيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمىز. سىز بۇ يىلدىمۇ ژۇرنىلىمىزنىڭ ئىخلاسمەن قوللىغۇچىلىرى — ئاتاقلىق يازغۇچى ـ شائىرلار، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقاتچىلىرى يېڭىدىن يازغان، جەمئىيەتنىڭ قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى ۋە دىيارىمىزنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۈرلۈك ژانىردىكى نادىر ئەسەرلىرىدىن داۋاملىق ھۇ-زۇرلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيسىز. بىز سىزنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجىڭىزدىن چىقالايدىغان ئەڭ ياخشى ئە-سەرلەر بىلەن سىز ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىمىز.

مۇشتەرى بولۇڭ، دوست بۇرادەرلىرىڭىزگە بىز ئۈچۈن خالىس تەشۋىق قىلىڭ، سىزنىڭ ژۇرنىلىمىز ئۈ-چۈن جان كۆيدۈرگىنىڭىز ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھىتى ۋە بالاغىتى ئۈچۈن قىلغان خالىس خىزمىتىڭىز بولۇپ قالغۇسى.

ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى 15 ـ ئۆكتەبىر باشلىنىدۇ، 20 ـ نويابىر ئاخىرلىشىدۇ، پۇرسەت غەنىيمەت، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمىگەيسىز!

ژۇرنىلىمىزنىڭ يەككە باھاسى 5 يۈەن، يىللىق باھاسى 30 يۈەن.

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 26 ـ 58، سىز ھەر قايسى پوچتىخانىلارغا بېرىپ مۇشۇ نومۇرنى دەپ بەرسىڭىزلا ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولالايسىز.

ھۆرمەت بىلەن:

**خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**




# ئەيچىڭ شېئىرلىرىغا تەقرىز

## ئايال ھەيكەلتاراش جاڭ دىيىغا

ئەيچىڭ

قولۇڭدىن ئاقىدۇ چاچلار تالمۇ تال،
جىسمىڭدە ئىز سالغان مېھنەتلىك يىللار،
ئۇ گويا ئۆركەشلىك دولقۇنغا تىمسال.

قولۇڭدىن ئاقىدۇ كۆزلەر يېلىنجاپ،
قاراشلار ھەسرەتلىك، تۆكۈلىدۇ غەم:
جىك - مەھكەم يۇمۇلغان لەۋلەرمۇ شۇ تاپ.

قولۇڭدىن ئاقىدۇ «بىر مەن» تاراملاپ،
مۇبادا، يولۇقسا بەختسىز ھايات،
ئۇزارتىم ئۆمرۈمنى بىر ساڭا ئاتاپ.

## قولۇڭدىن ئاقىدۇ «بىر مەن» تاراملاپ

گوباۋچىن

ئەيچىڭنىڭ ھەيكىلى مېھمانخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا قويۇلغان.

ئۇ ھەقىقەتەن شائىرنىڭ تاشقى قىياپىتى ۋە ئىچكى دۇنياسىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسى شائىرنىڭ ئاق كۆڭۈل قەلبىنى نامايان قىلسا، ئەگىم - ئەگىم قورۇقلاردا شائىر بېسىپ ئۆتكەن جاپا - رىيازەتلەر پۈتۈلىدۇ. كۆز، بۇرۇن، ئېغىزىدىن شائىرنىڭ ساددىلىقى، مۇلايىملىقى، ھەم ئۇنىڭ زېرەكلىكى، ئەقىل - پاراستى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ.

ئەيچىڭ بۇ ھەيكەلنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ دوستلىرىغا: «بۇ ھەيكەل ماڭا ئوخشايدۇ» دەيدۇ. ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ بۇ ھەيكەلنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. دائىم دېگۈدەك ھەيكەلنىڭ ئالدىدا ئۇزاقتىن - ئۇزاق توختاپ تۇرۇپ، سىنچىلاپ قارىشىدۇ، نۇرغۇن دوستلار بۇ ھەيكەل توغرىسىدا شېئىرمۇ يېزىشىدۇ.

بۇ ھەيكەلنى ئايال ھەيكەلتاراش جاڭ دىيى ئەيچىڭگە ئاتاپ، كۆڭۈل قويۇپ ياسىغان. جاڭ دىيى ئەيچىڭنىڭ بىر چوڭ، بىر كىچىك ئىككى ھەيكىلىنى ياسىغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ چوڭ ھەيكەلنى ياخشى كۆرىشىدۇ. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، جاڭ دىيى بىلەن ئۇنىڭ ئېرى مەركىزىي گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، ئەيچىڭ ھەربىي ۋەكىل ئىدى. ئۇلار تونۇشۇپ، بىللە ھەيكەلمۇ ئىشلىگەنىدى. جاڭ دىيى رەسسام، ئاتاقلىق شائىر ئەيچىڭنى تولىمۇ ھۆرمەتلەيتتى، جاڭفىڭنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن جاڭ دىيى ئەيچىڭنىڭ سۈرىتى بىلەن ئالاقىدار ماتېرىياللارنى تېپىپ كېلىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىق قىلىش نەتىجىسىدە بۇ ھەيكەلنى پۈتتۈرىدۇ. ئەيچىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى: «بۇ ئادەم ئىنتايىن ئىستېداتلىق بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ سىياقىدىن بۇنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇ بەكمۇ ساددا ۋە كەمتەر، ئۇ 1957 - يىلى «ئىچكى جەھەتتىكى ئوڭچىل» قىلىنىپ قويۇپ (قالپاق كىيدۈرۈلمەي، ئىچكى جەھەتتە تىزگىنلىنىدىغان ئوڭچىل) شىزاڭغا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە چۈشۈرۈلىدۇ، ئۇ شىزاڭلىقلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئىنتايىن پىششىق، بۇ خىل تۇرمۇش جۇغلانمىسى ۋە تەسىراتى ئۇنىڭ ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتىنى مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە قىلىدۇ، ئۇ ياسىغان شىزاڭ باللىرىنىڭ ھەيكىلى بەكمۇ سۆيۈملۈكتۇر».

1982 - يىلى ئەيچىڭ «ئايال ھەيكەلتاراش جاڭ دىيىغا» ناملىق شېئىرنى يازىدۇ.

شائىر جاڭ دىيىنىڭ پەزىلىتى، خاراكتېرى، بەددىئىي ئىستېداتى، كەچۈرمىشلىرىنى بەكمۇ پىششىق

بىلىدۇ. دېمەك، شائىر جاگدېدىغا ئاتاپ شېئىر يازغاندا، نۇرغۇن نەرسىلەرنى شېئىرغا كىرگۈزەلمەيدۇ. ھەتتا بۇ ھەقتە بىر داستان يازسىمۇ بولىدۇ. ئەمما، ئۇ شېئىردا نۇرغۇن نەرسىلەرنى يازماستىن، بەلكى، ناھايىتى ئۇيدان بىر نۇقتىنى تاللاپ، ئىككەيلەن ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق بىلەن ھېسسىياتنى ئىنتايىن ئىخچام يېزىپ چىقىدۇ ھەمدە جاگدېدىنىڭ بەدىئىي ئۇستىداتىنىمۇ يازىدۇ.

بۇ شېئىر ئايال ھەيكەلتاراش تاراشلىغان شائىرنىڭ ھەيكىلىدىن باشلىنىدۇ. شائىرنىڭ بۇ نۇقتىنى تاللىشى ئورۇنلۇقتۇر. چۈنكى، ھەيكەل ئىككەيلەن ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى باشقا ھەر قانداق سۆزنى ئېيتقانغا قارىغاندا مەركەزلىك، ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ ۋە تېخىمۇ تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. شائىر ھەيكەلدىن قول سالىدۇ، ئايال ھەيكەلتاراشنىڭ قانداق ئىشلىگەنلىكى ھەم بەدىئىي ئۇستىداتىنى بىۋاسىتە يازمايدۇ، شائىر نەزىرىنى ئايال ھەيكەلتاراشنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئوبراز تېخىمۇ كونكرېت، يارقىنلىققا ئىگە قىلىنىدۇ.

پۈتۈن شېئىر 12 مىسرا، تۆت كۇپلېتتىن ئىبارەت، ئالدىنقى ئۈچ كۇپلېتنىڭ بىرىنچى مىسراسى مۇنداق يېزىلىدۇ:

قولۇڭدىن ئاقىدۇ چاچلار تالمۇ تال؛ قولۇڭدىن ئاقىدۇ كۆزلەر يېلىنجاپ؛ قولۇڭدىن ئاقىدۇ «بىر مەن» تاراملاپ. بۇ ئۈچ مىسرانىڭ ھەممىسىدە «قولۇڭدىن» يېزىلىپ، خۇددى كىنولاردىكى ئالاھىدە كۆرۈنۈشلەردەك، قول قايتا ـ قايتا تەكىتلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كىتابخانلار ئايال ھەيكەلتاراشنىڭ ئوبرازىنى ئېنىق ھېس قىلالايدۇ، بۇ يەردە، بولۇپمۇ «ئاقىدۇ» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك. چۈنكى، ئۇ پۈتۈن شېئىرنىڭ كۆزى ھېسابلىنىدۇ، مۇشۇ شېئىرلاشقان تۈيغۇ ۋەجىدىن پۈتكۈل شېئىر جانلىق ھالەتكە كىرىدۇ.

ھەيكەل ئايال ھەيكەلتاراشنىڭ قولىدا بارغانسېرى روشەنلىشىدۇ ۋە جانلىنىدۇ. «قولۇڭدىن ئاقىدۇ چاچلار تالمۇ تال، چېكىدە ئىز سالغان مېھنەتلىك يىللار، ئۇ گويا ئۆركەشلىك دولقۇنغا تىمسال. قولۇڭدىن ئاقىدۇ كۆزلەر يېلىنجاپ، قاراشلار ھەسرەتلىك، تۆكۈلىدۇ غەم؛ چېك ـ مەھكەم يۇمۇلغان لەۋلەرمۇ شۇ تاپ. قولۇڭدىن ئاقىدۇ «بىر مەن» تاراملاپ؛ گۆيۈلدەپ تۇرىدۇ ئۇنىدا تىنىقىم، ئىسسىقىم كېلىدۇ تەپتىمدىن تاراپ» دېگەن مىسرالار بىلەن شائىرنىڭ جانلىق ئوبرازىمۇ نامايان بولىدۇ.

بۇ شېئىر ناھايىتى زور دەرىجىدە يىغىنچاقلانغان بولۇپ، شائىرنىڭ ساددا، ساپ، ئىخچام، يارقىن ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى تولۇق ئىپادىلىگەن دېيىشكە بولىدۇ.

شائىر بۇ تۆت تۇرلۇك تەلەپ ئۈستىدە مۇنداق ئېنىق چۈشەنچە بېرىدۇ:

ساددا بولۇش: ھەشەمەتلىك سۆزلەر بىلەن بوشلۇقنى تولدۇرۇشتىن ئاگلىق ساقلىنىش.

ساپ بولۇش: بىر سەزگۈ ۋە كۆزقاراشنى بىر ھېكمەتلىك ئوبراز بىلەن يارقىنلاشتۇرۇش.

ئىخچام بولۇش: ئۆزى تاللىغان ئاساسى تېمىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تاماملاش.

يارقىن بولۇش: مەجھۇل سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىك، چۈشىنىش قىيىن بولغان ئىدىيىنى يازماسلىق. («مېنىڭ شېئىرغا قويغان تەلەپلىرىم»)

بىز «ئايال ھەيكەلتاراش جاگ دېدىغا» دېگەن شېئىردىن شېئىرغا قويۇلغان بۇ تۆت تۇرلۇك تەلەپنى تولۇق ھېس قىلالايمىز.

شېئىرنىڭ ئاخىرقى ئۈچ مىسراسىنى بەزىلەر ئوخشىمىغان ھالدا چۈشىنىدۇ، ئۇنى قانداق چۈشەنگەندە توغرا بولىدىغانلىقى ھەققىدە جاگدېدى ئەيچىكدىن سورايدۇ، ئۇنىڭغا ئەيچىك ئېنىق جاۋاب بېرىدۇ.

جاگدېدى: «... شېئىرنىڭ ئاخىرقى كۇپلېتىغا قارىتا، بەزىلەردە ئوخشىمىغان چۈشەنچىلەر بار، بىر خىلدىكىلەر بۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى قايتا قوزغالسا پاچاقلىنىدۇ، دېگەنلىك دەپ قارايدۇ، يەنە بىر خىلدىكىلەر بۇ مىسرا باشقىچە مەنىگە ئىگە، دەپ قارايدۇ. سىزنىڭچە ئۇنىڭ مەنىسى نېمە؟ دەپ سورايدۇ.

ئەيچىك جاۋاب بېرىپ: «ئالدىنقى مەنىدە، مۇبادا ھەقىقەتەن مەدەنىيەت ئىنقىلابى قايتا قوزغالسا، يەنە ئوخشاشلا پاچاقلانمامدۇ» دەيدۇ.

(«ئەيچىكنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن بەھرىلىنىش» ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى، جۇڭگو تىنچلىق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشرى)

## ئۈچ تۈپ شەمشاد

ئەيچىك

بىخلىدى ياش شەمشاد شۇنچىلىك يۇمران،
ئاقىدۇ گويا سۇ تامچىغان سىياق.
ھويلىدا چىملىققا تۆكۈلەر شەبنەم،
ھۆل بولۇپ كېتىدۇ باسقاندا ئاياغ.

چۈشىدۇ ئەتىگەن شەبنەمگە قۇياش،
چاقنايدۇ ھەر شەبنەم شۇنچە يالتىراق.
ئۆزدۈم مەن بىر تاللا شەمشاد مېۋىسى،

چاپلاشتى قولۇمغا شۇئان خۇش پۇراق.

## چاپلاشتى قولۇمغا شۇئان خۇش پۇراق

گوباۋچىن

شېئىر جانلىق بولۇشى كېرەك.

ھېسسىيات شېئىرنىڭ قېنىدۇر. ھېسسىياتسىز شېئىر قانسىز جەسەتكە ئوخشايدۇ. شېئىردىكى ھېسسىيات شائىرنىڭ ھېسسىياتىدىن كېلىدۇ. تىل بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، شېئىرنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىدۇ. گەرچە ئۇنى كۆرگىلى، تۇتقىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بىز تىل ئارقىلىق ئۇنى ھېس قىلالايمىز.

چۈنكى شېئىر ھېسسىياتلىق سەنئەتتۇر.

شېئىر شائىر ھېسسىياتىنى لىرىك ئىپادىلەيدىغان بىر خىل ئەدەبىي ژانىر، شۇنداقلا ھېسسىياتنى ئەڭ مەركەزلىك، ئەڭ ئىخچام ئىپادىلەيدىغان بىر خىل شەكىلدۇر.

شېئىر تەپەككۇر كۈچى، ئوبراز كۈچى بىلەن كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈپلا قالماستىن، يەنە ھېسسىيات كۈچى بىلەنمۇ كىشىلەرنى ھاياجانلاندۇرىدۇ.

ئەيچىڭنىڭ 1957 - يىلى 7 - ئايدا ئىجاد قىلغان «ئۈچ تۈپ شەمشاد» ناملىق شېئىرى ھېسسىيات تولۇپ - تاشقان شېئىردۇر. ئەلۋەتتە، بۇ شېئىردا تەپچىپ تۇرغان ھېسسىيات تۇتۇق، ھەسرەتلىك بولماستىن، بەلكى ئارامبەخشلىكتۇر.

ئادەتتە شېئىردا ئىپادىلەنگەن قايغۇلۇق، ھەسرەتلىك ھېسسىيات كىشىلەرنى ئاسان ھاياجانلاندۇرالايدۇ. ئەكسىچە، شېئىردا شاد - خۇراملىق ھېسسىياتنى ئىپادىلەش بىلەن كىشىلەرنى ئاسان ھاياجانغا سالغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، شاد - خۇراملىق ھېسسىيات كۆپۈنچە ئاشكارا بولغاچقا، ئىگىلىمەك قىيىنغا توختايدۇ.

«ئۈچ تۈپ شەمشاد» ناملىق شېئىر ھەقىقەتەن تەسىرلىك يېزىلغان بولۇپ، ئاسانلىقچە ئۇنتۇلمايدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ، جۇڭگو تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى، ئازاب - ئوقۇبەتتىن ئازاد بولغان خەلق ئاممىسىنىڭ گۈللەپ - ياشناۋاتقان قۇرۇلۇش جەريانىدىكى شاد - خۇراملىق كەيپىياتى ۋەتەن تۇپرىقىدا جۇشقۇنلۇققا تولغان بولۇپ، شائىرنىڭ ئۆزىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. شائىر مۇنداق شاد - خۇراملىققا تولغان نۇرغۇن شېئىرلارنى يازدى. «ئۈچ تۈپ شەمشاد» ئەنە شۇنداق شېئىرلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ شېئىردا شائىرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى جارى قىلدۇرۇلىدۇ.

شېئىردا قۇرۇقتىن - قۇرۇق مۇھاكىمە، ھاياجاندىن ئۇرغۇپ چىققان ۋارقىراشلار يوق، ئەكسىچە ئاددىي، ئېنىق ئوبرازلارنى سۈرەتلەش ئارقىلىق كىتابخانلارنى تەسىرلەندۈرىدۇ. «بىخلىدى ياش شەمشاد شۇنچىلىك يۇمران، ئاقىدۇ گويا سۇ تامچىغان سىياق. ھويلىدا چىملىققا تۆكۈلەر شەبنەم، ھۆل بولۇپ كېتىدۇ باسقاندا ئاياغ. چۈشىدۇ ئەتىگەن شەبنەمگە قۇياش، چاقنايدۇ ھەر شەبنەم شۇنچە يالتىراق. ئۈزدۈم مەن بىر تاللا شەمشاد مېۋىسى، چاپلاشتى قولۇمغا شۇئان خۇش پۇراق.»

شائىرنىڭ شاد - خۇراملىق ھېسسىياتى شەمشاد دەرىخىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئەتىگەندە، شەمشاد دەرىخى يالتىراپ، يۇمران بىخ سۈرىدۇ، قۇياش نۇرىدا شەبنەملەر يېلىنجايدۇ، جۇشقۇنلۇق قايناپ - تاشىدۇ. «مەن» نېمىشقا سۆيۈنۈپ، خۇشاللانمىسۇن؟ بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسىدا بۇ شاد - خۇراملىق تۇيغۇسى ۋە كەيپىياتى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ: «ئۈزدۈم مەن بىر تاللا شەمشاد مېۋىسى، چاپلاشتى قولۇمغا شۇئان خۇش پۇراق» كىتابخانمۇ گويا مېۋىنىڭ خۇشپۇرىقىنى پۇرىغاندەك بولىدۇ.

شائىر بۇ شېئىرنى يازغاندا، شەمشاد شائىرنىڭ شاد - خۇراملىق كەيپىياتىنى قوزغاتقانمۇ ياكى شائىرنىڭ شاد - خۇراملىق كەيپىياتى شەمشادقا يولۇقۇپ، ھېسسىياتنى تۆكىدىغان مۇشۇنداق بىر يوچۇق تېپىلغانمۇ؟ ئېھتىمال ھەر ئىككىلىسى باردۇر. بۇ يەردە شائىرنىڭ شاد - خۇراملىق كەيپىياتى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. گەرچە شەمشاد دەرىخى شۇنچىلىك سۆيۈملۈك بولسىمۇ، ئۇ پەقەت شائىر ھېسسىياتىنىڭ تايانچىسىلا بولالايدۇ. ئەلۋەتتە، شەمشاد دەرىخىنىڭ سۆيۈملۈكلىكى شائىر قەلبىدىكى شاد - خۇراملىق كەيپىياتىنى قوزغىتالايدۇ. مۇنداق غىدىقلاش كەم بولسا بولمايدۇ. شېئىرلەردە «مەن»، «مەن»دە شەيئىلەر بولغاندىلا، ئاندىن «مەن» نۇرلىنىپ، شېئىرىي ھېسسىياتنى ئۇرغۇتالايدۇ. ئادەتتە ھېسسىياتلىق كەيپىيات شائىر قەلبىدە، مۇنداق كەيپىيات بولمىسا، يېڭى شەيئىلەرگە يولۇققاندا، ئۇ خۇددى چاقماق چاققاندەك، شۇ ھامان يالقۇنلىنىپ، ئوت ئالىدۇ. ئەگەر شائىر قەلبىدە مۇنداق كەيپىيات بولمىسا، يېڭى شەيئىلەرگە يولۇققان تەقدىردىمۇ ھېچنېمە چىقمايدۇ. ئۇ ھالدا شېئىرىي ھېسسىياتمۇ، شېئىرمۇ بولمايدۇ. مۇبادا باشنى ئۇرۇپلا يازغان ھالەتتىمۇ، بەك ئازاب چېكىپلا قالماستىن، ياخشى شېئىر يېزىپ چىققىلىمۇ بولمايدۇ.

ئەيچىڭ شېئىر يېزىشتا، كەيپىياتقا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئۇنى تولىمۇ قاتتىق تۇتىدۇ. ئۇ مۇن-

داق دەيدۇ:

«شېئىر يېزىشتا، كەيپىيات ئۇرغۇپ تاشقاندا، مەيلى خۇشاللىق ياكى قايغۇلۇق بولسۇن، ھەممىسىدە يا مۇنداق، يا ئۇنداق كەيپىيات قەلبىڭگە ئۇسسۇپ كىرگەندىلا ئاندىن تۇتۇش قىلىش كېرەك» («شېئىر ۋە ھېسسىيات»).

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«ھەمىشە يېڭى شەيئىلەر، ئاشۇ يېرىم ئۇيقۇلۇق ئاڭدىن بىزنى ئويغاتقان شەيئىلەر بىزنىڭ كەيپىياتىمىزنى قوزغىتالايدۇ، بىز ئۇزاق كۈلرەڭ قىشنى باشتىن كەچۈرۈپ، بىر كۈنى ئەتىگەندە، ئالتۇن قۇياش نۇرىنىڭ ئۇشتۇمتۇت دەرىزىمىزدە پەيدا بولغانلىقىنى، سۈپسۈزۈك باھارنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگىنىمىزدە، قەۋەت خۇشاللىقىا چۆمۈپ كېتىمىز، بۇ خىل تۇيغۇ بىزدە بىر خىل كۈچ پەيدا قىلىدۇ. مۇنداق تاشقى دۇنيادىكى شەيئىلەر قوزغاتقان يېڭى كەيپىيات كۆپ ھاللاردا، شېئىرىي كەيپىيات بولىدۇ. بۇ خىل يېڭى كەيپىيات، شېئىرىي ئىجادىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تولىمۇ قىممەتلىك نەرسىدۇر».

ئەيچىڭ شېئىر يېزىشتىكى تەلەپ ۋە بۇ خىل كەيپىياتنىڭ قوزغىلىش ھالەتلىرى توغرىسىدا، ھەقىقەتەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ بايان قىلىدۇ.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتى خىلمۇ خىل بولىدۇ، بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ ئاشكارىلىنىشىمۇ خىلمۇ خىل شەكىللەردە، يەنى يىغلاش، كۈلۈش، دەرد تۆكۈش، ھاراقتا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش... قاتارلىق ھالەتلەردە بولىدۇ. لېكىن، بۇ خىل كەيپىياتنى يازغاندا، جەزمەن شېئىرنىڭ بەدىئىي قانۇنىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك.

«ئۈچ تۈپ شەمشاد» ناملىق شېئىردا، ھېسسىيات ئىنتايىن ياخشى بىر تەرەپ قىلىنىندۇ. شائىر ئۆزىنىڭ ھاياجانلىق ھېسسىياتىنى يوشۇرۇپ، بىۋاستە ئاشكارىلىماستىن، ئۇنى جانلىق ئوبرازلار ئىچىدە سۈرەتلەيدۇ، مۇنداق قىلغاندا ھېسسىياتنىڭ كۈچى ئاجىزلاشماستىن، ئەكسىچە بۇ خىل كۈچ تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، شېئىرىي تۈس تېخىمۇ ئاشىدۇ.

شېئىر يېزىشتا ھېسسىيات بولمىسا بولمايدۇ. «تۇرمۇشتىن پەيدا بولغان مول، كۈچلۈك ھېسسىيات شېئىر يېزىشنىڭ بىرىنچى شەرتىدۇر. ھېسسىيات يېتەرلىك بولماي تۇرۇپ يېزىشقا تۇتۇنغاندا، ياخشى يازغىلى بولمايلا قالماستىن، كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرگىلىمۇ بولمايدۇ» («شېئىر ۋە ھېسسىيات»). ئەيچىڭ شېئىرىي ھېسسىياتنى بەك مۇھىم بىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى «بىرىنچى شەرت»لىك ئورۇنغا قويىدۇ. بىراق، بىر پارچە ياخشى شېئىر يېزىپ چىقىشتا، يالغۇز ھېسسىياتنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. چۈنكى، شېئىر دېگەن ھامان شېئىر، ئۇنىڭ خۇددى ئەيچىڭ ئېيتقاندەك «مول تەسەۋۋۇر، شېئىرىي تىل، شېئىرنىڭ ئىپادىلەش ۋاستىلىرى، شېئىرىي قاپىيە، قاتارلىق ھازىرلاشقا تېگىشلىك باشقا شەرتلىرىمۇ بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق، ھەر بىر نورمال ئادەمنىڭ ھەممىسى ھېسسىياتقا ئىگە بولسىمۇ، بىراق، ھەممە ئادەم شائىر بولالمايدۇ، شائىر جەزمەن ئۆزىگە خاس چېنىقىشقا ۋە تەربىيىگە ئىگە بولۇشى شەرت.

## خادا تاش

ئەيچىڭ

دولقۇن كەينىدىن دولقۇن كۆۋەجەپ،
كېلەر تېنىمسىز ئاڭا ئۇرۇلۇپ.
ھەر دولقۇن ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىدا،
كېتىدۇ تارقاپ كۆپۈكچە بولۇپ.

ئۇنىڭ يۈزلىرى، تېنى ھەر قاچان،
قويغاندەك گويا پىچاقتا تىلغاپ.
بىراق، ئۇ تۇرار ئۇندا يەنە تىك،
كۆلگەنچە دېڭىز، ئوكيانغا قاراپ.

## بىراق، ئۇ تۇرار ئۇندا يەنە تىك

گوباۋچىن

«كۆلگەنچە دېڭىز، ئوكيانغا قاراپ...»

بۇ «خادا تاش»دىكى بىر مىسرا شېئىر، ئەيچىڭ باشقىلارغا بېغىشلىما يازغاندا دائىم دېگۈدەك مۇشۇ بىر مىسرا شېئىرنى ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، 1985 ـ يىلى ئەيچىڭ چىڭ خواڭداۋغا زىيارەتكە بارغاندا، ياشلارغا يېزىپ بەرگەن بېغىشلىمىسىدا مۇشۇ بىر مىسرا شېئىرنى ئىشلىتىدۇ.

«خادا تاش» ناملىق بۇ شېئىر 1954 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ، 1985 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئارىلىقتا 31 يىل ئۆتىدۇ. بۇ ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە، شائىر 20 يىللىق رىيازەتنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھاياتنىڭ ئەجەل بوسۇغىسىدا تىرمىشىپ، قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ «كۆلگەنچە دېڭىز، ئوكيانغا قاراپ...» دېگەن مىسرانى ئېسىدە چىڭ ساقلايدۇ. بۇنىڭدىن بۇ بىر مىسرا شېئىرنىڭ شائىرنىڭ كۆڭلىدە قانچىلىك سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ بىر مىسرا شېئىر شائىرنىڭ دەستۇرىغا ئايلانغان، شائىر ئۇنىڭ

ياشلارنىڭ ھەممە باشقىلارنىڭمۇ دەستۇرىغا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ بىر مىسرا شېئىر ھەقىقەتەن چوڭقۇر، مول مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇنى شائىر ھاياتىنىڭ يەكۈنى دېيىشمۇ ئاشۇرىۋەتكەنلىك بولمايدۇ. ھايات، جەمئىيەت، تارىخقا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك؟ شائىر بۇنى «كۆلگەنچە دېگىن، ئۇكيانغا قاراپ...» دېگەن مىسراغا يىغىنچاقلايدۇ.

بۇ كۈلۈش ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر ئالدىدا بىر خىل ئۈزگىچە ئىشىنىش، ۋەھشىي دۈشمەن ئالدىدا غالىبلارچە بىر خىل مەنسىتمەسلىك، خۇشاللىق ۋە غەلىبىگە ئېرىشكەندە بىر خىل ئازادىلىكتۇر. ئومۇمەن، تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى ياكى شەخسنىڭ زايە بولىۋاتقان سەپىرىدە بولسۇن، تۇرمۇشنى بىر خىل ئاكتىپ پوزىتسىيىدە تۇرۇپ، مەردانىلىق بىلەن كۈتۈۋېلىش كېرەك. تۈرلۈك رىقابەتلەرگىمۇ مەردانىلىق بىلەن يۈزلىنىش كېرەك.

ھېچقانداق كۆپتۈرمەستىن ئېيتىشقا ھەقلىقمىزكى، بۇ مىسرا شېئىردىن شائىرنىڭ ھەر قايسى تارىخىي مەزگىللەردىكى خىسلىتى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. دېمەك، ئۇ شائىرنى چۈشىنىش، شائىرنى تونۇش ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى چۈشىنىشتىكى ئاچقۇچ. بۇ بىر مىسرا شېئىرنىڭ چوڭقۇر، مول مەزمۇنىنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى، شائىر ئىجادىيىتىنىڭ تۈپ مىلودىيىسىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

قارىماققا بۇ مىسرا قىينالمايلا يېزىلغاندەك قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ شائىر ھاياتىنىڭ جەۋھىرى، شائىرنى چۈشەنگەنسېرى ئۇنىڭ پولاتتەك چىڭ سالمىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلغىلى بولىدۇ، «خادا تاش» ناملىق شېئىردا خاتا تاش يېزىلىدۇ، ئوقتىلىق ھالدا خادا تاشنىڭ مەزمۇت، ئېگىلمەس ـ سۇنماس روھى يېزىلىدۇ. دېمەك، ئۇ شائىرنىڭ ئۆز سۈرىتىدۇر. شائىر ئۆسمۈرلۈكتىن باشلاپ بىرخىل قەيسەر خىسلىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئاتىسىنىڭ بېشىمغا باش ئەگمەي، باتۇرلۇق بىلەن پومېشچىك ئائىلىسى ۋە ئۇنىڭدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان كونا كۆزقاراشلاردىن جۇدالىشىدۇ. كېيىنچە بۇ خىل قەيسەرلىك دۈشمەن تۈرمىسىدە تاۋلىنىپ، مۇستەھكەم باتۇرلۇققا ئايلىنىدۇ، كېيىنكى 20 نەچچە يىللىق جاپا ـ مۇشەققەت سىناقلىرىدا ئۇ تېخىمۇ يۈرەكلىك بولۇپ كېتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىل قەيسەرلىك شەخسنىڭ خىسلىتىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ تۇرمۇشقا قەتئىي ئىشىنىش، ھەققانىيەتتە قەتئىي چىڭ تۇرۇشتەك ئامىللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ شېئىر يەنە كەڭ مەنىگىمۇ ئىگە، خادا تاش ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بىر خىل ئوبراز بولۇپ، ئۇ ئىپادىلىگەن روھىي مۇھىت ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا نامايان بولىدىغان بىر خىل روھىي مەنزىلدۇر. مۇنداق يۈكسەك روھىي مەنزىل كىشىلىك ھاياتتا شائىرلارلا ئەمەس، جەمئىيەتتىكى ئاق كۆڭۈل كىشىلەر تەلپۈنىدىغان بىر خىل ئەڭ گۈزەل پەللىدۇر.

بۇنىڭدىن شائىرنىڭ گۈزەللىككە بولغان بىر خىل چۈشەنچىسىنى، بىر خىل ئالىيجانابلىقنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى گۈزەللىك دېگەن نېمە؟ گەرچە، «ئۇنىڭ يۈزلىرى، تېنى ھەر قاچان، قويغاندەك گويا پىچاقتا تىلغاپ» دەك، جاراھەتلەرگە تولغان بولسىمۇ، شائىر خادا تاشنى گۈزەل دەپ ھېسابلايدۇ. دېمەك، شائىرنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدا، شېئىرىي گۈزەللىك ھەقىقىدىكى قەيسەرلىك بىلەن ئىزدىنىشىدە، خادا تاش ئىپادىلىگەن گۈزەللىك، ئۇ قوغلاشقان شېئىرىي گۈزەللىكنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدۇر. «خادا تاش» ناملىق شېئىرنى كۆرۈپ، مەن تەبىئىي ھالدا «ئۇ ئىككىنچى قېتىم ئۆلدى»، «كانايچى» قاتارلىق جەڭچىلەرنىڭ شانلىق ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن شېئىرلارنى ئەسكە ئالدىم، خادا تاش ئوبرازى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان مۇشۇ ئوبرازلار ئىچىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ...

شائىر مۇشۇنداق شېئىرىي گۈزەللىكنى ئىگىلەش ۋە ئىزدىنىشتە بوشاشماي چىڭ تۇرىدۇ. ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان، مۇشۇنداق شېئىرىي گۈزەللىك شائىر ئىجادىيىتىدە ئۆزئارا تۇتۇشۇپ كەتكەن ئۈزۈلمەس يۈكسەك چوققىلارنى پەيدا قىلغان دېيىشكە بولىدۇ، بۇ خىل ھالەت 30 ـ يىللاردىن باشلاپ تا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ شېئىر پەقەت سەككىز مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تولىمۇ چۈشىنىشلىك يېزىلغاندۇر. ئۇنىڭدىكى دولقۇن، خادا تاشقا تىنىمسىز ئۇرۇلغان دولقۇن، جاپا ـ مۇشەققەتكە، رەزىل كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، خادا تاش ھەققانىيەتنىڭ قەيسەر نامايەندىسىدۇر.

ئەپسۇسكى، بەزىلەر بۇ شېئىرغا باھا بەرگەندە، قانداقتۇر: «خادا تاش ھاكاۋۇرلۇقنىڭ توشۇغۇچىسى، ئۇ چوڭ، كىچىك كېمە، پاراخوتلار بىلەن دۈشمەنلىشىدۇ، دېگەنلىك» دېگەندەك غەلىتە يەكۈنلەرنىمۇ چىقىرىشتى، بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى ئويغا سالىدۇ، ھەتتا ئادەمنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرىدۇ.

## كۆك چېچەك

ئەيچىڭ

كىچىككىنە كۆك چېچەك،

www.uyghurkitap.com

ئېچىلدى كۆپكۆك تاغنىڭ بېلىدە،
ئېچىلدى بىنەپشە قىيا ئۈستىدە.

كىچىككىنە كۆك چېچەك،
كۆكتۇر كۆزدىكى كۆپكۆك ئاسماندىن،
كۆك ھەتتا چاقنىغان كۆپكۆك ياقۇتتىن.

كىچىككىنە كۆك چېچەك،
كۈلۈمسىرىشى تاغۇ دالانىڭ،
تەنھا سۆيگۈسى قاپتال ـ قىيانىڭ.

1956 ـ يىل

## تاغۇ دالانىڭ كۈلۈمسىرىشى

گوباۋچېن

«كىچىككىنە كۆك چېچەك، ئېچىلدى كۆپكۆك تاغنىڭ بېلىدە، ئېچىلدى بىنەپشە قىيا ئۈستىدە».

شائىر 1956 ـ يىلى يازغان «كۆك چېچەك» ناملىق شېئىر جەمئىي توققۇز مىسرا، ھەر بىر مىسرانىڭ بوغۇم سانىمۇ كۆپ ئەمەس، تىلى ئاددىي، ئاددىيلىقتا گويا كۆك چېچەككە ئوخشايدۇ.

«كىچىككىنە كۆك چېچەك، كۆكتۇر كۆزدىكى كۆپكۆك ئاسماندىن، كۆك ھەتتا چاقنىغان كۆپكۆك ياقۇتتىن، كىچىككىنە كۆك چېچەك، كۈلۈمسىرىشى تاغۇ دالانىڭ، تەنھا سۆيگۈسى قاپتال ـ قىيانىڭ».

شېئىرىي تىلنىڭ ئاددىيلىقى شائىرنىڭ ئىستىگىدۇر، شۇنداقلا ئۇ ئەيچىڭ ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرگەن مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئەيچىڭ شېئىرنىڭ تىل سەنئىتى، تىلنىڭ ساپلىقى، شېئىرنىڭ تەلىپى ۋە شېئىرىي گۈزەللىكنىڭ تەلىپى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر بىلىدۇ.

تولستوي مۇنداق دەيدۇ:

«ئىشىنىمەنكى، ئىنسانىيەت تىلىدىكى ھەقىقىي گۈزەللىك پەقەت ئاددىي گۈزەللىكتۇر، بۇنى بىلمەيدىغانلار بولمىسا كېرەك».

رومىن روللان مۇنداق دەيدۇ: «قىسقا، ئاددىي، يارقىن... بولۇش، گومېر سەنئىتىنىڭ ئامىللىرىدۇر».

بۇ تىل ئۇستازلىرىنىڭ ھەممىسى تىلدىكى ئاددىي گۈزەللىكنى تەكىتلەيدۇ.

ئەيچىڭ ئۆزى مۇنداق دەيدۇ:

«بىز شېئىرىي تىلنىڭ نەسىر تىلىغا قارىغاندا، تېخىمۇ ساپ، مەركەزلەشكەن، تېخىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە ئىخچاملاشقان، ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك، كىشىلەرنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈرەلەيدىغان بولۇشىنى تەلەپ قىلىمىز».

«كۆك چېچەك» ناملىق شېئىردا، تىلنىڭ ئاددىيلىقىنى كىتابخانلار يېقىنلاشقان ھامان ھېس قىلالايدۇ، شېئىردا ھەشەمەتلىك، مۇرەككەپ تىللار يوق، شېئىرىي جۈملىلەر خۇددى دېڭىز سۈيىدە چايقالغان مەرۋايىتتەك ساپ ۋە سۈزۈكتۇر.

ئالدىنقى ئۈچ مىسرادا كۆك چېچەك تۇرغان ئورۇن «كىچىككىنە كۆك چېچەك ئېچىلدى كۆپكۆك تاغنىڭ بېلىدە، ئېچىلدى بىنەپشە قىيا ئۈستىدە» يېزىلىدۇ. شائىر يەنە رەڭلەرنى تەڭشەشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەقسەتلىك ھالدا «كۆك» بىلەن «بىنەپشە» رەڭنى كۆك چېچەككە تەگلىك قىلىدۇ. بۇ يەردە تىل ئىنتايىن تازا ۋە يارقىنلىقتا ئىگە قىلىنىدۇ. ئوتتۇرىدىكى ئۈچ مىسرادا، گەۋدىلىك ھالدا «كىچىككىنە كۆك چېچەك، كۆكتۇر كۆزدىكى كۆپكۆك ئاسماندىن، كۆك ھەتتا چاقنىغان كۆپكۆك ياقۇتتىن» ئارقىلىق كۆك چېچەكنىڭ «كۆك»لىكى يېزىلىدۇ، بۇ يەردە پەقەت ئىككى ئوخشىتىش بىلەن كۆك چېچەكنىڭ سۈزۈك، پارقىراقلىقى تەسراتچانلىقتا ئىگە قىلىنىدۇ. «كۆك» لىك يېزىلىپلا قالماستىن، «كۆك»لىكنىڭ ئادەملەرگە بەرگەن گۈزەللىك تۇيغۇسىمۇ يېزىلىدۇ. ئاخىرقى ئۈچ مىسرادا، كۆك چېچەكنىڭ «كىچىككىنە كۆك چېچەك، كۈلۈمسىرىشى تاغۇ ـ دالانىڭ، تەنھا سۆيگۈسى قاپتال ـ قىيانىڭ» دەك، روھى ھالىتى يېزىلىدۇ، بۇ ئىككى مىسرا ئارقىلىق كۆك چېچەكنىڭ سۆيۈملۈكلىكى كىتابخانلارغا ئايان قىلىنىدۇ.

شېئىرىي تىلنى مۇنداق ئاددىي، ساپ يېزىش ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس.

ئالدى بىلەن شېئىرىي تىلدا تۇرمۇشتىكى جانلىق تىللارنى تاللاش تەلەپ قىلىنىدۇ، تۇرمۇشتىكى جانلىق تىللارنى تاللاشتا، تۇرمۇشقا پىششىق بولۇش، تۇرمۇش تىلىغا پىششىق بولۇش، ئۇزاققىچە توپلاش كېرەك.

ئۇندىن باشقا، تۇرمۇش تىلى ھامان شېئىرىي تىل ئەمەس، شائىر شېئىر يازغاندا، ئۇ چەزمەن پىششىقلاشتىن ئۆتىدۇ. مەزمۇن، كەيپىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن تاللاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، شېئىرىي تىل يېزىق ئويۇنى ئەمەس. بولمىسا تىل پىششىقلاش ئاساسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

«پىششىقلاش» دېگەنلىك، كۈندۈلۈك قوللىنىلىدىغان تىللاردىكى سان بولمىغان نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاش دېگەنلىكتۇر. بۇ خىل پىششىقلاش جەريانىنى تۆمۈر مەدەنلىرىدىن تۆمۈرنىڭ قانداق تاۋلاپ ئېلىنىدىغانلىقى، تۆمۈرنىڭ پولاتقا قانداق ئايلىنىدىغانلىقى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ، مۇنداق ئاددىي، ساپلىق، ئىخچاملىق، يارقىنلىق پەقەت بىر ئادەمنىڭ ئىدىيە،

ھېسسىيات جەھەتتىكى تاۋلىنىشى ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ. («شېئىرنىڭ شەكلى توغرىسىدىكى مەسىلەلەر»). بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شېئىرىي تىلنىڭ ئاددىيلىقى ھە دېسىلا ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس.

شائىر كۆك چېچەكتىن ھۇزۇرلانغاندا، ئۇنىڭغا ھېرىسمەنلىك قىلىدۇ، شېئىردا بۇ خىل تۇيغۇنى قانداق ئىپادىلەش كېرەك؟ كۆك چېچەك گۈزەل، ئاددىي، شۇڭا شائىر ئاددىي تىلدا ئىپادىلەيدۇ، قارىماققا تەبىئىي چىققاندەكلا، ھېچقانداق پىششىقلاشتىن ئۆتمىگەندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە شائىر بەزى «تاۋلاش» ئارقىلىق ئاندىن ئۇنىڭغا ئېرىشىدۇ. كۈزنىڭ كۆپكۆك ئاسمىنى كۆكۈلنى يايراتسا، كۆك ياقۇت كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ. كۆك چېچەكنى مۇنداق سۈپەتلەش شائىرنىڭ كۆك چېچەككە بولغان قايناق سۆيگۈسىنى ئەڭ جايىدا ئىپادىلەپ بېرىدۇ، كۆك چېچەكنىڭ تەبىئىتىنى دەل جايىدا ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

بۇ يەردە كۆك چېچەكنى چۈشىنىش ئاچقۇچ، چۈشەنگەندىلا ھېسسىيات پەيدا بولىدۇ. ھېسسىياتنى توغرا ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن مۇۋاپىق سۆزنى تاللىغىلى بولىدۇ. دېمەك، بىر ئادەم پەقەت شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلگەندىلا، ئاندىن تىلنىڭ «ساپ»لىقىغا يېتەلەيدۇ. («شېئىرنىڭ شەكلى توغرىسىدىكى مەسىلەلەر»).

كۆك چېچەكنىڭ تەبىئەتتە ئېچىلىشى زېمىن تاللىغان بىر خىل تىل، جەلىپكارلىققا ئىگە شېئىرىي تىلدۇر.

## نەشپۈت دەرىخى

ئەيچىك

تۇرىدۇ ئۇياقتا نەشپۈت دەرىخى،
كۆكلىگەن شۇنچىلىك ئۆسۈپ باراقسان.
تاشلانغان ئېتەككە ئوخشايدۇ گويا،
تېگىشكە يەرگە ئۇ ئازغىنا قالغان.

ئۇ قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن تامام،
تۇرىدۇ كۈز، يامغۇر، شەبنەم قۇچاقلاپ،
مېۋىسى شاخلاردا شۇنچىلىك ئەلۋەك،
شۇنچىلىك تولغان ئۇ چاقنار پارقىراپ،
گۈزەلدۇر ئەجەب ئۇ، گويا سۈتكە باي،
ياشقىنا بىر ئانا تۇرىدۇ قاراپ.

**ياشقىنا بىر ئانا تۇرىدۇ قاراپ**

گوباۋچىن

كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىنسانلار ئىنسانىيەت بولۇپ شەكىللەنگەندىن تارتىپ، ئىنسانىيەتتە شېئىر بارلىققا كەلگەن، شېئىر ئىنسانلار بىلەن تەڭ قەدەمدە، تەڭ ۋاقىتتا بارلىققا كېلىپ تەڭ راۋاجلانغان.

بىراق، تىل دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن، ئىنسانلارنىڭ شېئىرى ئۇنىڭ ئېغىزىغا، كۆزىگە، يۈرىكىگە يېزىلغانىدى. پەقەت تىل دۇنياغا كەلگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئىنسانلار شېئىرنى تۇراقلاشتۇردى. ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى، تەبىئەت كۆكۈل قويۇپ ئۆستۈرگەن بىر بوۋاق، ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىنى تەبىئەت ياراتقان بولۇپ، ئۇنى پەقەت ئىنسانلار پىششىقلاپ ئىشلەشتىنلا ئۆتكۈزگەن، ئەگەر تەبىئەت بولمىغان بولسا، تەبىئەتنىڭ ئىلھامى بولمىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئىنسانىيەت بىر قۇملۇقتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايتتى.

تاغ، دەريا، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلار تەبىئەتنىڭ زېمىنغا يازغان شېئىرلىرىدۇر. بۇ شېئىرلار ئىنسانلارنى، شائىرلارنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، شائىرلارنى تەبىئەت بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئەڭ ھېرىسمەن ئادەملەر دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، شائىرلار تەبىئەتتىن سانسىزلىغان ئىلھاملارغا ئېرىشەلەيدۇ.

ئەيچىك تەبىئەتكە ئەڭ ھۆرمەت قىلىدۇ، بۇرۇن ئۇ ئۆزىنى «دالا ئوغلى» دېگەنىدى. ئۇ، «شائىر توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

«پەقەت، شائىر دۇنياسىدىلا، تەبىئەت بىلەن ھايات ئۆزئارا ئويغۇنلىشىدۇ، دالا بىلەن تاغ كېچە ـ كۈندۈز سۆرەن سالالايدۇ، قىيا تاش ئويغا پاتىدۇ، دەريا ـ ئېقىنلار سۆزلىيەلەيدۇ...»

شامال، يەر ـ زېمىن، دەل ـ دەرەخلەر مىجەز ـ خاراكتېرغا ئىگە بولىدۇ.

«دالا ئوغلى» تەبىئەتنى چۈشىنىدۇ، «دالا ئوغلى» تەبىئەتنىڭ ھەر بىر تۈپ گۈل ـ گىياھىنى سۆيىدۇ، ئۇ كۆچلۈك ئارزۇ ـ ئارماندا، مەيلى ياشلىقتا ياكى ياشانغاندا بولسۇن، تەبىئەتتىكى ھەممە مەۋجۇتلۇقنى شېئىر قىلىپ يازىدۇ.

بەرھەق، شېئىر يېزىشنىڭ نۇرغۇن سىرلىرى دەل مۇشۇ يەردە: ئېيتايلۇق، ئادەم ۋە تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆزەتكەندە، بىر قەدەر ئوخشۇشلۇق ھالدا شېئىرىي ھېسسىياتقا ئېرىشكىلى، بىر قەدەر ئۇنۇملۇك ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى تاپقىلى بولىدۇ.

شېئىرىيەت باغچىسىدىكى «نەشپۈت دەرىخى» بولۇق ياشناپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ مېۋىسىمۇ

شېرىندۇر.

بۇ شائىرنىڭ ئادەم ۋە تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆزىتىپ، ئېرىشكەن ئىلھامىنى پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن بارلىققا كەلتۈرگەن بەدىئىي سەنئەت ئەسىرىدۇر.

«تۈرىدۇ ئۇياقتا نەشپۈت دەرىخى، كۆكلىگەن شۇنچىلىك ئۆسۈپ باراقسان. تاشلانغان ئېتەككە ئوخشايدۇ گويا، تېگىشكە يەرگە ئۇ ئازغىنا قالغان».

شائىرنىڭ نەشپۈت دەرىخىنى يېزىۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق، نەشپۈت دەرىخىنىڭ گۈزەللىكى شائىرنىڭ ئوي ـ خىيالىنى قوزغىتىدۇ. بىراق، شائىر تېزلا بىر ئادەمنى ئەسكە ئالىدۇ. «تاشلانغان ئېتەككە ئوخشايدۇ گويا، تېگىشكە يەرگە ئۇ ئازغىنا قالغان» بۇ يەردە نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئەلۋەك گۈزەللىكى قەيت قىلىنىپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئېتىكى بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. گەرچە نەشپۈت دەرىخى يېزىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئادەملەرنىڭ ئوبرازىمۇ بىللە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. دەرەخ ئادەمگە ئوخشاپ، دەرەخ بىلەن ئادەم بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، بۇ شېئىردىكى تۈپ ئوي ـ پىكىردۇر. بۇ تۈپ ئوي ـ پىكىر ئادەم بىلەن شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ.

تۆۋەندىكىلىرىمۇ شۇنداق بولۇپ، ئۇ پەقەت بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا سۈرەتلەشتىن ئىبارەت.

«ئۇ قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن تامام، تۈرىدۇ كۆز، يامغۇر، شەبنەم قۇچاقلاپ، مېۋىسى شاخلاردا شۇنچىلىك ئەلۋەك، شۇنچىلىك تولغان ئۇ چاقنار پارقىراپ. گۈزەلدۇر ئەجەب ئۇ، گويا سۈتكە باي، ياشقىنا بىر ئانا تۈرىدۇ قاراپ».

بۇ ئالتە مىسرادا نۇقتىلىق ھالدا نەشپۈت دەرىخى مېۋىسىنىڭ كۆپلۈكى، بولۇقلۇقى، گۈزەللىكى، سۇلۇقلىقى يېزىلىدۇ. بۇ يەردە نەشپۈت دەرىخى يېزىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئادەم بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. «ياشقىنا بىر ئانا تۈرىدۇ قاراپ» بىر ياش ئانىنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق نەشپۈت دەرىخى يېزىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئەلۋەك، گۈزەل، سۆيۈملۈك ئىكەنلىكى يېزىلىپلا قالماستىن، ئادەمنىڭ ھېسسىياتىمۇ قوشۇۋېتىلىدۇ.

مۇنداق يېزىلغاندا، شېئىردا نەشپۈت دەرىخى روشەن ئوبرازغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھېسسىيات، خاراكتېرغىمۇ ئىگە بولىدۇ. كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغان بىر تۈپ نەشپۈت دەرىخى كىتابخانلارنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئېتىكى يېيىلغان ياش بىر ئانىمۇ كىتابخانلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىككى ئوبراز بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ، شېئىرىي گۈزەللىكنى شەكىللەندۈرىدۇ.

بىزنىڭچە، شائىر ئادەم بىلەن دەرەخنىڭ ئوخشاشلىقىدىن شېئىرىي ھېكمەتنى بايقايدۇ، شۇنداقلا، ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىمۇ بايقايدۇ. دەرەخ ئادەملەشتۈرۈلۈپ، خاراكتېرغا ئىگە قىلىنىدۇ، جانلىق ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ.

ئادەتتە، شېئىر يېزىشنىڭ مۇنداق سىرلىرىنى چۈشىنىۋالغاندا، شېئىر يېزىش ئاسانلىشامدۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس.

«نەشپۈت دەرىخى» ناملىق شېئىردا، ئېتىكى كەڭ يېيىلغان بىر ياش ئانىنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق نەشپۈت دەرىخى يېزىلغانلىقتىن، ئۇ ئىنتايىن يېقىملىق، جانلىق ھېس قىلىنىدۇ، كىشىلەر ئاسان چۈشىنىدۇ ۋە ئاسان قوبۇل قىلىدۇ. مۇبادا ئۇ باشقىچە ئوبراز ئارقىلىق سۈپەتلەنگەندە، ئېھتىمال ئۇنچىلىك يېقىملىق بولماسلىقى، ھەتتا ئېتىراپ قىلىنماسلىقىمۇ مۇمكىن. پەقەت، نەشپۈت دەرىخىنىڭ تاشقى، ئىچكى خۇسۇسىيەتلىرىنى چوڭقۇر چۈشەنگەندىلا، ئاندىن دەل جايىدىكى ئوبرازلارنى تېپىپ سۈرەتلىگىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ زىچ بېرىكمىسە دەل جايىدا بولمىسا، ئېھتىمال شېئىرنىڭ جەلپكارلىقىغا تەسىر يېتىدۇ. ھەتتا ئوقۇغاندا كۈلكىگە قېلىشىمۇ تۇرغان گەپ.

نەشپۈت دەرىخى تەبىئىي نەرسە، ئۇ پەقەت شائىر تەرىپىدىن يېزىلغاندىلا، شائىر قەلبىدىكى ئوبرازغا ئايلىنىدۇ. كىتابخان ئوقۇغاندىلا، كىتابخان قەلبىدىكى ئوبرازغا ئايلىنىدۇ. شېئىردىكى نەشپۈت دەرىخى گەرچە ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ قايتا ئىپادىلىنىشى بولسىمۇ، ئۇ تامامەن ئوبيېكتىپ نەرسىنىڭ ئۆزىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ كۆزقارىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. دېمەك، شېئىردىكى نەشپۈت دەرىخى شېئىرلاشقان دەرەخ، سەنئەتلەشكەن دەرەختۇر.

جاھاندىكى مەۋجۇداتلار شائىرغا ئىلھام ئاتا قىلىدۇ، شائىر تەرىپىدىن پايدىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن قانداق شېئىرلارنى يېزىپ چىقىش، تامامەن شائىرنىڭ ماھارىتىگە قاراشلىق ئىشتۇر.

ئەيچىڭ «دالا ئوغلى»دۇر. تەبىئەتتىكى ھەر بىر تۈپ گۈل ـ گىياھ ئۇنىڭ قەلبىمى ئاستىدا پارلاق نۇر چاچىدۇ، بۇ ئۇنىڭ دائىم دېگۇدەك تەبىئەت بىلەن سۆزلىشىپ، ھېسسىيات ئالماشتۇرغانلىقى ۋە شېئىرىي ھەقىقەتنى پىششىق ئىگىلىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىدۇر.

(«ئەيچىڭنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىدىن بەھرىلىنىش» ناملىق كىتابتىن **مۇھەممەت چاۋار** تەرجىمىسى)

(تەرجىمان: خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرى مەھكىمىنىڭ پېنسىيونېرى)

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**



مۇھەممەتئىمىن قۇربان

# يەر شارىنىڭ كۆچۈش پىلانى

(چۆچەك)

ئېگىز تاغ چوققىسىغا قونۇۋالغان بۈركۈت پادىشاھ قاناتلىقلار مەملىكىتىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغىچە پەرىشان ھالدا كۆز تىكىپ ئولتۇراتتى. بىر ئاق قۇشقاچ ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى تاشقا قوندى ۋە بىر نەچچە قېتىم تەزىم قىلغاندىن كېيىن دېدى:

— جانابى شاھ ئالىيلىرى، بىز ئاق قۇشقاچلارغا كېلىۋاتقان دەرد ـ ئەلەملەر بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. ئادەملەردىن قانداق ئۆچ ئېلىشىمىز توغرىسىدىكى پەرمانلىرىنى ئاڭلىغىلى كەلدىم.

بۈركۈت شاھ يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئادەملەر قۇشقاچنى كاۋاپ قىلىپ ساتىدىغانلىقىنى، قۇشقاچ مېكىيىدىن ئەرلىكنى كۈچەيتىدىغان دورىلارنى ياسايدىغان بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. ئادەملەر قۇشقاچ تۇتۇشنىڭ تۈرلۈك چارە ـ ئاماللىرىنىمۇ ئىجاد قىلغانىدى. قىش كۈنلىرى ئېتىزلاردا دان ياكى قۇرت ـ قوڭغۇزلار بولمىغانلىقتىن، ئاق قۇشقاچلار سامانلىقلاردىن ياكى خامان قىلىنغان يەرلەردىن دان ئىزدەيتتى. بەزى كىشىلەر قۇشقاچلار دان ئىزدەيدىغان يەرلەرگە ئىنچىكە، رەڭسىز يىپتا توقۇلغان كەڭ ھەم ئۇزۇن تورنى ئىككى خادىغا تارتىپ قوياتتى. تورغا يېقىن جايغا بۇغداي، تېرىقلارنى سامانغا ئارىلاشتۇرۇپ چېچىپ قوياتتى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ يەرگە دانلىغىلى چۈشكەن بىر نەچچە مىڭ قۇشقاچنى تور تەرەپكە قوغلايتتى. ئۈركىگەن ئاق قۇشقاچلار ئۇچۇپ بېرىپ رەڭسىز تورغا ئىلىنىپ قالاتتى. تورغا ئىلىنىپلا قالسا، قۇتۇلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەكشەنبە بازاردا زىخقا سانچىلىپ كاۋاپ قىلىنىپ سېتىلىدىغان ئاق قۇشقاچلار يۈز مىڭدىن كەم بولمايتتى.

تۆت ـ بەش يىل ئىلگىرى بۈركۈت پادىشاھ بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ قاتتىق رەنجىگەن ھەم ئادەملەردىن قانداق ئۆچ ئېلىش توغرىسىدا ئېنىق كۆرسەتمە بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاق قۇشقاچلار قۇرت ـ قوڭغۇزلاردىن بىرىنىمۇ يېمىدى. ئېتىزلارنى، باغلارنى قۇرت ـ قوڭغۇزلار قاپلاپ كەتتى. لېكىن، ئادەملەر يەنىلا نەپسىنىڭ كەينىدىن مېكىيىپ ئاق قۇشقاچلارغا زىيانكەشلىك قىلىشنى توختاتمىغانىدى. بۈركۈت پادىشاھنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ پەيلىرى ياخپىيىپ كەتتى. لېكىن، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— تەبىئەت ئۆز قوينىدىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ ئورتاق. ئادەملەر بۇنى بىلمەيدىكەن ياكى بىلسىمۇ نەپسىنى باشقۇرالمايدىكەن، — دېدى. يەنە بىر دەم ئويلانغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى، — سىلەر ئاق قۇشقاچلار ئادەملەردىن ئۆچ ئېلىشقا يېتىشەلمەيدىكەنسىلەر. مەن قارا قۇشقاچ، ھۆپۈپ، قارلىغاچ، سۇندۇكلارغا دەپ قوياي. زىرائەتلەرگە زىيانلىق بولغان قۇرت ـ قوڭغۇز، ھاشاراتلارنى پەقەت يېمىسۇن. مۈشۈك ياپىلاقمۇ چاشقانلارغا زەرەر يەتكۈزمىسۇن. قىلغىلار ياگاق، باشقۇناقلارنى كۆپلەپ ئوغرىلىسۇن. يەنە بىر گەپ، سىلەر ئاق قۇشقاچلار تۇمۇچۇقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۆزۈملەرنىڭ ھەممىسىنى چوقۇلاپ تېشىپ قويۇڭلار، ھازىرچە شۇنچىلىك جازالاپ تۇرايلى. ئۇلار زىيانكەشلىكتىن يەنە قولىنى تارتمىسا، چوڭ ئۆچ ئېلىشنىڭ تەدبىرلىرى ئۈستىدە شۇ چاغدا مەسلىھەتلىشەرمىز.

— جانابلىرى چەكسىز دانادۇر، — دېدى ئاق قۇشقاچ كەينى ـ كەينىدىن تەزىم قىلىپ، — ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنكى پەرمانلىرى بويىچە ئىش قىلىدىغانلا بولساق، ئىنسانلار ئۆز گۇناھلىرىغا چوقۇم پۇشايمان قىلىدۇ.

ئاق قۇشقاچ پۈررىدە ئۇچۇپ بۈركۈت پادىشاھنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى.

بۈركۈت شاھ تەبىئىي كۆللەر قۇرۇپ كېتىپ ياۋا غاز، ياۋا ئۆردەك، تۇرنا قاتارلىق سۇ قۇشلىرىنىڭ ماكانسىز قالغانلىقىدىنمۇ خەۋەر تاپقانىدى. ئۇنىڭ غەم ـ ئەندىشىسى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتاتتى. ئۇ ئادەملەر بىزنى بوزەك قىلىشنى داۋاملاشتۇرىۋەرسە، يەر شارىدىن كەتمەي بولمى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غىدەك، دەپ ئويلىدى. بىراق، نەگە كېتىش، قانداق كېتىش ھەققىدە ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئېنىق پىلان يوق ئىدى.

تۆت پۇتلۇقلار دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرى ئومۇمى سايلام ئارقىلىق يېشى توختالغان بىر ئەركەك شىرنى شاھلىق تەختىگە چىقارغانىدى. ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ ياخشى ئىشلەيدىغانلىقىنى، نۇرغۇن ئاچچىق-تاتلىق كەچمىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى، چارە-تەدبىرى جىق، ئىنكاسى تېز، ھەرىكىتى چاققان بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقىنى ھەممە ئېتىراپ قىلاتتى. كۈچلۈك، سەۋر-تاقەتلىك پىل ئوڭ قول ۋەزىرلىككە، قورقماس، پەم-پاراسەتلىك مايمۇن سول قول ۋەزىرلىككە سايلانغانىدى.

بىر كۈنى پىل بىلەن مايمۇن يولۋاس دورغىدىن بىر پارچە باغاق تاپشۇرۇپ ئالدى. ئوقۇپ باقسا شىر پادىشاھ، ۋەزىرلەرنى مۇھىم بىر ئىشنى مەسلىھەتلىشىشكە چاقىرىپتۇ. ئىككى ۋەزىر ئەمدىلا شىر شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام قىلىۋاتقاندا، بۇ يەرگە دىك قۇلاق ئىككى توشقان بالىسى يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇلار كىچىك بولغاچقا، چوڭلارغا ئىززەت-ئىكرام بىلدۈرۈشنى بىلمەيتتى. ئۇلاردىن بىرى ئۇدۇللا:

—ھەي پادىشاھ، ۋەزىرلەر، ئۆزۈڭلار بىخەتەر يەرگە كىرىۋاپسىلەر. بىزنى ئادەملەر ناھەقتىن-ناھەق ئۆلتۈرىۋەتسە كارىڭلار يوقما؟ — دېدى. شىر پادىشاھ بۇ بالا توشقاننىڭ قوپال گەپلىرىگە رەنجىپمۇ كەتمىدى. باشتا توشقانلارنىڭ چوڭراقى گەپنى بىلگىنىچە سىلىقلاپ:

—ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا، بىز دەك يېتىم نەۋرىلىرىنىڭ داد-پەريادىغا قۇلاق سالغايلا، — دېدى. شىر پادىشاھ:

—ھەي نەۋرىلىرىم، نېمىشقا ئۆزۈڭلار كەلگەنسىلەر، ئاناڭلار ياكى داداڭلار كەلسە بولاتتىغۇ؟ — دېدى ئىچ ئاغرىتىپ.

—بىزنىڭ ئاتا-ئانىمىز ئۆلۈپ كەتتى، — دېدى بالا توشقانلارنىڭ كىچىكى. چوڭى:

—بىز ئىككىمىز ئاكا-سىڭىل بولىمىز، — دەپ ئىزاھلىدى. شىر پادىشاھ يەنە سورىدى:

—سىلەرنىڭ ئاكا-ئاچىلىرىڭلار، ئىنى-سىڭىللىرىڭلار باردۇ؟

—بىز ئالتە بىر تۇغقان ئىدۇق، تۆت ئۇكىمىز تېخى ئەمچەكتىن ئايرىلمىغان. ئانىمىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇكىلىرىمىز ئوت-چۆپ يېيىشكە كۆنەلمەي ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى، — دېدى بالا توشقانلارنىڭ چوڭى قىزىل كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇپ. پىل ۋەزىرنىڭ كۆڭلى پەرىشان بولۇپ كەتتى ۋە:

—ئاتا-ئاناڭلار نېمە كېسەل بىلەن ئۆلگەن؟ — دەپ سورىدى.

—كېسەل بىلەن ئەمەس، ئادەملەرنىڭ زەھەرلىشى بىلەن ئۆلدى، — دېدى بالا توشقانلارنىڭ كىچىكى. پىل ۋەزىر گەۋدىسىنى غەزەپ بىلەن سىلكىگەندىن كېيىن:

—بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بېرىڭلار، —دېدى.

ياۋا توشقانلار بىپايان قۇملۇقتىكى چاتقاللار ئارىسىدا ياشايتتى. كۆپىنچە يانتاقنىڭ يوپۇرماقلىرىنى، چېچەكلىرىنى يەپ قېرى توغراقلار تۈۋىدىكى كاتەكلەردە، قويۇق يۇلغۇنلار ئارىسىدا تۇغۇپ كۆپىيەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئادەملەر بۇ يەرلەرگە يوغان-يوغان ماشىنىلارنى ئەكەلدى، ئېگىز بىنالارنى سالدى، شۇنىڭ بىلەن توشقانلارنىڭ يۇرت-ماكانى بۇزۇلۇپ تەرەپ-تەرەپلەرگە قېچىشقا مەجبۇر بولدى. قاچقان توشقانلارنىڭ بىر قىسمى ئادەملەر ئولتۇراقلاشقان يۇرت-مەھەللىلەرگە كۆچۈپ كەلدى. بۇ توشقانلار ئادەملەرگە زىيان سالماي، تاشلاندۇق مېۋە-چېۋىلەرنى، كۆكتات قالدۇقلىرىنى يەپ جان باقتى. ئادەملەردىن بىرى «توشقانلار ئېتىزلىقتىكى سەۋزىلەرنى غاجاپ قويمىسۇن» دەپ ئارتۇقچە ئېھتىيات قىلىپ، پوستى سويۇۋېتىلگەن بىر نەچچە تال ھۆل ئۈزۈمنى چاشقان دورىسىغا مىلەپ، سەۋزىلىككە تاشلاپ قويدى. بىر جۈپ توشقان بۇ ئۈزۈملەرنى يەپ شۇ يەردىلا جان ئۈزدى. ئۆلگەن بۇ بىر جۈپ توشقان ئەرز-شىكايەت قىلغان ئىككى بالا توشقاننىڭ ئاتا-ئانىسى ئىدى.

بۇنى ئاڭلىغان پىل ۋەزىر غەزىپىنى باسالماي ئۇزۇن خارتۇمىنى بىر نەچچە قېتىم سىلكىگەندىن كېيىن پادىشاھقا:

—جانابى تەقسىر، ماڭا ئىجازەت بەرگەيلا، مەن قېرىنداشلىرىمنى باشلاپ بېرىپ ئادەملەردىن بىر نەچچىنى ئۆلتۈرۈپ توشقانلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئالاي، — دېدى. شىر پادىشاھ مايمۇن ۋەزىرگە سىزنىڭچە قانداق قىلىمىز، دېگەن مەنىدە كۆز تىكتى.

—بولمايدۇ، —دېدى مايمۇن ۋەزىر بېشىنى ئاستا چايقاپ، —بىز ئادەملەردىن ئۆچ ئالساق، ئۇلار بىزدىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ ئۆچ ئالالايدۇ. ئۇلاردا مىلتىق بار، بىزدە يوق. بىز ئۇلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇشنىلا ئويلايلىكى، ئۆچ ئېلىشنىڭ يولىغا كىرمەيلى.

—قانداق قۇتۇلىمىز؟ — دەپ سورىدى شىر پادىشاھ گەدىنىنى قاشلاپ تۇرۇپ.

—ئادەملەر يوق جايغا كېتەيلى.

—مەسىلەن نەگە؟ — قىزىقىپ سورىدى شىر پادىشاھ.

—شىمالىي قۇتۇپقا.

—بولمايدۇ، —دېدى شىر پادىشاھ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ پىل ۋەزىرگە قاراپ، — پۇقرالىرىمىزنىڭ نۇرغۇنلىرى شىمالىي قۇتۇپنىڭ سوغۇقىغا چىدىيالمايدۇ. بولۇپمۇ سىلە بېرىپ بولۇپ قايتىپ كېلەرلا پىل ۋەزىرىم.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، — دەپ سۆز قوشتى مايمۇن ۋەزىر، — ئادەملەر شىمالىي قۇتۇپقىمۇ ئاياغ باسقىلى تۇردى. شىر پادىشاھ ئىككى ۋەزىرىگە:

— قانداق قىلساق ئادەملەرنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلالايمىز؟ بۇ ھەقتە ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئويلىنايلى، — دېدى. ئىككى ۋەزىر كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئويلانغىلى تۇردى.

لەھەڭ ۋەزىر كىت پادىشاھتىن:

— جانابى ئالىيلىرى، قۇتلۇق سەپەرلىرى قاياققىكىن؟ — دەپ سورىدى ئېھتىرام بىلەن.

— تەۋەلىكىمىزنى كۆزدىن كۆچۈرمىگىنىمگە ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتتى. دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ئوردامدا تۇرۇۋېرىپ زېرىكىپمۇ قالدىم. ئادەملەرنىڭ دېڭىزغا يېقىن جايلاردا ئاسمانغا تاقاشقىدەك ئېگىز بىنالارنى سالغانلىقىنى، كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلغىدەك سەيلىگاھلارنى بىنا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. قىرغاق تەرەپلەرگە بېرىپ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى كىت پادىشاھ.

لەھەڭ ۋەزىر جىددىي تۈستە ئېيتتى:

— خەتەرلىك، بەك خەتەرلىك. ئادەملەر بۇلغانغان سۇلارنى دەريا - دېڭىزلارغا ئاققۇزۇۋەرگەنلىكتىن، بېلىق پۇقرالىرىمىز مىڭلاپ - تۈمەنلەپ ئۆلۈپ كېتىۋېتىپتۇ. بۇنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇ تەرەپلەرگە بارسىلا مۇبارەك تەنلىرىگە زەرەر يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن.

كىت پادىشاھ سورىدى:

— كۆز بىلەن كۆردۈم دېگىنىڭىزگە قارىغاندا، قىرغاق تەرەپلەرگە بېرىپسىز. بۇلغانغان سۇدىكى زەھەرلىك ماددىلار سىزگە زىيانلىق تەسىر يەتكۈزمىدىمۇ؟

— مېنىڭ بەدىنىم بېلىقنىڭكىدىن نەچچە يۈز ھەسسە چوڭ بولغانلىقتىن، زەھەرلىك ماددىلارنىڭ زىيانلىق تەسىرى دەرھال بىلىنمىدى. سەيلىگاھلارغا قاراپ بىر نەچچە ھەپتە تۇرۇپ قاپتىمەن، بارا - بارا نەپەسلىنىشىم بۇرۇنقىدەك نورمال بولمايۋاتقانلىقىنى سەزدىم - دە، دەرھال كەينىمگە ياندىم، — دېدى لەھەڭ ۋەزىر.

— نەپەسلىنىشىڭىز ھازىرمۇ تەسمۇ؟

— قىرغاق تەرەپتىن بۇياققا قاراپ يولغا چىققىنىمغا ئىككى ئايدىن ئاشتى، — دېدى لەھەڭ ۋەزىر، — قىرغاقتىن يىراقلاشقانسېرى زەھەرنىڭ تەسىرى تارقاپ نەپەسلىنىشىم نورماللىشىپ قالدى.

— بارايلى، — دېدى كىت پادىشاھ كەسكىنلىك بىلەن، — سەيلىگاھلارغا يىراقتا تۇرۇپ نەزەر سالايلى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ بەدىنىم سىزنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ بولغاندىكىن زەھەرلىك ماددىلار ماڭا زەرەر يەتكۈزەلمەس.

— جانابى ئالىيلىرى، — دېدى لەھەڭ ۋەزىر، — ئەمسە شورا بېلىقىدىن ئىككىنى ھەمراھ قىلىۋالىلى، ئۇلار سالامەتلىكلىرىنى تەكشۈرۈپ داۋالاشقا مەسئۇل بولسۇن.

شۇنداق قىلىپ كىت پادىشاھ بىر لەھەڭ، ئىككى شورانىڭ ھەمراھلىقىدا يىراق سەپەرگە ئاتلاندى. كىت پادىشاھنىڭ بىنادەك چوڭ گەۋدىسى تولىمۇ ئاستا قوزغىلاتتى. لەھەڭ ۋەزىر بىلەن شورا دوختۇرلار ئەدەپسىزلىك قىلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئەسلىدىكى سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، ئۈزۈشكە مەجبۇر ئىدى. شۇ ھالدا ئۈزۈش بىلەن ئۇلار بىر نەچچە ئايدىن كېيىن قىرغاققا يېقىن جايدا توختىدى. قىرغاق تەرەپتىن نەچچە مىڭلىغان كىچىك بېلىقلارنىڭ شوخلۇق بىلەن ئويناپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىت پادىشاھ پولتاي كۆزلىرىنى لەھەڭ ۋەزىرگە ئالايتتى:

— سىزنىڭ دېگىنىڭىز بىلەن مېنىڭ كۆرگىنىم ئوخشاش ئەمەسقۇ!؟

لەھەڭ ۋەزىر قورقۇپ تولغىنىپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— جانابلىرىغا يالغان ئېيتىشقا ھەددىم ئەمەس. بىر قانداق ئۆزگىرىش بولدىمۇ نېمە، مۇشۇ بېلىقلاردىن سوراپ باقايلا.

كىت پادىشاھ كىچىك بېلىقلاردىن:

— ئەي بالىلىرىم، بۇلغانغان سۇلار سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمىدىما؟ — دەپ سورىدى. بىر كىچىك بېلىق قۇيرۇقىنى ئويىنىتىپ ئەركىلەپ:

— شانۇ شەۋكەتلىك شاھ ئاتا، بىزگە كۆڭۈل بۆلگەنلىرىگە بارىكاللا. يېقىندىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ پادىشاھلىرى سۇ جانلىقلىرىنى ئاسراش ئۈچۈن زاۋۇتلاردىن، بىنالاردىن چىققان پاسكىنا سۇلارنى دەريا - دېڭىزغا قويۇۋېتىشنى چەكلىدى. خىلاپلىق قىلغانلارغا كۆپلەپ شىتراپ قويىدى. بىزنىڭ ياشاش مۇھىتىمىز ياخشىلانغانلىقتىن، خالىساق دەرياغا چىقىپ، خالىساق دېڭىزغا چۈشۈپ ئەركىن - ئازادە ئويىنيالايدىغان بولدۇق، — دېدى. كىت بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن قىرغاققا خېلى تىرجەم يېقىنلاپ كېلىپ بىرىدىن - بىرى جەلپكار سەيلىگاھلارنى قانغىچە كۆرۈۋالدى. بۇ يەرگە بۇرۇنراق كەلمىگىنىگە پۇشايمان قىلدى، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئەھۋال تۇيۇقسىز ئۆزگەردى، تۈركۈم - تۈركۈم كىچىك بېلىقلارنىڭ ئۈگدىسىغا لەيلەپ يۈرگىنىنى كۆرگەن كىت پادىشاھ ئۇلار ئارىسىدىكى تېخى جېنى چىقىپ بولالمىغان بىرىدىن سورىدى:

— سىلەرگە نېمە بالا - قازا كەلدى بالىلىرىم؟

نىمجان بېلىق ھالسىز ئاۋازى بىلەن شاھنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئادەملەرنىڭ ئەسكىلىرى پاسكىنا سۇلارنى دەرياغا قويۇۋېتىپ، بىزنى مۇشۇنداق پاجىئەگە گىرىپتار قىلدى. ئۆزلىرى بىزنىڭ ئاتىمىز تۇرۇپ بېپەرۋا يۈرۈۋەرسىلە بولماس، — نىمجان بېلىق بۇ گەپنى دەپ بولۇپلا جىمىپ قالدى.

ئۇ ئۆلگەندى.

شورا دوختۇر كىت پادىشاھنى بۇ يەردىن تېزراق قايتىشقا دەۋەت قىلدى. كىت پادىشاھ قايتىش سەپىرىدە قۇلۇلە، راك، قىسقۇچ پاقا... قەبىلىلىرى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سۆھبەتلىشىپ ئۆتتى. ئۇلار ئادەملەردىن كېلىۋاتقان ئاپەتلەرنى، كېيىنكى تەقدىرىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى سۆزلىگەندە، كىت پادىشاھ دۈمچىسىدىن ئاسمانغا قارىتىپ سۇ پۈركىدى. ئۇ ۋەھىمە ھېس قىلسا شۇنداق قىلاتتى. ئۇلار ئىككى ـ ئۈچ ھەپتە ئۈزگەندىن كېيىن تويۇقسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى، بۇرنىغا ئۇرۇلغان سېسىق پۇراققا چىدىيالماي كەتتى. كىت پادىشاھ تاقەتسىزلىنىپ:

— بۇ نېمە ئىش؟ دەرھال ئېنىقلاپ چىقىڭ! — دەپ لەھەڭ ۋەزىرنى بۇيرىدى. لەھەڭ تېز ئۈزۈش ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، بىر دەمدىلا سۇ ئۈستىگە چىقتى. كۆردىكى، دېڭىز ئۈستىنى كەڭ دائىرىدە ماي قاپلاپ كېتىپتۇ. بىر پاراخوت ۋەيران بولۇپ، كۆز يەتكۈسىز يەرگە ماي يېيىلىپ كېتىپتۇ. لەھەڭ بىر شۇڭغىغانچە كىت پادىشاھنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ:

— جانابىلىرىغا مەلۇم بولغايكى، سۇ ئۈستىگە يېيىلىپ كەتكەن ماي كۈن نۇرىنى توسۇۋالغاچقا، بىز قاراڭغۇدا قاپتىمىز، بىزنى سەسكەندۈرگىنىمۇ ماينىڭ پۇرىقى ئىكەن، — دېدى. كىت پادىشاھ:

— ئادەملەر بىزنىڭ ھاياتىمىزغا ھەقىقەتەن سەل قارايدىكىنا. مېنى بۇ يەردىن چاپسان ئېلىپ كېتىڭلار، — دېدى. ۋەزىر بىلەن دوختۇرلار كىت پادىشاھنىڭ ئىككى يېقىدىن ئىتتىرىپ ئۇنىڭ سۇ ئۈزۈش سۈرئىتىنى نەچچە ھەسسە تېزلەتتى. ئۇلار ھوشىدىن كېتىشتىن بۇرۇن، يورۇق، سېسىق پۇراقسىز جايغا يېتىپ بولدى. كىت پادىشاھ يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن ئىنسانلاردىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كەلدىيۇ، قانداق قىلىپ ئۆچ ئېلىشقا ئەقلى يەتمىدى. ئىلگىرى بىر نەچچە ئادەمنى يېگەنلىكىنى يادىغا ئېلىپ «توغرا قىپتىكەنمەن» دەپ خۇشال بولدى. لەھەڭ ۋەزىر:

— شاھ ئالىيلىرى، بىزگە بۇيرۇق بەرگەيلا. بىز بارلىق لەھەڭلەر دېڭىز سۈيىنى قىرغاق تەرەپكە دولقۇنلىتىپ تاشقىن پەيدا قىلايلى. بۇ تاشقىندا مىڭلىغان ئادەم ھالاك بولىدۇ. كۈچ ـ قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىپ قويمىساق ئۇلار ھوشىنى تاپالمىغىدەك، — دەپ مەسلىھەت بەرگەندى، كىت پادىشاھ:

— ئۇنداق قىلمايلى، ياخشى ـ يامانىنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدىسەك بولماس، — دېدى.

قىرغاۋۇل، قارچۇغا، قاغا، تۆمۈرتۇمشۇق، مۇشۇك ياپىلاق، تۇرنا، غاز قاتارلىق نەچچە ئون مىڭ قۇش بۈركۈت پادىشاھنىڭ قوماندانلىقىدا ناھايىتى چوڭ بىر پارچە قارا بۇلۇتنى تەكلىماكان تەرەپكە سۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. بۇنچىۋالا نۇرغۇن قۇشنىڭ قانات قېقىشىدىن ھاسىل بولغان كۈچلۈك شامال بۇلۇتنى تېز سۈرئەتتە ھەيدەيتتى.

بۈركۈت پادىشاھ قايتا ـ قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق قاناتلىقلار مەملىكىتىنىڭ بارلىق پۇقرالىرىنى X پىلانىتقا كۆچۈرۈپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئاڭلىشىچە، X پىلانىتتا سۇ، دانمۇ يوق ئىكەن. بۇ ئەجەللىك قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بۈركۈت پادىشاھ تاغ قۇشلىرى قەبىلىسى، ئورمان قۇشلىرى قەبىلىسى، سۇ قۇشلىرى قەبىلىسى باشلىقلىرى بىلەن كېڭەش قىلىپ، يەر شارىدىكى بۇلۇتلارنى X پىلانىتقا ھەيدەپ بېرىپ يامغۇر ياغدۇرۇشنى قارار قىلىشتى. بۈركۈت پادىشاھ پۇقرالىرىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئۇلارنى بىر پارچە بۇلۇتنى تەكلىماكان قۇملۇقى ئۈستىگە ھەيدەپ بېرىش مانېۋىرىغا تەشكىللىگەنىدى. ئىنسانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن جاق تويغان قاناتلىق پۇقرالارنىڭ خاتىرجەملىككە بولغان تەلپۈنۈشى چېكىگە يەتكەنلىكتىن، پۈتۈن كۈچى بىلەن پىداكارلىق كۆرسىتىپ ئۈچ كۈنگە مۆلچەرلەنگەن مۇساپىنى ئىككى كۈندىلا تۈگەتتى. بۇلۇت نىشانلانغان جايغا توختىتىلىپ، يامغۇر يېغىشقا باشلانغاندا، كەپتەر، پاختەك، جىگدىچى، تومۇچۇق، ھەم ھەرخىل قۇشقاچلار بۇغداي، قوناق، شال، ئۈزۈم، جىگدە قاتارلىق زىرائەت ۋە مېۋىلەرنى تېرىشقا تەييارلىنىپ تۇرغانىدى. بۈركۈت پادىشاھ پۇقرالىرىنىڭ غەيرىتىگە قاراپ X پىلانىتتا سۇ ھەم دان مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا بولغان ئىشەنچىسى ھەسسىلەپ ئاشتى.

بۈركۈت پادىشاھ يەر شارىدىن X پىلانىتقا بۇلۇتلارنى سۈرۈپ بارغىچە پۇقرالارنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن پىكىرلەشتى. تاغ قۇشلىرى قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى لاچىننىڭ ئېيتىشىچە، قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئىچىدە بىر خاسىيەتلىك بۇلاق بار ئىكەن. بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىدىن بىر يۇتۇم ئىچىۋالغان قاناتلىق ياكى تۆت پۇتلۇقلار سەككىز مىڭ ئىلەمنى بىر قېتىم ئايلىنىپ كەلگىچە ئۇسساپ قالمايدىكەن.

بۈركۈت پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن بوينىنى ئېگىز تىكلىدى. ئۇ تازا ئۇسسىغانىدى. بىر كۈن ئۆتتى، بىر ھەپتە ئۆتتى، بىر ئايمۇ ئۆتتى. بۈركۈت پادىشاھقا سۇنى سېغىنىشتىن بىرەر ئالامەت كۆرۈلمىدى. ئۇ پۇقرالىرىمىزنىڭ ئۇسسۇلۇق قىيىنچىلىقى ھەل بولدى، دەپ خۇشال بولۇپ ئولتۇرغانىدى، تۇرنا كېلەڭسىز قاناتلىرىنى تەسلىكتە يىغىشتۇرۇپ كېلىپ توختىدى. بۈركۈت پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

— مەن سىزگە ئۇچار گىلەمنى تېپىپ كېلىڭ دېگەنىدىم. قۇرۇق قول كەپسىزغۇ؟ — دەپ سورىدى. تۇرنا ئۇزۇن بوينىنى سوزۇپ تۇرۇپ:

— ئالىيلىرى، ئۆزلىرىگە مەلۇم بولغايكى، ئادەملەر ئايروپىلانغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇچار گىلەمنى ئاپتاپ



www.uyghurkitap.com

لىقتا تاشلىنىۋەتكەنىكەن، ئۇچار گىلەم كونا نۇرىدا چىرىپ كېتىپتۇ، ــ دېدى.

ــ ئەستاغپۇرۇللا، ــ دېدى بۈركۈت پادىشاه پەيلىرىنى پاخپايتىپ، ــ سەپىرىمىز قىيىنلىشىپتۇ. مېنىڭ سۈرئىتىمدە ئۇچساق X پىلانېتقا بىر يىلدا بارالايمىز. ئۇچار گىلەم بولغان بولسا بەش كۈن كېتەتتى ئەمەسما؟

بۈركۈت پادىشاه بىر كۈنى ھۆپۈپ موللامغا X پىلانېتقا كۆچۈش ئۈچۈن قىلغان تەييارلىقلىرى ھەم ھەل قىلالمىغان قىيىنچىلىقلىرى توغرىسىدا بىر پارچە مەكتۇپ يازدۇردى. كەپتەر ئالاقىچىغا بۇ مەكتۇپنى شىر پادىشاھنىڭ ئۆز قولىغا يەتكۈزۈشنى بۇيرىدى.

شىر پادىشاه كۆزەينىكىنى تاقاپ، كالتە بارماقلىرى ئارىسىغا قەلەمنى چىڭ قىسىپ تۆۋەندىكىلەرنى يازدى:

«جانابى بۈركۈت پادىشاه ئالىيلىرى، ئۆزلىرى ئەۋەتكەن مەكتۇپنى تاپشۇرىۋېلىپ چەكسىز خۇشاللاندىم. ئۆزلىرىنىڭ تەكلىماكانغا يامغۇر ياغدۇرۇپ، زىرائەت ۋە مېۋە-چېۋە تېرىش مانېۋىرلىرىنىڭ غەلىبىلىك بولغانلىقى تۆت پۇتلۇقلار مەملىكىتىدىكى ياش-قېرى، ئەر-كەك-چىشى بارلىق پۇقرالىرىمىزنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. كەلگۈسىدە X پىلانېتقا كۆچكەن ۋاقتىمىزدا يېمەك-ئىچمەكتىن غەم قىلمايدىغان بولۇپتۇرمىز.

ئويلاپ باقسام ئۆزلىرى بارلىققا كەلتۈرگەن نازۇ-نېمەتلەرگە بىزمۇ تەڭ شېرىك بولىدىكەنمىز. بۇ ھال مېنى چوڭقۇر خىجىللىق دەرياسىغا ئىتتىرىۋەتتى. مەن ئۆزلىرىگە شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى، مەن (مەھلىيا) ھۆسن تۈزەش ئورنىغا كىرىپ، بەدىنىمدىكى تۈكلەرنى چۈشۈرىۋېتىپ، كۆرۈمسىز چىرايىمنى سۈپەتلەيمەن. ئېسىل رەختلەردىن كىيىم كىيىپ كېلىشكەن ئادەم سىياقىدا ياسىنىمەن-دە، بىر ئامال قىلىپ سۈنئىي ھەمراھ ياسايدىغان ئالىملارنىڭ قاتارىغا كىرىۋالىمەن. تىرىشىپ ئادەملىك ئالەم كېمىسى ياساش تېخنىكىسىنى ئىگىلەيمەن. شۇنداق قىلىپ X پىلانېتقا كۆچۈش سەپىرىمىزنىڭ ۋاقتىنى نەچچە ئونمىڭ ھەسسە قىسقارتىمەن. سەپەر مۈشكۈلاتلىرىنى يوق قىلىمەن. ئۆزلىرى بارلىق پۇقرالىرى بىلەن مەن پەيدا قىلغان بۇ نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولغايلا.

يەنە بىر گەپ، مېنىڭچە X پىلانېتقا كۆچۈپ كېتىش خىيالىمىزدىن سۇدا ياشايدىغان بۇرادەرلىرىمىزنى خەۋەرلەندۈرۈشىمىز لازىمغۇ دەيمەن. قۇش ماكانلىق قۇمچاق چوكاننىڭ ئېيتىشىچە، دېڭىز پۇقرالىرىنىڭ ئەھۋالى بەك خاراپكەن. ئۇلارنىڭ بىز بىلەن X پىلانېتقا كۆچۈپ كېتىش خىيالى بار-يوقلىقىنى بىلىپ باققان بولساق. بىراق، مېنىڭ پۇقرالىرىمنىڭ ھېچقايسىسى دېڭىزنىڭ ناھايىتى يىراق يېرىگە ئوردا سالغان كىت پادىشاھنىڭ يېنىغا بېرىپ-كېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس، ئۆزلىرى پۇقرالىرىدىن بىرىنى كىت پادىشاه بىلەن سۆزلىشىپ كېلىشكە بۇيرۇغان بولسىلا. يەنە بىر ئىشنى ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلىمەنكى، بىز X پىلانېتقا بارغاندىن كېيىن زىرائەتلەر ئۈنۈپ پىشقىچە ئۈچ-تۆت ئاي ۋاقىت ئۆتىدۇ. بۇ ئارىلىقتا نېمە يەيمىز دېگەننى ئويلىنىپ ئاۋارە بولمىغايلا. بىزنىڭ تۆت پۇتلۇقلار مەملىكىتىمىزدە مەندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان، سوفماۋ دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل يېمەكلىك بار. قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن ياڭاق مېغىزى قوشۇپ ياسىلىدىغان بۇ يېمەكلىك شۇ قەدەر قۇۋۋەتلىككى، ئۇچارلىقلار بىر چوقۇمدىن، ماڭارلىقلار بىر چىشلەمدىن يېسە ئالتە ئايغىچە قورسىقى ئاچمايدۇ. مەن چاشقان، توشقان، مۇغا قاتارلىق پۇقرالىرىمنى سەپەرۋەر قىلسام، ئۆزلىرى قاغا، تومۇچۇق، ياۋا كەپتەر، ئاق قۇشقاچ قاتارلىق جەڭچىلىرىگە بۇيرۇق بەرسىلە ناھايىتى جىق ئۈزۈم ۋە ياڭاق زاپىسىغا ئىگە بولالايمىز. مۇبارەك تەنلىرىگە ساغلاملىق تىلەيمەن. ئېھتىرام بىلەن شىر پادىشاه»

ئاق قاناتلىق بېلىقچى قۇشنىڭ شەرق تەرەپكە ئۇچۇۋاتقىنىغا بىر ھەپتىدىن ئاشتى. بەزىدە قاتمۇقات ئېگىز تاغلار ئۈستىدىن، بەزىدە ئەينەكتەك سۈزۈك كۆللەرنىڭ، كۆۋەجەپ ئاققان دەريالارنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتەتتى. بىپايان يېشىل ۋادىلار، قويۇق ئورمانلىقلار، چەكسىز سايلار ئۇنىڭ كەينىدە قېلىۋەردى. بېلىقچى قۇش كۆپكۆك، پايانسىز دېڭىزنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ ھېرىپ قالسام نېمىگە قونارمەن، دەپ ئەنسىرىدى. لېكىن، قايتىپ كېتىشكە بولمايتتى، ئۇ ئۇچۇۋەردى، بىر چاغدا دېڭىزنىڭ يىراق بىر يېرىدە قارامتۇل داغدەك بىر نەرسە كۆرۈندى. بېلىقچى قۇش شۇ تەرەپكە يېقىنلاشقانسېرى قارامتۇل داغنىڭ دېڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان تاغ ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ چوڭ بىر تاشقا قونۇپ ئولتۇرۇپ تۆت تەرەپكە نەزەر تاشلىدى. ئاسمانغا تاقاشقىدەك ئېگىز، باراقسان دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدا ئاق، سېرىق، قىزىل، يېشىل، قارا رەڭلىك چوڭ-كىچىك قۇشلار شوخلۇق بىلەن ناخشا ئوقۇشاتتى. بىر-بىرىگە ئەركىلىشىپ كۆلكە چاقچاق قىلىشاتتى. بېلىقچى قۇش ئادەملەرنىڭ ئايىغى يەتمىگەن بۇ جايدىكى ئۇچارلىقلارنىڭ شۇ قەدەر بەختلىك ياشاۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ ھاردۇق ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇشنى داۋاملاشتۇردى، دەرەخزارلىق تاغلار ياكى تاقىر سايلار ئۇچرىسا توختاپ ئارام ئالدى، ئۇچرىمىسا چىداپ ئۇچۇۋەردى. ئەللىك-ئاتمىش كۈندىن كېيىن دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تاغنى كۆردى-دە، كېلىپ تاغنىڭ پەس يېرىگە قوندى. ئۇ سۇغا قارىغانىدى، بىنادەك يوغان بىر بېلىقنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقانلىقىنى كۆردى. بېلىقچى قۇش ئۇ بېلىقنىڭ چوڭلۇقىغا قاراپ كۆڭلىدە ئۇنى كىت پادىشاه دەپ جەزملەشتۈردى. بېلىقچى قۇش بىر ئازدىن كېيىن سۇ ئۈستىگە چىققان كىت پادىشاھقا:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم كىت پادىشاھ ئالىيلىرى. مەن جانابىلىرىغا بۇر كۈت پادىشاھ بىلەن شىر پادىشاھنىڭ سالامىنى ئېلىپ كەلدىم، — دېدى. ئاندىن X پلانېتقا كۆچۈپ كېتىش ئۈچۈن ئۇچارلىقلار بىلەن ماگارلىقلارنىڭ قانداق تەييارلىق قىلغانلىقىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ بايانىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن كىت پادىشاھ:

— بىزمۇ خاتىرجەم ماكانغا كۆچۈپ كېتىشنى خالايمىز. ئەمما، بىز ھېچقانداق چارە ـ ئامال ئويلىماپتىمىز، سىلەرنىڭ تەدبىرىڭلار ئىشەنچلىككەن. ئەمما، بىز سىلەرگىلا تايىنىۋېلىشتىن خىجىل بولىمىز، — دېدى. بېلىقچى قۇش:

— خىجىل بولىدىغان نېمىسى بار؟ بېشىمىزغا دەرد ـ ئەلەم كەلگەندە بىر ـ بىرىمىزگە يار ـ يۆلەك بولۇشىمىز كېرەككى، تۆھپىنى كۆز ـ كۆز قىلماسلىقىمىز لازىم، — دەپ تەسەللىي بەردى.

— سىلەر بىر ئىشنى ئويلىمىغاندەك تۇرىسىلەر، — دېدى كىت پادىشاھ بىر دەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن. بېلىقچى قۇش سەگەكلىشىپ كالتا بويىنىنى تىكلىدى.

— ئالىيلىرى، قايسى ئىشنى ئويلىماپتىمىز، كۆرسەتمە بەرگەيلا.

— سەپەر دېگەندە زەخىملىنىش، ئاغرىق ـ سىلاق سادىر بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ جەھەتتە بۇر كۈت پادىشاھ بىلەن شىر پادىشاھ غەم قىلمىغاي. بىزنىڭ شورا دوختۇرلىرىمىز ھەر قانداق جاراھەت ھەم كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتالايدۇ.

— ئىككى پادىشاھقا ۋاكالىتەن بۇ تۆھپىلىرىڭگە بارىكاللا ئېيتىمەن، — دېدى بېلىقچى قۇش، بىر دەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن سورىدى، — بىر ئىش بىزگىمۇ ئېنىق بولسۇن. سۇ جانلىقلىرى سۇدىن ئايرىلغان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا جېنى چىقىپ كېتەتتى. بۇنى قانداق ھەل قىلدىلىكىن؟

— بۇ ئىشتىن بىز خاتىرجەم، — دېدى كىت پادىشاھ، — دېڭىزنىڭ تېگىدە بىر خىل ئۆسۈملۈك بايقالدى. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقىدىن بىر تالنى بۇرنىمىزنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالساق قاچانكى سۇغا ئېرىشكۈچە ياشاۋېرىمىز، — كىت پادىشاھ بىر دەمدىن كېيىن ئەنسىرىگەن قىياپەتتە سورىدى، — لېكىن بايىقى يوپۇرماق ھاياتىمىزغا مەڭگۈلۈك كاپالەت بولالمايدۇ، X پلانېتتا دېڭىز ـ ئوكيانلار بولمىسا قانداق قىلارمىز؟

— چاشقان، مۇغا، سالما، پاتمىچۇق قاتارلىقلار يەرنى كولىسا، بىز قۇشلار بۇلۇتلارنى سۈرۈپ بېرىپ، يامغۇر ياغدۇرساق، دېڭىز ـ ئوكيانلار ھاسىل بولىدۇ ئەمەسما، — دېدى بېلىقچى قۇش، كىت پادىشاھ كۆڭلەنلىكتىن بەدىنى سىلكىنىپ كەتتى. ئۇ:

— ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم، — دېدى. ئاندىن ياخشى تىلەكلىرىنى ئىزھار قىلىپ، بېلىقچى قۇشنى ئۇزىتىپ قويدى.

بۇر كۈت پادىشاھ بېلىقچى قۇشنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ خىزمىتىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا:

— قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، — دېدى بېلىقچى قۇش، — بۇ يەردىن چىقىشنىڭ ئالدىدا سوقماقتىن بىر چوقۇم يەۋالغانىدىم، سەپىرىم تۆت ئايچە داۋاملىشىپتۇ. قورسىقىم ئاچقاندەك ئەمەس.

## خاتىمە

ئۈچ پادىشاھنىڭ ئاخىرقى قارارنى چىقىرىش يىغىنى دېڭىز قىرغىقىدىكى چوڭ قورام تاش باغرىدا ئېچىلدى، شىر پادىشاھ بىلەن بۇر كۈت پادىشاھ قورام تاشنىڭ پەس تەرىپىدە پاچاقلىرى سۇغا چىلاشقان ھالدا ئولتۇرۇپ، كىت بولسا سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ يىغىنغا قاتناشتى. ئۈچ پادىشاھ X پلانېتقا كۆچۈپ كېتىشنىڭ بارلىق تەييارلىقلىرى مۇكەممەل بولغانلىقىنى، ھازىرلا سەپەرگە ئاتلىنىش مۇمكىنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن، ئارىدا بىر دەم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بۇر كۈت پادىشاھ بۇ جىمجىتلىقنى بۇزدى:

— بىز بۇلۇتلارنى X پلانېتقا ھەيدەپ كەتسەك، يەر شارىغا ياغىدىغان قار ـ يامغۇرلار توختاپ كېتىدۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى مۇزلۇق تاغلار ئېرىپ تۈگەيدۇ. دەريا ـ دېڭىزلار قۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا بىز بىلەن مەنپەئەت تالاشمىغان، بەلكى بىزگە زۆرۈر ياشاش شارائىتى ھازىرلاپ بەرگەن دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلار نابۇت بولىدۇ. ئادەملەرگە كۆنۈپ كەتكەن توخۇ، غاز، كەپتەر، قوي، كالا، ئات قاتارلىق قېرىنداشلىرىمىزمۇ ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. ئادەملەرنىڭ بىزگە ئەسكىلىك قىلمىغان ياخشىلىرىمۇ، سەبىي بوۋاق، ئۆسمۈرلەرمۇ تىرىك قالمايدۇ. ئۇ ھالدا بىز تەڭرىنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كېتىشىمىزدىن ئەنسىرەۋاتىمەن.

— توغرا، — دەپ گەپ قىستۇردى كىت پادىشاھ كېلەڭسىز گەۋدىسىنى ئاستا قوزغاپ، — ئىنسانلارغا بېرىدىغان زەربىمىز ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان زۇلمىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتسە ئادالەتسىزلىك بولۇپ قالار.

— ئەمىسە يەنە بىر مەزگىل تاقەت قىلايلى، — دېدى شىر پادىشاھ قورسىقىنى قاشلاپ تۇرۇپ، — ئىنسانلار بىزنى بوزەك قىلىشنى توختاتسا بىزمۇ يەر شارىدىن كېتىش پىلانىمىزدىن ۋاز كېچەيلى. بولمىسا X پلانېتقا كۆچكىنىمىز كۆچكەن. ئۇ چاغدا ئىنسانلار پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە قالسا ئۆزىنىڭ شورى.

بۇر كۈت پادىشاھ بىلەن كىت پادىشاھ شىر پادىشاھنىڭ پىكرىنى چىن كۆڭلىدىن قوللىدى.

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەتيۇرتتا)

تەھرىرى: **داۋۇت ئادىل**

# ئۈچ ئايال ۋە بىر قۇر كىيىم

شۇ شېنگاۋ

ۋېن رۇفاڭ بىر ئالىي مەكتەپنىڭ يېنىدا كىيىم ـ كېچەك مەخسۇس سېتىش دۇكىنى ئاچاتتى. بۇ يەرگە كېلىپ كىيىم ئالىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، تىجارىتى ئوبدان كېتىۋاتاتتى.

بۈگۈن كەچقۇرۇن، ئاسماندىن قار ئۇچقۇنلىرى چۈشۈشكە باشلىدى، كوچىدا ئادەم شالاڭ ئىدى. ۋېن رۇفاڭ قايتماقچى بولۇپ ئەمدىلا دۇكاننى تاقاي دەپ تۇرۇشىغا، دۇكانغا بىر ئايال خېرىدار كىرىپ كەلدى. كەينىدىن قارىغاندا يىرىدىن كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇ دۇكان ئىچىنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، مامۇق كىيىملەر ئېسىلغان جازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ۋېن رۇفاڭ ئۇنىڭدىن قىزغىنلىق بىلەن ئەھۋال سورىدى، بىراق ئۇ ئايال دۇدۇقلىغىنىچە بىر نېمىلەرنى دېدى ـ دە، قولىدىكى سومكىدىن كىيىم جازىسىدىكى مامۇق چاپان بىلەن ئوپمۇئوخشاش بىر ماموق چاپاننى ئېلىپ پەس ئاۋازدا:

ــ ماڭا ياردەم قىلىپ بۇ چاپاننى سېتىۋەتسىڭىز. قاراڭ، تېخى يېڭى، ــ دېدى.

ۋېن رۇفاڭ كىيىم ـ كېچەك دۇكىنى ئېچىۋاتقىلى خېلى يىللار بولغان بولسىمۇ، كىيىمنى رەنگە قويىدىغان ئىشقا دۈچ كېلىپ باقمىغانىدى. ئۇ رەت قىلىشنى ئويلىدىيۇ، لېكىن مۇشۇ چاپاندىن بىرنىڭ ئالدىنقى كۈنى سېتىلغانلىقى، ئۇنى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ توك فامىلىلىك بىر ئايال ئوقۇتقۇچىسىنىڭ سېتىۋالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ هارام مال بولمىسۇن يەنە، بۇ ئايال ئوغرى بولسىچۇ، لېكىن تۇرقىدىن قارىغاندىمۇ ئوغرىغا ئوخشىمايدىكەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇ ئايالغا قاراپ بىر دەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنى سىناپ باقماقچى بولۇپ:

ــ نەچچە پۇلغا ساتىسىز؟ ــ دەپ سورىدى.

ئايال يېنىك بىر تىن ئالدى ۋە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

ــ سىز ئاۋۋال كۆرۈپ بېقىڭ، مەن مال تونۇمايمەن، بۇ كىيىم سىز چىقىرىپ قويغان باھادا مىڭ يۈەندىن ئاشىدىكەن. لېكىن، سىز ماڭا ئىككى يۈز يۈەن بەرسىڭىزلا بولىدۇ، ــ دېدى.

قارىغاندا بۇ ئايال پۇلغا جىددىي ئېھتىياجلىقتەك قىلاتتى. ۋېن رۇفاڭ كىيىمنى قولىغا ئالدى ۋە:

ــ بولىدۇ، سىز كىيىمنى قويۇپ كېتىڭ، كىيىم سېتىلغاندىن كېيىن پۇلىنى بېرەي، ــ دېدى. ئايال بۇنى ئاڭلاپ بىردىنلا جىددىيلىشىپ:

ــ بولمايدۇ! ماڭا جىددىي پۇل كېرەك، ــ دېدى ـ دە، ۋېن رۇفاڭنىڭ قولىدىن چاپاننى ئېلىپ، مېڭىشقا تەمشەلدى. ۋېن رۇفاڭ بۇ ئايالنى بۇنداقلا كەتكۈزۈۋەتمەي، بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىپ باقماقچى بولدى:

ــ ماقۇل ئەمىسە، مەن سىزگە نەق پۇل بېرەي. بىراق، سىز ماڭا بۇ كىيىمنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىڭىز، بۇنداق دېسەم كۆڭلىڭىزگە ئالماسسىز ھە؟ ــ دېدى.

ئايال بىر ئاز ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ:

ــ ئەسلىدە سىز مېنى ئوغرى ئوخشايدۇ، دەپ قاپتىكەنسىز ـ ھە، ماقۇل، مەن راستىنى ئېيتاي، بۇ كىيىمنى ماڭا پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى توك مۇئەللىم بەرگەن، قارىسام يېڭىكەن، كىيىشكە كۆزۈم قىيمىدى، شۇڭا بۇنى ئازراق پۇل قىلغىلى بولارمۇ دەپ سىزنىڭ دۇكىنىڭىزغا كەلگەنىدىم. ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز، كىملىكىمنى كۆرۈپ بېقىڭ، ــ دېدى ـ دە، كىملىكىنى چىقىرىپ ۋېن رۇفاڭغا تەڭلىدى.

كىملىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ۋېن رۇفاڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەندى ۋە گەپ ـ سۆز قىلمايلا ئىككى يۈز يۈەن پۇلنى ئايالغا بەردى. ئايال پۇلنى ئېلىپ ناھايىتىمۇ تەسىرلەنگەن ھالدا:

ــ رەھمەت، سىزگە كۆپ رەھمەت، ــ دېدى.

ئايال كەتكەندىن كېيىن ۋېن رۇفاڭ يەنە گۇمانلىنىپ قالدى: «ئۇ ئايالنىڭ گېپىچە، بۇ چاپاننى ئۇنىڭغا توك مۇئەللىم سوۋغا قىپتۇ، شۇنداق بولغاندىكىن، ئۇ چاپانغا يۇقىرىراق باھا قويسىمۇ بولاتتىغۇ، نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئەرزان سېتىۋېتىدۇ؟»

ۋېن رۇفاڭ ھارام مال سېتىش جىنايىتىگە چېتىلىپ قېلىشتىن قورقتى. ئۇ دەرھال سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت خاتىرىسىدىن توك مۇئەللىمنىڭ تېلېفون نومۇرىنى تېپىپ. ئۇنىڭغا تېلېفون بەردى:

ــ توك مۇئەللىم، سىز ئالدىنقى كۈنى مېنىڭ دۇكىنىمدىن سېتىۋالغان ماموق چاپاننىڭ سۈپىتى قانداقراقكەن؟

ــ ناھايىتى ياخشىكەن، بىراق، مەن ئۇ چاپاننى ھېلىلا بىرسىگە بېرىۋەتتىم، ــ دېدى توك مۇئەللىم، ئۇ تولىمۇ سۆزمەندەك قىلاتتى. ئارقىدىنلا ئۇ تېلېفوندا ۋېن رۇفاڭغا مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى: توك مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدە بىر ئۆي خىزمەتچىسى ئايال بولۇپ، يىرىدىن كەلگەنىكەن، ئۇ تولىمۇ ئاق كۆڭۈل ۋە ئىشچان بولۇپ، توك مۇئەللىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەن. بىر نەچچە كۈن ئاۋۋال ئۇ ئايالنىڭ ئائىلىسىدە جىددىي ئىش چىقىپ قالغاچقا، ئىستىپا سوراپ كەتمەكچى بوپتۇ. مېڭىشتىن ئىككى كۈن ئاۋۋال، توك مۇئەللىم ئۇ ئايالغا ئازراق سوۋغات تەييارلاپ كۆڭلىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغانىكەن، ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ ھېچقانداق سوۋغا قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇ كۈنلەردە سوغۇق ئېقىم كىرگەن بولغاچقا، ھاۋا سوغۇق ئىدى. توك مۇئەللىم ئۇ ئايالنىڭ كىيىملىرىنىڭ يۇپۇڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بىر ماموق چاپان ئېلىپ بېرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئايالنىڭ يەنە قوبۇل قىلغىلى ئۇنىماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، باشقا بىر چارە تېپىپتۇ. يەنى ئايالنى ئۇزىتىپ قويىدىغان چاغدا، توك مۇئەللىم ئۇنىڭغا ھازىر ھاۋانىڭ بەك سوغۇق ئىكەنلىكىنى، شۇڭا قېلىنراق كىيىنىۋېلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ، كىيىم ئىشكاۋىدىن ھېلىلا سېتىۋالغان ماموق چاپاننى ئېلىپ چىقىپ، بۇ چاپاننى ئۆزى ئىلگىرى كىيگەنلىكىنى، ھازىر بەدىنىگە ماس كەلمىگەچكە، خېلىدىن بېرى كىيىم ئىشكاۋىغا تاشلاپ قويغانلىقىنى، شۇڭا مۇشۇنى بولسىمۇ كىيىۋېلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ھېلىقى ئايال بۇنىڭغا ئىشىنىپ ماموق چاپاننى قوبۇل قىپتۇ.

توك مۇئەللىمنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ۋېن رۇفاڭنىڭ كۆڭلى نېمىشقىدۇر غەشلىككە تولدى. ئۇ توك مۇئەللىم بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئۆزىنى بىر ئەرزىمەس ئادەمدەك ھېس قىلدى.

شۇندىن كېيىن ۋېن رۇفاڭ ھېلىقى ماموق چاپاننى ئانچە كۆزگە چېلىقمايدىغان بىر بۇلۇڭغا ئېسىپ قويدى. ئۇ شۇ يەردە ئىككى يىل ئېسىقلىق تۇردى.

www.uyghurkitap.com

ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى دۇكانغا بىر قىز كىرىپ كەلدى. ۋېن رۇفاك ئۇ قىزنى تونۇيتتى: ئۇ ئالىي مەكتەپتىكى ئەڭ تىرىشچان ئوقۇغۇچىنىڭ بىرى بولۇپ، جۇڭگو تىلى فاكۇلتېتىدا ئىدى. ئۇ يېقىندا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مۇشۇ مەكتەپكە خىزمەتكە چۈشكەنىدى. قىز كىيىم ئالىدىغاندەك قىلاتتى، ئۇ دۇكان ئىچىنى ئايلىنىپ بىردىنلا بۇلۇڭدا ئېسىقلىق تۇرغان ھېلىقى ماموق چاپاننى كۆردى ـ دە، خۇشال ھالدا:

— مەن بۇ چاپاننى ئالاي، قانچە پۇل؟ — دەپ سورىدى.

ۋېن رۇفاك بۇ ماموق چاپاننى كۆرۈشى بىلەنلا كۆڭلى بىئاراملىققا تولدى، چاپانغا باھا قويۇشقىمۇ رايى بارمىدى.

— خالىغىنىڭىزنى بېرىڭ، — دېدى ئۇ ئارانلا.

قىز بىر ئاز ھەيرانلىق ھېس قىلدى، لېكىن چىرايىدىن يەنىلا خۇشاللىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ۋېن رۇفاكقا قاراپ:

— مەن بۇ چاپاننىڭ باھاسىنى سورۇشتۇرۇپ كۆرگەن. سەككىز يۈز يۈەن ئەتراپىدا ئىكەن، مانا بۇنى ئېلىڭ، — دېدى ـ دە، سومكىسىدىن پۇلنى ئېلىپ ۋېن رۇفاكقا ئۇزاتتى.

ۋېن رۇفاك بىر ئاز ئىككىلەنگەندەك بولدى ـ يۇ، پۇلنى ئېلىپ سانىمايلا سومكىسىغا سالدى. قىز ئۇنىڭغا:

— نېمىشقا ساناپ ئالمايسىز، مەن يۈز يۈەننى كەم بەردىم جۇمۇ، — دېدى.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى ۋېن رۇفاك ۋە چاپاننى قاتلاپ خالتىغا قاچىلاشقا تۇتۇش قىلىۋېدى، ئويلىمىغان يەردىن قىز ئۇنى توسۇپ:

— بولدى، چاپاننى ھازىرچە يەنىلا ئەسلى جايىغا ئېسىپ قويۇڭ، — دېدى.

ۋېن رۇفاك تولىمۇ غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، ئۇنىڭدىن:

— نېمە؟ يەنە ئەسلى ئورنىغا ئېسىپ قويۇڭ دەۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— توغرا، ئەسلى جايىغا ئېسىپ قويۇڭ، — دېدى قىز، — مەن بىر دەمدىن كېيىن ئاپامنى باشلاپ كېلىمەن، ئۇ ئۆزىگە كىيىم ئېلىشقىمۇ كۆزى قىيمايدۇ. بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئاپام مېنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئۈچۈن كۆپ جاپا چەكتى. ھازىر مېنىڭ خىزمىتىم بار بولدى، مەن تۇنجى قېتىملىق مائاشىمنى ئالغاندىن كېيىن، ئاپامغا ياخشىراق بىر ماموق چاپان ئېلىپ بېرەي دېسەم، ئاپام بۇنىڭغا شۇنچە كۆپ پۇل خەجلەپ نېمە قىلىمىز دەپ ئۇنىمىدى. مەن ئاپامغا ھازىر ماموق چاپاننىڭ باھاسى چۈشتى دېگەن بولساممۇ ئۇ يەنىلا ئىشەنمىدى. مەن سەل تۇرۇپ ئۇنى باشلاپ كەلگەندە، سىز ئۇنىڭغا ھازىر ماموق چاپاننىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى، يۈز يۈەنگىلا سېتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىڭ، شۇندىلا ئاپامنى بۇ ماموق چاپاننى ئېلىشقا ماقۇل كەلتۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، مەن باياتىن سىزگە يۈز يۈەننى كەم بەردىم.

ۋېن رۇفاك قىزنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، قەلبىنى بىر خىل ئىللىق تۇيغۇ ئىگىلىدى ۋە دەرھال قىزغا ماقۇللۇق بىلدۈردى.

چۈشتىن كېيىن ھېلىقى قىز بىر ئايالنى باشلاپ دۇكانغا كىرىپ كەلدى. ۋېن رۇفاك دەرھال ئۇنى تونىدى ـ دە، ھەيرانلىقتىن تۇرۇپلا قالدى. ئۇ دەل بۇندىن ئىككى يىل ئىلگىرى بايىقى ماموق چاپاننى ئۆزىگە سېتىپ بەرگەن ھېلىقى ئايال ئىدى. ۋېن رۇفاكنىڭ ئاغزى گەپكىمۇ كەلمىدى. ھېلىقى ئايال تولىمۇ خاتىرجەم ھالدا كۈلۈمسىرەپ ۋېن رۇفاكقا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ۋە سىپايە ھالدا:

— بۇنىڭدەك ئېسىل دۇكانغا تۇنجى قېتىم كىرىشىم — دېدى.

ۋېن رۇفاك مەيۈس ھالدا كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئۇنىڭ قەلبىنى ئازابلىق بىر تۇيغۇ قىينىماقتا ئىدى.

شۇنداق قىلىپ «ئويۇن» باشلاندى. قىز باياتىنقى ماموق چاپاننى ئېلىپ، ئاپىسىنى كىيىپ بېقىشقا ئۈندىۋېدى، ئاپىسى:

— بولدى، بۇ چاپان بەك قىممەت بولسا كېرەك، ئالمايلى — دېدى ۋە چاپاننى كىيىپ باققىلىمۇ ئۇنىمىدى.

بۇ چاغدا ۋېن رۇفاك بىر چەتتە تۇرۇپ:

— قىممەت ئەمەس، ئاران يۈز يۈەن، — دېدى.

لېكىن، ئايال چاپاننىڭ شۇنچە ئەرزان ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەي، چاپاننى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ كۆرۈشكە باشلىدى. تۇساتتىن، ئۇ بىر نېمىنى ئېسىگە ئالغاندەك بولۇپ:

— بۇ چاپان راستلا يۈز يۈەنمۇ، — دەپ سورىدى.

ۋېن رۇفاك ئايالنىڭ بۇ چاپاننى تونۇپ قالغانلىقىنى پەملىدى ـ دە، ئەينەن ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ:

— يەڭگە، سىزگە راستىنى ئېيتسام، بۇ ئىككى يىل ئىلگىرىكى مال. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ باھاسى ئىككى يۈز يۈەن ئىدى، نېمىشقىدۇر پەقەت سېتىلمىدى. شۇڭا، مەن ئۇنى يېرىم باھادا سېتىۋەتمەكچى بولىۋاتىمەن، — دېدى.

قىز جىددىيلەشكەندەك بولۇپ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى: «بۇنى قانداقمۇ ھەمكارلاشقانلىق دېگىلى بولسۇن، ساراڭلىقىقۇ بۇ!»

بىراق، ئويلىمىغان يەردىن ئاپىسى بىر دەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن:

— بولىدۇ، مۇشۇ چاپاننى ئالايلى، — دېدى.

ۋېن رۇفاك قىزغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. قىز تولىمۇ خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. ۋېن رۇفاك چاپاننى خالتىغا قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن، قىز سومكىسىدىن يۈز يۈەن پۇلنى ئېلىپ ۋېن رۇفاكقا بەردى. بۇ چاغدا ئاپىسى تۇيۇقسىز:

— ھازىر خەقنىڭ سودا قىلىشىمۇ ئاسان ئەمەس، ئىككى يۈز يۈەندىن كىرگۈزگەن مالنى يۈز يۈەندىن ساتسا زىيان چىقمامدۇ؟ مەن پۇلنى بەك تېجەپ ئىشلىتىمەن، بىراق، ۋىجدانىم كۆتۈرمەيدىغان ئىشنى قىلمايمەن، — دېدى ـ دە، يانچۇقىدىن يۈز يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ ۋېن رۇفاكنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى ۋە:

— ئىنىكىلىم، رەھمەت سىزگە، — دېدى.

قىز ئاپىسىنىڭ ئارتۇق پۇل تۆلىۋەتكىنىگە خاپا بولمىدى، ئەكسىچە، ئاپىسىنىڭ ماموق چاپاننى ئېلىشقا ماقۇل بولغىنىدىن تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئىككى يىل ئىلگىرىكى شۇۋىرغانلىق كېچىدە، ئاپىسىنىڭ دەل مۇشۇ ماموق چاپاننى ئىككى يۈز يۈەنگە سېتىپ، پۇلىنى ئۆزىگە ئەۋەتىپ بەرگەنلىكىنى ئۇ ئەسلا بىلمەيتتى.

ئانا ـ بالا ئىككەيلەننى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ۋېن رۇفاك دەرھال پوچتىخانىغا كېلىپ يەتتە يۈز يۈەنلىك پىرەۋوت ھۆججىتىنى تولدۇردى، پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچى دەل باياتىن ئاپىسىغا ماموق چاپان ئېلىپ بەرگەن قىز ئىدى. پۇلنى يوللىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت يازدى، قويۇق مېھرى ـ مۇھەببەتكە تولغان ھېلىقى ماموق چاپاننىڭ ھېكايىسى يېزىلغانىدى.

«ھېكايىلەر» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق 10 ـ سانىدىن **ئالىمجان ئابلىز** تەرجىمىسى.

(تەرجىمان: كىرىيە ناھىيىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)

تەھرىرى: **داۋۇت ئادىل**

# خوتەن ۋىلايىتىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى



يىغىن مەيدانىدىن بىر كۆرۈنۈش



خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى مىجىت باقى يىغىندىن خۇلاسە چىقارماقتا.



يىغىن قاتناشچىلىرى خوتەن ناھىيە لايقا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئېكسكۇرسىيە قىلماقتا.



يىغىن قاتناشچىلىرى لوپ ناھىيە بۇيا يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە.



يىغىن قاتناشچىلىرى خوتەن ناھىيە لايقا يېزىسىدىكى شاۋ-شىڭ يېڭى كەنتىدە ئەھۋال ئىگىلىمەكتە.



يىغىن قاتناشچىلىرى خوتەن ناھىيە لايقا يېزىسىنىڭ ياڭاقچىلىق بازىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.



يىغىن قاتناشچىلىرى خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئىچىملىك سۇ ئۆزگەرتىش خاتىرە سارىيىدا.



يىغىن ئەھلى سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش تەلىپى بويىچە سېلىنغان خوتەن شەھەر شورباغ يېزىلىق دوختۇرخانىسىدا.




خوتەن ناھىيىسىدە چاقىرىلغان ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى خاتىرىسى

تۇرسۇنجان مۇھەممەت فوتوسى

**新 玉 文 艺　　NEW JADE LITERATURE　　يېڭى قاشتېشى**

2007年　　第6期（文学双月刊）
编　辑：《新玉文艺》杂志编辑部
地　址：和田市北京西路2号
出版单位：和田地区文联
印　刷：乌鲁木齐晓名纸品印刷有限公司
发　行：和田地区邮政局
订　阅：全国各地邮政局
开　本：1/6，　787X1092，　6印张
国外发行：BM6670
国外发行点：中国国际图书贸易总公司
国内统一连续出版物号：CN65-1088/I
国际标准连续出版物号：ISSN 1002-929X
邮政编码：848000　　邮政代号：58－26

电　话：2023792　　定价：5.00元

2007 ـ يىل 6 ـ سان (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)
تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: خوتەن شەھەر غەربىي بېيجىڭ يولى 2 ـ قورۇ
نەشر قىلغۇچى: خوتەن ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
ئۈرۈمچى شياۋ مىڭ باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
فورماتى: 1/16، 787X1092 م م، 6 باسما تاۋاق
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: BM6670
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى: CN65-1088/I
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1002 - 929X
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 26 - 58　　پوچتا نومۇرى: 848000

تېلېفون نومۇرى: 2023792　　باھاسى: 5.00 يۈەن